ISSN: 2602–389X
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئۇنۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال



# ئىزدىنىش

2020 - يىللىق 2 - سان    ئومۇمىي 10 - سان

# ئۇيغۇر يازغۇچىلار ھاياتىدىن خاتىرىلەر



ئوڭدىن: ئابلىمىت سادىق، ئابدۇساتتار ناسىرى، ئەخەت تۇردى، زوردۇن سابىر، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تۇرسۇنمۇھەممەت ئىمىن، مەخمۇت مۇھەممەت.



ئوڭدىن :ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەخمەت ئىمىن، دىلشات تۇرسۇن، ئالىمجان ئىسمايىل.

**ئىزاھات:** سۈرەتلەرنى زۇلھايات ئۆتكۈر (شۋېتسىيە) تەمىنلىگەن.

# ژۇرنىلىمىز ھەققىدە

مەزكۇر ژۇرنال ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى كلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەرنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىش، ئۇيغۇر تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسىپ ئىگىلىرى ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ۋە ئەدەبىي تىلىنى باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇش، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر ژۇرنالنى مەزمۇن ۋە سۈپەت جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقئارادىكى سۈپەتلىك ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدىغان پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال.

مەزكۇر ژۇرنالدا پەقەت ئەدەبىي ئەسەرلەرلا ئېلان قىلىنىدىغان بولۇپ، بىۋاستە ئۇيغۇرچە يېزىلغان ياكى باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر قوبۇل قىلىنىدۇ.

## ژۇرنالغا قوبۇل قىلىنىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر:

1. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى كلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەر؛
2. ئىجادىي ئەسەرلەر؛
3. باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر؛
4. خەلق ئارىسىغا تارقالغان ئەقلىيە سۆز، ماقال-تەمسىل، چۆچەك، قوشاق، يۇمۇر قاتارلىقلار؛
5. ئۇيغۇرلار تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر، فوتو-سۈرەت، ھەجۋىي رەسىملەر؛
6. مەلۇم رايوندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا قوللىنىلىدىغان سۆزلەر (لۇغەت)؛

## ئەسەر ئەۋەتىش ھەققىدە:

1. ئەسەرلەر uyjurnal@gmail.com ئادرېسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىدۇ.
2. كلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەر ھەققىدىكى ئۇچۇرلار (ئاپتورى، ژانىرى، ئېلان قىلىنغان ژۇرنال، كىتاب، يىلنامە قاتارلىقلار) ئېنىق ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
3. مەنبە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى تىلى ھەققىدىكى ئىزاھات ۋە ئەسلى تېكىستى تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ئىجادىي ئەسەرلەرنىڭ ژانىرى ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
5. ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردە ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ (ئاپتورلار ۋە نەشرگە تەييارلىغانلار) ئىسمى يېزىلماسلىقى كېرەك.

## ئەسەرنىڭ باھالىنىشى ۋە قوبۇل قىلىنىشى:

1. ژۇرنالغا ئەۋەتىلگەن بارلىق ئەسەرلەر ژانىرىغا قاراپ ئۈچ باھالاش ھەيئىتىگە ئەۋەتىلىدۇ.
2. قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئەسەر ئاز دېگەندە ئىككى باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. ئەسەرلەرنىڭ ئادىل باھالىنىشى ئۈچۈن، ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردە ئاپتورلارنىڭ ئىسمى ياكى كىملىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار بىلدۈرۈلمەيدۇ.
3. ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن، تىل- يېزىق ئىملا قائىدىسىگە رىئايە قىلىنغان ئاساستا يېزىلىشى كېرەك.
4. مەزمۇن جەھەتتىن ژۇرنالنىڭ قوبۇل قىلىش دائىرىسى ئىچىدە بولۇش كېرەك.
5. ئەسەر قوبۇل قىلىنسا، ئەسەر ئاپتورىدىن ئىسىم، تەخەللۇس (ئەگەر ئىشلىتىدىغان بولسا) ۋە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش (ئەگەر ئاپتور تەمىنلەشنى خالىسا) تەلەپ قىلىنىدۇ.
6. ئەسەر قوبۇل قىلىنمىسا، قوبۇل قىلىنمىغانلىق ئۇچۇرى تەكلىپ ۋە پىكىرلەر بىلەن ئەۋەتىلىدۇ.
7. ئەسەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى پۈتۈنلەي باھالاش ھەيئىتىنىڭ قارارى بىلەن بولىدۇ.

## ژۇرنالنىڭ ئېلان قىلىنىش شەكلى:

ژۇرنال پەسىللىك تور ژۇرنىلى بولۇپ، ئەرەب ھەرپلىرى، لاتىن ھەرپلىرى، سلاۋيان ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ۋە (باشقا تۈرك مىللەتلىرىنىڭمۇ ژۇرنىلىمىزدىن پايدىلىنالىشى ئۈچۈن) بىرلىككە كەلگەن تۈرك ئېلىپبەسىدە بولۇپ جەمئىي تۆت نۇسخا ئېلان قىلىنىدۇ. يىلدا بىر قېتىم تۆت سان بىرلەشتۈرۈلۈپ يىللىق توپلام شەكلىدە نەشر قىلىنىپ، ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئاممىۋى كۈتۈپخانىلارغا ھەقسىز تارقىتىلىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن: «ئىزدىنىش» ژۇرنىلى تەھرىرلىك ھەيئىتى

www.uyghuredebiyati.net

# ئىزدىنىش

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

Уйғур Әдәбиятиға Беғишланған Универсал Әдәбий Журнал

Uyghur Edebiyatigha Béghishlanghan Uniwérsal Edebiy Jurnal

www.uyghuredebiyati.net

**2020 ـ يىللىق 2 ـ سان**

**ئومۇمىي 10 ـ سان**

ISSN: 2602–389X



**ژۇرنال مەسئۇلى، مۇھەررىرى**

مۇرات ئورخۇن

**تەھرىر ھەيئىتى**

ئالىمجان ئىنايەت (تۈركىيە)

ئادەم ئۆگەر (تۈركىيە)

زۇلھايات ئۆتكۈر (شۋېتسىيە)

مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە)

رىدۋان ئۆزتۈرك (تۈركىيە)

ئەكبەرجان باۋۇدۇن (قىرغىزىستان)

مەغفىرەت كامال (تۈركىيە)

راھىلە قەشقەرى (تۈركىيە)

دىل رەيھان (فرانسىيە)

مولوتجان توختاخنوۋ (قازاقىستان)

سابىرەم ئەنۋەروۋا (قازاقىستان)

دىلدۈز تىلمان (ئامېرىكا)

**خەتتات**

نۇر ئەفۋان

**بەتچىك**

ئالىمجان ئىبراھىم


## ئىجادكارلىرىمىز


شائىر مۇھەممەتجان راشىدىنىڭ ھاياتى ۋە نادىر ئەسەرلىرى ھەققىدە.... مەلىكىزات غەيرەت (ئاۋستىرالىيە) 7

شېئىرلار ...................... مۇھەممەتجان راشىدىن 10

ئۇلۇغ شائىر ھەم يازغۇچى ساۋۇتجان مەمەتقۇلوۋ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقى ... مۇختارجان جۇماروۋ (قازاقىستان) 12

شېئىرلار ...................... مۇختارجان جۇماروۋ (قازاقىستان) 20


## نەسرىي ئەسەرلەر


يەتتە قىزلىرىم ...................... ھەبىبۇللا ئابلىمىت (گېرمانىيە) 31

چېچىغا خىنە قويغان كىچىك ھەسەن ............. تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى مەمەت تۇرسۇن ئۇيغۇر (تۈركىيە) 36

بىشارەتنىڭ كۆچى-ناپالېئوننىڭ كۆپەيتىلمىسى ................ توپلاپ تەييارلىغۇچى: پەرىزات غەيرەت (ئاۋستىرالىيە) 40

سەت ئىش ...................... ئالېس كارلىوكېۋىچ (بېلارۇس) 49
رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى ئاۋۇت مەسىموۋ( قازاقىستان)

ئەما بوۋاي ...................... ئا. ئازات 51

سىردىشىش ...................... دىلفۇزا روزىېۋا (قازاقىستان) 77

ئىككى ئادەمنىڭ چۈشى ھەققىدىكى ھېكايە ...................... لۇئىس بورخېس(ئارگېنتىنا) 89
ختايچىدىن تاھىر ھامۇت تەرجىمىسى (ئامېرىكا)

تاشلاندۇق چۈش ...................... رەنا غوپۇر (ئاۋستىرالىيە ) 101


## شېئىرىيەت گۈلزارى


ئىككى شېئىر ...................... خەندان (تۈركىيە) 22

بەزىلەرنى ياخشى كۆرىمىز ...................... خېلىل جىبران (لىۋان) 24
ئەرەبچىدىن كەۋسەر تەرجىمىسى (تۈركىيە)

شېئىرلار ...................... مۇتەللىپ سەيدۇللا (نورۋېگىيە) 25

شېئىرلار ...................... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت (شۋېتسىيە) 27

شېئىرلار...................... فاتىمە ئابدۇلغەفۇر سەيياھ (ئاۋستىرالىيە) 29

شېئىرلار ...................... راھىلە كامال (شۋېتسىيە) 41

ئىككى شېئىر ...................... سەرۋى (ئامېرىكا) 43

بىزگە نە سۆز، نە بىر خەۋەر بەردىلەر ...................... يۇنۇس ئەمرە 48
تۈركچىدىن تاھىر تاشقىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (تۈركىيە)

تۆت خاتالىق ...................... رابىندىرانات تاگور (ھىندىستان) 66
ئەرەبچىدىن كەۋسەر تەرجىمىسى (تۈركىيە)

شېئىرلار ...... پاتىگۈل مەخسەتوۋا (قازاقىستان) 67
ئىككى شېئىر ...... ئىبراھىم تەنەكەجى (تۈركىيە) 68
تۈركچىدىن ئىمران سادائىي ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (تۈركىيە)
شېئىرلار ...... نۇرمۇھەممەت ھېيىت (ئامېرىكا) 69
ئازارلاما غۇنچىنى كۆڭۈل ...... بەستانى يازگام (تۈركىيە) 70
تۈركچىدىن تاھىر تاشقىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (تۈركىيە)
قولۇمنى تۇت ...... ئابدۇرەھىم كاراكوچ (تۈركىيە) 70
تۈركچىدىن تاھىر تاشقىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (تۈركىيە)
شېئىرلار ...... ئالىمجان مەتقاسىم (غەمناكى) 71
ئىككى شېئىر ...... ئىمران سادائىي (تۈركىيە) 72
قەلبىم قورۇلۇپ قاپتۇ ...... بۇلۇت 72
شېئىرلار ...... ئىلىيا بەختىيا (قازاقىستان) 83
تەييارلىغۇچى: دىلفۇزا روزىېۋا (قازاقىستان)
دۆلەت ...... ئەھەتئېلى 86
ۋەتەن ...... رەنا ئايىالا ياشار (نورۋېگىيە) 87
جەننەتتە كۆرۈشەرمىز! ...... قۇدرەت ئەزىز (تۈركىيە) 96
ئىككى شېئىر ...... كەۋسەر (تۈركىيە) 96
ئىككى شېئىر ...... ئايگۈل ئالىم (ئاۋستىرالىيە) 97
ئىككى شېئىر ...... تاھىر تاشقىن (تۈركىيە) 97
ئىككى شېئىر ...... ئابدۇخېبىر خېلىل تەۋەككۇل (تۈركىيە) 98
شېئىرلار ...... ئەزىمجان نىزامىي (قىرغىزىستان) 99
شېئىرلار ...... چولپان (ئۆزبېكىستان) 100
ئۆزبېكچىدىن مۇرات ئۇرخۇن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (تۈركىيە)
ئىككى شېئىر ...... گۈلناز سەيدۇللايېۋا (قازاقىستان) 100

## غۇنچىلار قەلىمىدىن

ئىككى شېئىر ...... روزاخۇنوۋ بەختىيار (قازاقىستان) 45
شېئىرلار ...... مامتىېۋا دىلمىرا (قازاقىستان) 46
ئىككى شېئىر ...... تۇرسۇنوۋا رۇمىلەم (قازاقىستان) 47
قىنى ...... راخمېتژان پارۋىزا (قازاقىستان) 48

## ئەۋلاد تەربىيەسى

قۇرۇماس بانكا ...... سەلىمە ئا. كامال (ئاۋستىرالىيە) 54

## ماقالە ۋە ئوبزورلار

ھېسسىيات ئىقتىدارى - ئۇتۇق كاپالىتى ...... خۇرشىدەم ئىزىموۋا (قازاقىستان) 61
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر تۈركىيەدە ...... ئابدۇۋەلى ئايۇپ (نورۋېگىيە) 63
ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم-فامىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە مەسىلىلەر ...... ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت (شۋېتسىيە) 73
ياپونىيە داڭلىق شائىرى ناكاخارا چۇيا (1907 - 1937) ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى «بۇلغانغان ھەسرەت» ھەققىدە ...... مۇقەددەس نۇر (ياپونىيە) 81

## دۇنيادا ئۇيغۇر مەدەنىيتى

تونۇلغان ئۇيغۇر رەسسامى، رۇسىيە رەسساملار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى ئازات مەمەدىنوف (1952 - 2020) ...... پاتىمە مەمەت 79

## سالامەت بولۇڭ

يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكى ۋە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار..........مەدىنە تۇرسۇن (تۈركىيە) 90
ختايدىن دۇنياغا تارقالغان ۋۇخەن تاجىسمان ئۆپكە ياللۇغى ۋىرۇسىغا ياپونىيە قانداق تاقابىل تۇردى؟.......... مۇقەددەس نۇر (ياپونىيە) 93

## تەپەككۇر كۆزنىكى

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ سىلىشتۇرمىسى .......... مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە) 113
ئەقلىيە سۆزلەر .......... مەجهۇل تەييارلىغان (گېرمانىيە) 117

## خەلق ئەدەبىياتى

ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى..........ئا. ئازات تەييارلىغان 120
سېھىرلىك ئالما..........تۈركچىدىن رەنا ئابىبالا ياشار ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (نورۋېگىيە) 121

## ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش

«سىدنېي ئۇمىد ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپى» 14 يېشىڭغا مۇبارەك بولسۇن!..........سەلىمە ئا. كامال (ئاۋستىرالىيە) 122

## كىتاب ئۇچۇرلىرى

ئاق لەيلىگۈل دۆلىتىدە .......... ئادىل قاراخانلى (تۈركىيە) 130
ئويغانغاندىن كېيىن .......... ئابدۇۋەلى ئايۇپ (نورۋېگىيە) 137
پەرزەنتلىرىمىزگە سوۋغات: «تۆتقۇلاق» باللار ژۇرنىلى..........خەندان (تۈركىيە) 139
«شەپەق» ئوقۇغۇچىلار ژۇرنىلى نەشر قىلىندى .......... «شەپەق» ژۇرنىلى ھەيئىتى 140
تاھىر ھامۇت ئىزگىلىنىڭ ياپونچە تۈنجى تەرجىمە ئەسىرى «ئىلاھى مۇراسىم» نەشر قىلىندى..........مۇقەددەس نۇر (ياپونىيە) 142

مۇقاۋىدا: ئەتىر گۈل (رۇسىيەلىك ئۇيغۇر رەسسام ئازات مەمەدىنوف سىزغان).

ئارقا مۇقاۋىدا: غۇلجا يولى ۋە جامبۇلاق مەنزىرىسى (بۇ رەسىمنى سەمەت ئابلا <نورۋېگىيە> تەمىنلىگەن).

ئاپتورلىرى يېزىلمىغان ئەسەرلەر «ئىزدىنىش» ژۇرنىلى تەھرىراتى تەرىپىدىن تەييارلانغان.



# شائىر مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ ھاياتى ۋە نادىر ئەسەرلىرى ھەققىدە

توپلاپ تەييارلىغۇچى: مەلىكىزات غەيرەت (ئاۋستىرالىيە)

ئۇيغۇر شېئىرىيەتچىلىكىدىكى تۆھپىكار شائىر مۇھەممەتجان راشىدىن 1940 - يىلى 15 - ئىيۇن غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ئونيار يۈزى يېزىسىدا بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى غۇلجىدا ئوقۇپ تاماملاپ 1955 - يىلدىن 1958 - يىلى 3 - ئايغىچە سابىق شىنجاڭ يېزا - ئىگىلىك تېخنىكومىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1959 - يىلى 5 - ئايغىچە پىچان ناھىيەسىدە قايتا تەربىيە ئالغان. 1960 - يىلدىن 1968 - يىلغىچە چاپچال ناھىيەسى ۋە غۇلجا ناھىيەلىرىدە مەمۇرىي خادىم، تېخنىك، كاتىپ ۋە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1968 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ناھەق جازالانغان. 1983 - يىلى ئاقلىنىپ غۇلجا ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. 1989 - يىلى غۇلجا ناھىيەسىنىڭ كەسپىي يازغۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلىنغانغا قەدەر شۇ مەكتەپتە تىل ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ۋە ئىلمىي مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن.

مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى 1958 - يىلى «ئىلى گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ئىلى دەرياسى» ناملىق شېئىرى بىلەن باشلانغان. ئۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىجادىيەتكە رەسمىي كىرىشكەن ۋە 1000 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ھېكايە، داستان ۋە ئوبزورلارنى ئېلان قىلغان. 1980 - يىللاردىن كېيىن ئىجادىيەتتە كۆرۈنەرلىك ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن. مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ شېئىرلىرى «كاككۇك گۈلى»، «يىللار ئىزى»، «كۆڭلەر ئالبومى»، «ئانا يەر قەسىدىسى»، «ئۆمۈر ئىلھاملىرى»، «ھايات دېگەن مانا شۇ»، «ئانا تاغلار» دېگەنناملاردا توپلام قىلىنىپ نەشر قىلىنغان.

مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن بىللە يەنە پروزا ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ 20 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، پوۋېست ۋە ئەسلىمىسىنى ئېلان قىلغان. بۇلار «تېنىگەن كۆڭۈل» دېگەن نامدا 2001 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ شېئىر ۋە غەزەللىرى ئاممىباب، خەلققە يېقىشلىق بولغاچقا نۇرغۇن شېئىرلىرى ناخشا قىلىپ ئوقۇلۇپ خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. كۆپلىگەن شېئىرلىرى تۈرلۈك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇ 1992 -يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان كىتابخانىلار رايىنى سىناش پائالىيىتىدە كىتابخانىلار ئەڭ ياقتۇرىدىغان «ئۈچ شائىر»نىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان.

ئالاھىدە ئىقتىدارلىق شائىر ۋە يازغۇچى قاسىم سىدىقنىڭ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق 6 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرىنىڭ ئىستېمال قىممىتى ۋە ئىستېمال كۆلىمى» ناملىق ئوبزورىدا، شائىرنىڭ ئىجتىمائىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ سىرىنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان:

بىرىنچى، مۇھەممەتجان راشىدىن ئومۇمىي ئىجادىيىتىدە، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كەڭ قاتلىمىنىڭ ئىستېمال سەۋىيەسىنى ۋە ئىستېمال ئادىتىنى نەزەردە تۇتقان.

ئىككىنچى، مۇھەممەتجان راشىدىن كونكرېت ئەسەرلىرىدە، ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىستېمال قىممىتىگە ئەھمىيەت بەرگەن.

ئۈچىنچى، مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرىدىكى ئىستېمال قىممىتى شېئىرلارنىڭ ئىستېمال كۆلىمىنى بەلگىلىگەن ۋە كېڭەيتكەن.

قاسىم سىدىق ئوبزورىنىڭ بېشىدىلا، مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاھاڭغا سېلىنىپ داڭلىق ناخشىچىلار تەرىپىدىن ناخشا قىلىپ ئېيتىلغانلىقى ۋە بۇ ئاۋازلارنىڭ كەڭ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىدە ھەر يەردە ياڭراپ تۇرىدىغانلىقى، شۇ سەۋەبلىك كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ شېئىرلىرى ئۈستىدە بەس مۇنازىرە ۋە مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بېرىدىغانلىقى، بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا مۇھەممەتجان راشىدىن ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە زورلاپ تېڭىلغان شائىر بولماستىن بەلكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئۆزى خالاپ تالللىۋالغان شائىر ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىشتىن باشلىغان. ئۇ يەنە مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ ئىجتىمائىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە شەرھىلەپ مۇنداق دەپ يازغان: «گەرچە ھازىر ھايات شائىرلىرىمىز ئىچىدە نۇرغۇنلىغان شېئىرلار توپلاملىرى ۋە ناخشا تېكىستلىرى نەشر قىلىنغان شائىرلار ئاز بولمىسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىش دەرىجىسى ئۇلارنىڭ قەلبلەردە ئىگىلىگەن مەنىۋى تېررىتورىيەسى مۇھەممەتجان راشىدىنغا يېتەلىگەنلىرى يوق دېيەرلىك. گەرچە بۇ شائىرلاردىكى لېكسىكىغا بايلىق ۋە ئىستىلىستىكىلىق چېۋەرلىك مۇھەممەتجان راشىدىندىن كەم تۇرمىسىمۇ شېئىر مەزمۇنى كىشىگە يەنىلا مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرىدەك كۈچلۈك ھەم يېقىشلىق تۇيغۇ بەرمەيدۇ».

ئۇ يەنە ئوبزورىدا «دەرۋەقە، بىزدە قانچە توملاپ شېئىرلارنى نەشر قىلدۇرغان بولسىمۇ كىتابلىرى سېتىلماي توپا بېسىپ ياتقان ياكى شۇنچە مول-ھوسۇللۇق بولسىمۇ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە ئانچە تونۇلۇپ كېتەلمىگەن، ئىجتىمائىي تەسىرى ناھايىتى تار دائىرىدە چەكلىنىدىغان شائىرلار ئاز ئەمەس. بۇ شائىرلار بىلەن مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ ئىجتىمائىي مۇۋەپپەقىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن پەرق بىزنى شېئىر ئۈستىدە ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئادەتتە دېيىلىپ كېلىۋاتقان «شېئىرنىڭ بازىرى ئۆلدى» دېگەنىدەك نادامەتلەر مۇھەممەتجان راشىدىن تەرىپىدىن رەت قىلىنىدۇ. بۇ يەردە پەقەت «بازىرى كاسات شائىر» لارنىڭمۇ، «بازار تاپقان شائىر»لارنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقىدىن ئىبارەت بىرلا پاكىت قېلىپ قالىدۇ. بۇ پاكىت شائىرلىرىمىزنى نوقۇل ئىجادىيەتتىنلا قوغلىشىش بىلەن بولۇپ كەتمەي، كىتابخانلارنىمۇ قوغلىشىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى، ئىككىسىنىڭ بىرسى كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ» دەپ يازغان.

يازغۇچى قاسىم سىدىق، مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرىيىتىنىڭ ئىستېمال قىممىتىنىڭ يۇقىرى بولۇش سەۋەبىنى كونكرېتنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان:

بىرىنچى، ھەممىمىزگە مەلۇمكى، مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرىنىڭ تىلى ئورتاق ئاممىباب تىلدىن ئىبارەت.

ئىككىنچى، تىلدىكى ئاممىبابلىقتىن باشقا يەنە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى ئىشلىتىش ۋە ئىپادىلەش ئۇسلۇبى جەھەتتە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ كەڭ قاتلىمىنىڭ ئىستېمال سەۋىيەسى ۋە ئىستېمال ئادىتىنى نەزەردە تۇتقان. مۇھەممەتجان راشىدىن مەجازدىن پايدىلىنىش، ئىپادىلەش ئۇسلۇبى جەھەتتە مەلۇم مەنىدە فولكلور ئەنئەنىلىرىگىمۇ ۋارىسلىق قىلغان. شېئىرلارنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا ئەڭ يېقىن. نەتىجىدە ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرى ناخشا تېكىستى قىلىش مەقسىتىدە يېزىلمىغان بولسىمۇ كىشىلەر تەرىپىدىن مۇزىكا ئىشلىنىپ ناخشا قىلىپ ئېيتىلدى. سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە «سەن يوق»، «بۇ دۇنيا»، «قانداق قىلارمەن»، «مەن سەۋدايى بولۇپ قاپتىمەن»، «قورقىمەن»، «ئۆز يارىڭ»، «ئەمما» قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

ئۈچىنچى، مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرى تېماتىكا جەھەتتە رەڭدار شېئىرىيەت شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرىيىتىنىڭ ئىستېمال كۆلىمى كەڭ بولغان.

تۆتىنچى، مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرىدا ساتىرىك ئەسەرلەر خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شائىرنىڭ ساتىرالىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ساتىرىك، يۇمۇرىستىك مىللىي خاراكتېرىگە ئۇيغۇنلاشقان.

بەشىنچى، ئىستىلىستىكىلىق بېزەك، ژانىر قاتارلىقلار پەقەت مۇئەييەن مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان ۋاستىدىن ئىبارەت. مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرىنىڭ ئىستېمال قىممىتى ۋە ئىستېمال كۆلىمىنى بەلگىلىگەن ئەڭ مۇھىم نۇقتا بۇ شېئىرلارنىڭ مەزمۇنىدا. شائىرنىڭ شېئىرىيىتى ئەڭ كەڭ مىللىي قاتلامنىڭ مۇھەببەت نەپرىتىنى، ھېسسىياتىنى، ئارزۇ-تىلەكلىرىنى، پىكىر-خاھىشلىرىنى ئەخلاقىي بۇرچ تۇيغۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ۋە بۇ قاتلامنىڭ تېماتىك تەقەززالىرىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. بۇ مەزمۇننىڭ مىسالى بولغان «سەن يوق» ناملىق سەرلەۋھىلىك غەزەلگە 6 خىل ئاھاڭ ئىشلىنىپ ناخشا قىلىپ ئېيتىلغانلىقى ھەممىگە ئايان پولاتتەك پاكىت بولالىسا «مەن سەۋدايى بولۇپ قاپتىمەن»، «ئانىلىق ئۆيلەر بېھىش»، «ئەمما» قاتارلىق شېئىرلىرىدا مىللىتىمىزنىڭ ئانىلارنى ئۇلۇغلايدىغان ئەخلاقىي ئەنئەنىسىگە سادىق بولغان. دەرۋەقە «ئانا» ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ دىققەت مەركىزىدە ئىزچىل تۇرۇپ كەلمەكتە.

خۇلاسە سۈپىتىدە شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، يۇقىرىدىكى سەۋەبلەر تۈپەيلى مۇھەممەتجان راشىدىن «خەلق شائىرى» دەپ ئاتاشقا ئەڭ مۇناسىپ شائىردۇر شۇنداقلا تىل بايلىقىنىڭ موللىقى ۋە مەزمۇن ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچە بولۇش ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ شائىرنى يەنە «ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكلەر قامۇسى» دەپ تەرىپلەشمۇ ھەرگىز ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ.

رەسىمدە، شائىر مۇھەممەتجان راشىدىن ئەدەبىي ئاخبارات ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ۋە كۈچلۈك قەلەم قۇۋۋىتى بىلەن مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى بېيىتىش ئۈچۈن توختىماي يېزىقچىلىق



بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان، ھازىر ئاۋسترالىيەنىڭ سىيدنىي شەھرىدە ياشاۋاتقان سۆيۈملۈك ھەدىمىز سەلىمە ئا. كامال ۋە «5 -فېۋرال ئارخىپلىرى» ناملىق مۇھىم كىتابى بىلەن ئاممىغا تونۇلغان كانادادا ياشاۋاتقان يازغۇچى گۈلشەن ئابدۇقادىرلار بىلەن بىللە (2001 - يىلى 6 - سېنتەبىر) غۇلجىدىكى ئۈمىد ئوتتۇرا مەكتىپى (كېيىن 2 - ئوتتۇرا دەپ ئۆزگەرتىلگەن) قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىق خاتىرە كۈنىگە ئاتاپ قۇرۇلغان كۆرگەزمىخانىسىدا داڭلىق يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ رەسىمى ئالدىدا. زوردۇن سابىر ئاكا ئۈمىد مەكتىپىدە ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن چوڭايتىلغان رەسىمى خاتىرە سۈپىتىدە كۆرگەزمە ئۆيىنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويۇلغان.

شائىرنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك شېئىرلىرىدىن تۆۋەندىكى ئىككى شېئىرنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلىشىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. شائىر بۇ شېئىرنى ۋەتەندە ئۆتكۈزۈلگەن بىر يېڭى يىل كېچىلىكىدە ئۆزى دېكلاماتسىيە قىلغان.

## ياشايلى

پۈتۈن جىسمى كۆيۈپ ئۆتەر شامدەك ياشايلى،
ئۆمۈر بويى جانىنىڭ دوستى ناندەك ياشايلى.
ياخشىلارغا پىدائىيدەك ياشاپ شەرەپتىن،
زۆرۈر بولسا بەدەل بولغان جاندەك ياشايلى.

ياشانساقمۇ روھىمىزدىن ياشلىق كەتمىگەي،
باھار يازدىن ھۆسن ئالغان تالدەك ياشايلى.
ئوخشاتمايلى ئۆزىمىزنى گۈگۈمغا ھەرگىز،
توخۇ چىللاپ يېڭى ئاتقان تاڭدەك ياشايلى.

ھىممىتىمىز ئۆزگىلەرگە ئەزىز كۆرسەتكەي،
كەپتەرلەرنىڭ ئالدىدىكى داندەك ياشايلى.
كىم ئەسلەيدۇ بۇ دۇنيادا ئەسقاتمىغاننى،
تارىخلاردا تەرىپلەنگەن خاندەك ياشايلى.

بورانلارغا بەرداشلىقلار باتۇر ئاتالدى،
سەھرالاردا دېھقان سوققان تامدەك ياشايلى.
تاغ ئىلكىدە باغلانغانچە چۆكمەي،چۇۋۇلماي،
دەريالاردا ئېقىپ كەلگەن سالدەك ياشايلى.

ھاياتلىقنىڭ رۇخسارىغا سۆگەل ئەمەس بىز،
گۈزەللەرنىڭ مەڭزىدىكى خالدەك ياشايلى.
ئەيىب ئەمەس بولالمساق ھەسەل ھەرىسى،
سانسىز لەۋلەر تامشىپ قالغان بالدەك ياشايلى.

كۈنلىرىمىز ئادەملەرگە خۇشاللىق چاچسۇن،
قازغانلارغا ئالتۇن بەرگەن كاڭدەك ياشايلى.
ۋەتەن ئۈچۈن بارىمىزنى بەردۇق دېسەكمۇ
بېرەلمىگەن بىر نەرسىمىز كەمدەك ياشايلى.

شائىرنىڭ ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنغان يەنە بىر نادىر ئەسىرى «سەن كەتكەن كۈنى» مۇ شائىرنىڭ باشقا نادىر ئەسەرلىرىگە ئوخشاشلا ئاددىي تىل بىلەن ئىپادىلەنگەن چوڭقۇر مەزمۇنلۇق شېئىر ھېسابلىنىدۇ.

## سەن كەتكەن كۈنى

كۈندۈز ئىدى گۇگۇم بولدى سەن كەتكەن كۈنى،
بوران چىقىپ شىخىم سۇندى سەن كەتكەن كۈنى.

يالغۇز ھۇجرام يىغلاپ قالدى ئۆزۈمدىن ئاۋۋال.
دېمەك پېقىر تىرىك ئۆلدى سەن كەتكەن كۈنى.

سەندىن ئۆزگە كىمنى سۆيگەي بۇ جاھىل كۆڭۈل،
يالغۇزلۇقتا يەنە كۆندى سەن كەتكەن كۈنى.

كاككۇك قونغان دەرەخلەردىن كەتتى قۇت-ئامەت،
شۇملۇق تىلەپ شۇم قۇش قوندى سەن كەتكەن كۈنى.

غەملىرىڭدىن ئۆزگە خىيال ھارامدۇر ماڭا،
يۈرەك باغرىم قانغا تولدى سەن كەتكەن كۈنى.

تاغلاردىكى قارىغايلارمۇ بولدى پەرىشان،
كۆكلەپ تۇرغان كۆچەت سۇندى سەن كەتكەن كۈنى.

تارالمىغان چاچالىرىمنى سىنىڭ تۈپەيلىڭ،
بارماقلىرىم تامام يۇلدى سەن كەتكەن كۈنى.

2005 - يىلى 6 - سېنتەبىر

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ پېشقەدەم ئۇستازنىڭ يۇقىرىقى ئىككى پارچە شېئىرىدىنلا شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شائىرنىڭ ئىلغار ئىدىيەسى، دۇنيا قارشى، ئۇيغۇرغا بولغان چەكسىز سۆيگۈسى، ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببىتىگە قىل سىغمايدۇ.

كېيىنكى كۈنلەردە، ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسى ئولتۇرۇپ سەممىي ئويلانسا، ئۇستازنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيەت گۈلزارىدا پورەكلەپ ئېچىلغان مولھوسۇللۇق داڭلىق شائىر ئىكەنلىكى، بىز ئۇيغۇرلارغا بېرىلگەن بىر

ئامەت ئىكەنلىكىنى يۇرىكىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ھېس قىلىدىغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

ۋەتەندىن ئېرىشەلەيدىغان ئۇچۇر مەنبەلىرىمىز چەكلىك بولۇۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا، يېقىندا سۆيۈملۈك شائىرنىڭ بىتاپ ھالدا كېسەل كارىۋىتىدىكى سىن كۆرۈنۈشى مۇھاجىرەتتىكى شائىرنى ياخشى كۆرىدىغان قېرىنداشلارنى قاتتىق ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. ئۇلۇغ ئاللاھتىن شائىرغا زور تەن ساقلىق ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز.

**مەنبە:** «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى، 2003 - يىللىق 6 -سان. (رەسىم ۋە ژۇرنالنى سەلىمە ئا.كامال ھەدە تەمىنلىگەن).

شائىرنىڭ «كۆڭلەر ئالبومى» ۋە «ھايات دېگەن مانا شۇ» ناملىق شېئىرلار توپلامىدىن پايدىلىنىلدى.

# شېئىرلار

مۇھەممەتجان راشىدىن

## مىراس

قان-قېرىنداش، جان-جىگەرلەرگە نىزا سالغان مىراس،
ئاتىلاردىن ئات بېشى ئالتۇن كەبى قالغان مىراس.
جەڭگە-جېدەلگە سەۋەبكار، قاش- قاپاقنى يارغان مىراس،
گاھىدا كەلكۈن بولۇپ، گاھ ئوت بولۇپ يانغان مىراس،
چاۋىسىن چىتقا تالايلارنىڭ تۆگەل يايغان مىراس.

ياخشى پەرزەنتلەر پەرىشتىدەك چىرايلىق ئۆتتى خوپ،
بىر-بىرىدىن دەرد ئەمەس، ئەكسىچە ئىنساب كۈتتى خوپ،
تەگكىنىگە بولدى رازى، ئۆز ئىچىدە پۈتتى خوپ،
ھەر بىرىگە بۇ مىراس گوياكى زەر تون تۇتتى خوپ،
ياشىسۇن دەيمىز شۇڭا، شاھلارچە قۇتلانغان مىراس.

بەزىلەر ئەمما ئاتا ياكى ئانا ئۆلمەي تۇرۇپ،
بەر مىراس! دەيدۇ،مىراس نەق قانچىلىك، بىلمەي تۇرۇپ،
ھازىدا ماجىرا قىلۇر، پاك مۇردىنى كۆممەي تۇرۇپ،
قان بولۇشقا قامچا تەييار بىر قازان بۆلمەي تۇرۇپ.
كەتتى توزۇپ قانچە چاغدىن ئەلدە ماختالغان مىراس.

چۈشسە سەكراتقا ئاتا، شۇڭلاشقا قايغۇردى ئانا،
ئالتە پەرزەنتتىن مىسالى، تۆتىنىڭ كۆڭلى قارا،
بۇ مەرەزلىكلەر ئۈچۈن قۇتلۇق مىراس بولدى بالا،
شۇ سەۋەبتىن گاھ ئوقۇلدى سۈرە ياسىنمۇ چالا،
بىرىگە راست، بىرلىرىگە بولدى دەل يالغان مىراس.

بولدى ئۆگەي ئۆز قېرىنداش شۇ مىراس غوۋغاسىدا،
مەن بولاي! دەيدۇ جىسمى سوت ئارا داۋاسىدا،
ئەقلىدىن ئازدى تالايلار شۇ مىراس سەۋداسىدا،
كونا غۇملار چىقتى بىردىن شۇ مىراس باناسىدا،
ئالتە بىشەم ئالدىدا ئايرويى بۇلغانغان مىراس.

قىز قېرىنداشلار يۈرەر كاپىشىپ- ۋالاقلاپ كەچكىچە،
تالىشىپ ،نوغۇچ، سۇپرا ، ھەتتا سۇنۇق ئەپكەشكىچە،
ئۆلسەمەن دەيدۇ بىرى دەۋادا مەن باش ئەگكىچە!...
تۆت بۇلۇڭنى ئاختۇرۇپ يىغدى كۆسەي، تەشتەككىچە،
مەنزىلىن بىلمەي بارارغا باشلىرى قايغان مىراس.

بۇ مىراستىن كەتتى ئوت ئەخمەق ئوغۇللار پەيلىگە،
ئەر تۇرۇپ كىردى تۆگەل "ۋىت-ۋىت" خوتۇنلار كەينىگە،
ئوينىدى شەيتان ئۇسسۇل قويماي ئەقلىنىڭ مەيلىگە،
ئايرىلىپ كەتتى قېرىنداشلار تامام يات - غەيرىتىگە ،
ۋاي ئىسىت، ۋارىسلىرى دۈشمەنگە ئايلانغان مىراس.

بولدىڭىزمۇ سىزمۇ، دوستۇم، شۇ كېسەلگە مۇپتىلا؟
مەنچە بولسا بۇ مىراستىن قان-قېرىنداشلىق ئەلا،
شۇڭا سىزمۇ ھەم تالاشماڭ، خەققىمۇ قىلماڭ سالا،
دەيدۇ سىزنى ئەلمۇ شۇندا: مانا بۇ ئالتۇن بالا،
قالىدۇ سىزدىنمۇ ھەم ئالتۇندا چايقالغان مىراس.

## كارى يوق

ئالدىراپ دەردىڭنى ئېيتما، كۆڭلى گوشنىڭ كارى يوق،
ئەلمىساقتىن ھەق بىلەن ۋىجدانىنى سۇسنىڭ كارى يوق.

ياتقا ياتلار يىغلىغايمۇ ئۆز قۇياشى بولمىسا،
يەردە مىڭ گۈل سۇنسىمۇ ئاسماندا قۇشنىڭ كارى يوق.

ئۆلدى كىم؟ مۇشتلاشتى كىم؟ئەسلا ئىشىك ياپماس قاۋا،
پۇلغا ساتسا بولدى مەينى، مەيپۇرۇشنىڭ كارى يوق.

كەلسىمۇ لۆمشۈپ قىيان يۇرتنى قىيامەت قىلغىلى،
كۈنبويى پاتقاق يېگەچ ، ئۆردەك گومۇشنىڭ كارى يوق.

يول تاپالماي قانچە توشقان ئۆلدى ھەسرەت ئىلكىدە،
قويىنىدا يىغلايدۇ كىم؟ پۈتكۈل قومۇشنىڭ كارى يوق.

نېمە كۈندە قالدى بۇغداي پىشقىچە بىنەمدىكى،
ۋارقىرار «سۇ» دەپ يەنە ئەمما گۈرۈچنىڭ كارى يوق.

ئۆتتىغۇ شۇنداق زامانلار ھەر كىشى ئۆز غېمىدە،
يا قېرىنداش،يا توغقان يا تونۇشنىڭ كارى يوق.

## كاككۇك گۈلى

ئىلىنىڭ بەل دۆڭلىرى سىنىڭ جايىڭ،
ھەر باھاردا ئېچىلىسەن كاككۇك گۈلى.
ئويغىتار ھەر سۈبھىدە يىراقلاردىن،
تاڭ ئەمەس بەلكى سىنى كاككۇك ئۈنى.

نۇر تۆكسە گۈللىرىڭگە سېخى قۇياش،
ھۆسنۈڭدە ئەكس ئېتەر ھەسەن -ھۈسەن.
بىر مۇڭغا چۆكۈپ قالدىم بۈگۈن ئەجەب،
سۆرگۈندىن قايتىپ مانا ئامان - ئېسەن.

كېلىمەن تونۇش ماڭا كاككۇك گۈلى،
ئوغلىمەن شۇ مەھەللىنىڭ شۇ باغلارنىڭ.
ئەڭ ئاۋۋال سەن تۇردىسەن شۇندا گۈلۈم،
گۇۋاھى بولۇپ ماڭا شۇ چاغلارنىڭ.

قىممەتكەن ھايات ئۈچۈن شۇنداق سۆيگۈ،
قىممەتكەن سەندىن ئالغان دالالەتم.
ۋەتەندىن، سەندىن بولدى مەندە بۈگۈن،
ھىجرانمۇ يېڭىپ تاپقان ھالاۋەتمۇ.

## ئۆلۈم يوق ئىنسانىنىڭ ئارزۇلىرىدا

ئالەمنىڭ ئالدىراپ ئەل بولمىقى تەس،
گۈللەرگە سۇ تولسا كۆلچەكلەرگە غەم.
مارت ئېيى باھاردۇر، گۈلىستان ئەمەس،
سەۋەبسىز ئەمەستۇر كىرپىكلەردە نەم.

يۇلغۇننى قايتىدىن كۆكەردى دەيسەن،
ئۇنىڭمۇ ئۈششۈكتە ئۆلگەنلىرى بار.
ئاز ئەمەس قۇشلاردىن قالغانلار قىشلاپ،
ئۇنىڭمۇ ئايازغا كۆنگەنلىرى بار.

بولامدۇ مارجانىنىڭ مۇنچاقلىرىدەك،
يىللاردا بىر تەكشى ئايلار ۋە كۈنلەر،
ئېگىز -پەس بەش بارماق بارچىغا مىسال،
گاھ مىسكىن گاھ خۇشال شۇڭا كۆڭۈللەر.

يوق مىنىڭ ھاياتنى بوياپ كۆرسەتكۈم،
يۈرسەممۇ راست گەپتىن رىيازەت چېكىپ.
نە ئېتەي كىتەردە ئانام رەھمەتلىك،
چىن سۆزلەپ ياشاشنى قويۇپتۇ جېكىپ.

رەڭگارەڭ ئادەملەر، رەڭگارەڭ دۇنيا،
قىسمەتسىز ھېچكىمنى كۆرمۈدۈم تېخى.
تىلەكلەر قانچە ئۈز گۈزەل بولسىمۇ،
قىلغىلى بولمايدۇ كۈنلەرنى سېخى.

باراڭلار ئاستىدا قىزىزىيدۇ پاراڭ،
ناخشىلار يېقىملىق ئۈلپەتلەر سەرخىل.
قەلبىڭگە قول سالساڭ شۇلارنىڭ ئەمما،
كەچمىشى مىڭ تۈرلۈك، ئويلىرى ھەرخىل.

ئۆلۈم يوق ئىنسانىنىڭ ئارزۇلىرىدا،
ياشايدۇ مىدىرلاپ دەردى بارلارمۇ.
تەكشىسىز دۇنيا بۇ، تەقدىر ئېگىز -پەس،
سۈكۈتكە ئۆگەنگەن دەردى بارلارمۇ.

قايسى بىر چىغ تۈۋى توشقانىنىڭ،
يارالغان ئەكسىچە خورازغا قونداق.
ھېچكىمدىن كۆرگۈم يوق ۋەجىنى ئۇنىڭ،
ئېھتىمال ھاياتنىڭ نىزامى شۇنداق.

## «ھە»، دەپ قوي

ماختانچاقلار ماختىنغاندا، «ھە» دەپ قوي،
كۆك ئۆرۈكتىن قاق سالغاندا «ھە»، دەپ قوي.
ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى ياراتماي،
ئاي بولغىلى تاس قالغاندا «ھە»، دەپ قوي.

يالغان ئېيتسا، سۈرۈشتۈرمە «راستمۇ؟» دەپ،
گەپتىن قالسا ھەيران بولما «گاسمۇ؟» دەپ.
ئېغىز - بۇرنىنى پۇراپ يۈرمە «مەستمۇ؟» دەپ،
يالغان سۆزگە ئات سالغاندا، «ھە»، دەپ قوي.

بىرلىرى بار: «ئەڭ بەيگىسى مەن!» دەيدۇ،
«بۇ ئالەمدە مەندەك ئاقىل كەم»، دەيدۇ.
«ئادەم بولساڭ مېنىڭدەك بول سەن»، دەيدۇ،
ئۇنىڭغىمۇ ئاندا- ساندا «ھە»، دەپ قوي.

## قىزىل گۈل پۇرايدۇ يازغان خەتلىرىڭ


قىزىل گۈل پۇرايدۇ يازغان خەتلىرىڭ،
ئامىرىقىم خېتىڭنى باغدا يازغانمۇ.
تاڭ سەھەر بۇلبۇلدەك تەلمۈرۈپ ياكى،
قىزىل گۈل ئېچىلغان چاغدا يازغانمۇ .

قىزىل گۈل پۇرايدۇ يازغان خەتلىرىڭ،
قولۇڭدا قىزىل گۈل بارمىدۇ ياكى.
كەلمەستىن شۇنداق خەت يېزىپ تۇرساڭمۇ،
كۈتىمەن مەن سىنى ئۆلگىچە تاكى.

قىزىل گۈل پۇرايدۇ يازغان خەتلىرىڭ،
ئايلىنىپ كەتتىڭمۇ سەن قىزىل گۈلگە.
يېزىپ تۇر مۇھەببەت دۇنياسى ئۈچۈن،
خېتىڭسىز بۇ ئالەم ئايلىنار چۆلگە.





# ئۇلۇغ شائىر ھەم يازغۇچى ساۋۇتجان مەمەتقۇلوۋ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقى

*ئىجاتتا قەلبنى ياش قىلىپ تۆكۈپ، ھاياتتا قەددىنى تىك تۇتۇپ ئۆتتى*

مۇختارجان جۇماروۋ (قازاقىستان)

ئاۋۇ بىر يىلى، رەھمەتلىك رابىك ئاكا ئىسمايىلوۋ جامائەتچىلىككە كەڭ تونۇلغان چاقچاقچى سابىر ئاكا غاپپاروۋ ھەققىدە يېزىلغان كىتابىنىڭ تونۇشتۇرۇش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزگەندە، تونۇلغان شائىر ئاكىمىز ئابدۇغوپۇر قۇتلۇقوۋ: «رابىك ئەپەندىم، كىتابىڭىز بۆگۈن قولۇمغا تەگكەچكە، مەن تېخى ئوقۇپ ئۈلگۈرەلمىدىم. شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا باھا بېرەلمەيمەن. بىراق، ئېنىق ئېيتالايمەنكى، ئەگەر بۇ كىتابىڭىز ياخشى يېزىلغان بولسا، ئۇ سىزنىڭ سابىرغا مەڭگۈلۈك ھايات ھەدىيە قىلغانلىقىڭىز، ئەكسىچە بولسا، ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتىنى يەرگە ئۇرغانلىقىڭىز...» دەپ تەسىرلىك سۆزلىگەن ئىدى. بۇ، ھەقىقەتەنمۇ، قەلەم بىلەن قەغەزگە پۈتۈلگەن خەت - سۆزنىڭ قۇدرىتىنى چۈشەنگەن ئادەمنىڭ گېپى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرەر شەخس ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىشتىن ئاۋۋال، شۇ شەخسنىڭ كىملىكىنى ئەينەن ئېچىپ بېرىشكە ئىقتىدارىمىزنىڭ يېتىپ - يەتمەيدىغانلىقى توغرىلىق ئويلانغىنىمىز ئەۋزەل. ئەگەر يازماقچى بولغان قەھرىمانىمىز كۆپىنىڭ بىرى ئەمەس، كۆپچىلىكنىڭ پىرى بولسا، بۇ جاۋابكارلىقنىڭ سالمىغى تېخىمۇ ئېغىر. شۇ سەۋەبتىن خېلىدىن بۇيان كۆڭلۈمدە مەزكۇر ماقالىنى يازاي دېگەن نىيەت بولسىمۇ، مەندە ئۇنى باشلىغىدەك جۈرئەت، جۈرئەت قىلغۇدەك پۇرسەت بولمىغان ئىدى. ئاخىرى، ئۇلۇغ ئەدىبنىڭ تۇغۇلغىنىنىڭ 80 يىللىقى – مېنىڭ ئۈچۈن پۇرسەت بولدى – دە، ئۇنى قولدىن چىقىرىپ قويماسلىق ئويى جۈرئەتمۇ ئاتا قىلدى...

ئەسلىدە، مېنىڭ ئاتاقلىق شائىر ھەم يازغۇچى ساۋۇتجان مەمەتقۇلوۋنىڭ (نادىرىي) گېپىنى قىلىپ يۈرگىنىمگە ئوتتۇز نەچچە يىل بولۇپتۇ. بۇنى ئەتراپىمدىكى يېقىنلىرىم، دوست - بۇرادەرلىرىم ياخشى بىلىدۇ. بىراق شائىر ئىككىمىزنىڭ يۈزمۇيۈز كۆرۈشۈپ، تونۇشۇش سۆپىتىدە ئارىلاشقان جەريانىمىز بار - يوقى ئون يىلدىن سەللا ئوشۇق ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئارىلىشىش جەريانىمۇ دەسلەپتە ئېغىز تولدۇرۇپ ئېيتقۇدەك دەرىجىدە قويۇق بولغىنى يوق. پەقەت ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى ئىككى - ئۈچ يىلىدىلا بىز خېلىلا يېقىنلىشىپ، سىردىشىپ يۈرگەن ئىدۇق. ئەمما، شۇ ئىككى - ئۈچ يىلنىڭ ئۆزىمۇ، مېنىڭ شائىرنى

* «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىدە 2020 - يىلى،7 - ماي كۈنى ئېلان قىلىنغان.

يېقىندىن تونۇپ - بىلىشىم ئۈچۈن يېتەرلىك بولىدى دەپ ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمەن. چۈنكى مەن ئىلگىرى ئۇنى كۆرمىگەن بولساممۇ، شېئىرىيىتىنىڭ مەستانىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن قەلەم ساھىبى ھەققىدە مەلۇم دەرىجىدە تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولۇپ ئۈلگۈرگەن ئىدىم. ئەمدى نۆۋەتتە ئەنە شۇ تەسەۋۋۇرلىرىمنىڭ توغرا ياكى ناتوغرا ئىكەنلىكىگە ئەمەلىيەتتە كۆز يەتكۈزۈشلا قالغان ئىدى، خالاس.

بۇ گېپىمگە بەزىلەر ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن. لېكىن بۇ ھەقىقەت. مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن پەيتلىرىمدە بەدىئىي ئەدەبىياتقا، بولۇپمۇ شېئىرىيەتكە نىسبەتەن قىزىقىشىم ئۈستۈن بولىدى. شۇ ئىشتىياق تۈپەيلى جۇمھۇرىيەتلىك «كوممۇنىزم تۇغى» (ھازىرقى «ئۇيغۇر ئاۋازى») بىلەن ناھىيەلىك «ئىلى ۋادىسى» گېزىتلىرىدە چىققان شېئىرلارنى ئۈزمەي دېگۈدەك ئوقۇپ تۇراتتىم. بىراق، ھېلىغىچە سەۋەبىنى ئېنىق بىلمەيمەن، بەلكى كىچىكلىكتۇر، ئەيتاۋۇر، شېئىرلارنىڭ مۇئەللىپلىرىگە ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيتتىم. مېنىڭ ئۈچۈن شېئىرنىڭ مۇئەللىپى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ يېزىلىشى، مەزمۇنى مۇھىمراق ئىدى. كۆڭلۈمگە ياققان بەزىبىر شېئىرلارنى قايتا - قايتا ئوقۇپ، ئايرىم مىسرالىرىنى يادقا ئېلىۋالىدىغان ئادىتىممۇ بولىدىغان. شۇنداق ئايرىم مىسرالىرى ئېسىمدە قالغان شېئىرلارنىڭ بىرى «سۈپۈرگە» بولۇپ، مۇئەللىپ ئۇنى بىر توپ شائىرلارنى، مۇستاپا ئىسىملىك قوشاقچى ئۆيىگە مېھمانغا تەكلىپ قىلىپ، قايتقىنىدا ھەرقايسىسىغا بىردىن سۈپۈرگە سوغا قىلغاندىن كېيىن يازغان ئىكەن. ئۇنىڭدا:

كۈتكەن قېرىندىشىم بىر چەتتە قېلىپ،
كۈتمىگەن رەقىبكە قانچە باردىم ھەم...

دېگەن مىسرالار ئۇچرايدۇ.

بەندىلەرنىڭ بەزىدە ياخشى بىلەن ياماننى ئىلغا قىلالماسلىقى ، شۇ تۈپەيلى بەزىدە مېھىر-مۇھەببىتىگە موھتاج يېقىنلىرىنى ئۇنتۇپ، سىي - ئىلتىپات كۆرسىتىشكە مۇناسىپ ئەمەس كىملەرگىدۇر كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىدىغانلىقى ئاجايىپ ماھىرانە ئىپادىلەنگەن بۇ مىسرالار مېنى باشقىچە تەۋرەندۈرگەن ئىدى، شۇ چاغدا.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ، ئۇيغۇر ناھىيەسى بويىچە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ھەۋەسكار ئىجادكارلارنىڭ مۇشائىرەسى ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئۇنىڭغا مەنمۇ ئىشتىراك قىلدىم. شۇ چاغدا ماڭا مۇشائىرە ئۇيۇشتۇرغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان قۇانىشبېك قوجېئەخمېتوۋ ساۋۇتجان مەمەتقۇلوۋنىڭ يېڭى نەشر قىلىنغان «ياخشىلىق» ناملىق كىتابىنى سوۋغا قىلدى. ئوقۇسام، ئۇنىڭدا ئىلگىرى مەن گېزىتتىن ئوقۇپ، ياقتۇرۇپ قالغان شېئىرلاردىن بىرقانچىسى بار ئىكەن. يۇقىرىدا ئاتاپ ئۆتكەن «سۈپۈرگە» مۇ شۇ جۈملىدىن. ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتىم. شۇنداق قىلىپ، ساۋۇتجان مەمەتقۇلوۋ مېنىڭ ئۈچۈن شېئىرىيەتنىڭ پىرىغا ئايلاندى. «ياخشىلىق» ناملىق توپلامغا جەملەنگەن شېئىرلار كۆڭلۈمگە شۇنچىلىك ياققاندىكى، مەن بىر ئاي مابەينىدە كىتابنى قولۇمدىن چۈشۈرمەي، قايتا - قايتا ئوقۇپ، ئۇنىڭدا ئورۇن ئالغان شېئىرلارنى تولۇق يادلىۋالدىم. ھەتتا، شۇ چاغلاردا كۆپرەك مېنىڭ قېشىمدا بولغان ھەدەممۇ، كۈندە دېگۈدەك ئاڭلاپ يۈرگەنلىكتىن، ئەتىگەن - ئاخشىمى بەزىبىر شېئىرلارنى ئۈنلۈك ئوقۇپ بېرىشىمنى ئىلتىماس قىلىدىغان دەرىجىگە يەتتى. كۆپىنچە سورايدىغىنى «ئاخىرقى پەدە»، «خاپىلىق»، «پىيالە»، «پۇشايمان»، «مۇقەددەس يالغان»، «سېرىق يوپۇرماق ۋە زەپىران تەبەسسۇم» دېگەن شېئىرلار. بۇلار مېنىڭمۇ سۆيۈملۈك شېئىرلىرىم بولغاچقا، قېرىندىشىمنىڭ ئىلتىماسىنى ھېچقاچان رەت قىلمايتتىم. كېيىن، ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپ، ھەدەم ئائىلىلىك بولۇپ، پەرزەنت قۇچقاندا، ماڭا تېلېفون قىلىپتۇ:

– ئۇكام، ئوغلىمىزغا ھېلىقى سۆيۈملۈك شائىرىڭنىڭ ئىسمىنى قويساق دەۋاتىمىز. ئۇ قېيىنئاتامنىڭ ئىسمىغىمۇ يېقىن ئىكەن. شۇڭلاشقا ھېچكىم قارشى ئەمەس، – دېدى. بەك خۇشال بولدۇم... بۇ كۈنلەردە نەۋقىران يىگىتلىك قىيامىغا يېتىپ، جەمئىيىتىمىزدە بىر كىشىلىك ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇپ يۈرگەن ساۋۇتجان ئىسىملىك جىيەنىمنى كۆرسەملا، ھەدەمنىڭ شۇ گەپلىرى يادىمغا چۈشىدۇ.

مېنىڭ ساۋۇتجان مەمەتقۇلوۋنىڭ ئىجادىيىتىگە بولغان سۆيگۈ - مۇھەببىتىم ئەنە شۇنداق باشلانغان. ۋاقىت ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىشق ئوتۇم تېخىمۇ ئۇلغايدى. ئۇنىڭ سەۋەبچىسى پەقەتلا ۋاقىت ئەمەس، يەنىلا شۇ ئىجادكارنىڭ ئەسەرلىرى. چۈنكى «ياخشىلىق» تىن باشلانغان ياخشى ئادەت تۈپەيلى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىزدەپ يۈرۈپ ئوقۇدۇم. ئوقۇغانسېرى مۇئەللىپنى يېڭى قىرلىرىدىن تونۇدۇم. قانائەتىمچە، ئۇ پەقەت ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان شائىرلا ئەمەس، ھەتتا ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان يازغۇچى ئىدى. بۇنىڭغا ئەدەبىياتتىن خەۋىرى يوقلار ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ. ئۇلار ئۈچۈن شائىرمۇ، يازغۇچىمۇ، ھەتتا ژۇرنالىستمۇ – ھەممىسى ئوخشاشلا ئىجادكار. ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق چوڭ. ئاتەش يۈرەكلىك ئەڭ كۈچلۈك شائىرنىڭ يازغۇچى بولالمىغاندەك، قەلىمى ئەڭ ئۆتكۈر يازغۇچىنىڭمۇ شائىر بولالىشى ناتايىن. بۇنى ھاياتنىڭ ئۆزى ئىسپاتلىغان. ئەگەر يىراققا بارماي، سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى سالغان ئۆمەر مۇھەممەدىي، ھېزىم ئىسكەندەروۋ، نۇر ئىسرائىلوۋلاردىن باشلىنىدىغان يازغۇچى - شائىرلىرىمىزنىڭ ئىجادىيىتىگە نەزەر ئاغدۇرىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەر ئىككىلا ژانىردا قەلەم تەۋرەتكەنلەر بولسىمۇ، لېكىن ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا كۆپچىلىكنىڭ پەقەت بىر ساھە بويىچىلا قابىلىيىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى بايقايمىز. ھەم نەزمىدە، ھەم نەسىردە بىردەك ئۇتۇقلۇق ئىجاد قىلغانلار يوق دېيەرلىك. مەنچە، ئۇنداقلار ئىككى بولۇشى مۇمكىن، ئۈچ بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭدىن ئوشۇق ئەمەس. ئېنىق بىلىدىغىنىم، شۇ تىزىمنىڭ بېشىدا ساۋۇتجان مەمەتقۇلوۋ تۇرىدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان ئادەملەرلا ياخشى چۈشىنىدۇ. ئوقۇغان دەپ، بۇ يەردە مەن

ئىجادكار ئەسەرلىرىنىڭ ھەربىر سۆزىگە، ھەربىر جۈملىسىگە زېھىن قويۇپ، مەزمۇن - ماھىيىتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ ئوقۇغان شەخسلەرنى نەزەردە تۇتتۇۋاتىمەن. چۈنكى، سۆزلەر ئۈنچە - مارجاندەك تىزىلغان مىسرالارغا قۇرۇق كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئىپتىماقچى بولغان ئوي - پىكرىنى بىردىن چۈشىنىش تەس. بۇ توغرىلىق ساۋۇتجان مەمەتقۇلوۋنىڭ 65 ياشلىق تەۋەللۇتىدا مەرھۇم شائىر ئاكىمىز ئابلىز ھېزىموۋ كۆپچىلىك ئالدىدا ئىنتايىن جانلىق بايان قىلغان ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ: «...بەزىلەر ساۋۇتجاننىڭ شېئىرلىرىنى چۈشىنەلمىگۈدەكمىش. ئېھتىمال، شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى، ھەقىقەتەنمۇ، مۇرەككەپ. شۇڭلاشقا ئۇلارنى بىر ئوقۇپلا چۈشىنىش ئىنتايىن قىيىن. ئۇلارنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ساۋاتلىق ئوقۇرمەن بولۇش كېرەك، شېئىرلىرىنى بىر ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم قايتىلاپ ئوقۇش كېرەك. مانا شۇ چاغدىلا ئۇلار شائىرنىڭ قەلب ئىزھارىنى چۈشىنەلەيدۇ. چۈنكى ساۋۇتجان مەمەتقۇلوۋ مىللىي شېئىرىيىتىمىزدە پەقەت ئۆزىگىلا خاس تىلدا ئىجاد قىلىپ كېلىۋاتقان بىزنىڭ خاس شائىرىمىز!» دېگەن ئىدى.

يوشۇرۇپ نېمە قىلايلى، ساۋۇتجان مەمەتقۇلوۋنىڭ شېئىرلىرىنى چۈشەنمەيدىغانلارنىڭ ئارىمىزدا بارلىقى ھەقىقەت. مەن بۇنىڭغا، ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاپ، قازاقىستان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخباراتچىلىق فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەندە شاھىت بولدۇم. گەرچە، مەزكۇر فاكۇلتېتنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىگە، ئاساسەن، جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ جاي - جايلىرىدىن كەلگەن ئىجادىيەتكە ھەۋەس باغلىغان ياشلار يىغىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ساۋۇتجان مەمەتقۇلوۋنىڭ ئەسەرلىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغانلار يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. ئەجەبلىنەرلىكى، ئۇلار مەكتەپ دەرسلىكلىرىگە كىرگەن ئۆزىمىزنىڭ شائىر-يازغۇچىلىرىدىن باشقا ئالېكساندىر پۇشكىن(1799 - 1837)، سېرگېي يېسېنىن (1895-1925)، نىكولاي نېكراسوۋ (1821-1878)، ئاباي قۇنانباي (1845-1904)، ماقاغالى ماقاتايېۋ (1931-1976) لارنىڭ ئىجادىيىتىدىن خەۋەردار ئىدى - يۇ، ئەمما مەمەتقۇلوۋقا كەلگەندە «زۇۋانى تۇتۇلۇپ» قالاتتى. شۇڭلاشقا، ئارىلاپ - ئارىلاپ ئەدەبىيات ئۇستىدە بولۇپ قالىدىغان بەس - مۇنازىرىلەردە ئۆزگىلەرگە سۆز بەرمەي، قولۇمدىن كېلىشىچە ساۋۇتجان ئاكىنىڭ ئۇلۇغ شائىر ھەم يازغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشاتتىم. ئۇنداق چاغلاردا ماڭا يەنىلا شۇ مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا يادقا ئېلىۋالغان سۆيۈملۈك شائىرىمىزنىڭ سۆيۈملۈك شېئىرلىرى «مىسران قىلىچ» بولاتتى.

قاراڭلار، دەيتتىم مەن ئۇلارغا:
ئادەملەر!
دائىم توققۇزىمىز بولمىغاچقا تەل،
ئون گېپىمىزنىڭ توققۇزى خاتا.
نە ئىلاج...
چىرايلىق يالغانمۇ ئەۋزەل.
بەزەن راستنى ئېيتىپ قىلغاندىن خاپا،

— ياكى بولمىسا:

ئەتراپ - قاينام، ئېقىن!
شۇندا چۆك تەرگە،
بىل، يۇرتقا يات بولۇش - مۈشكۈل ۋە تەس ئۇ.
يوقۇق بىلىنمىسە - بارسەن بىر يەردە،
بارىڭ بىلىنمىسە - يوقلۇقۇڭ ئاشۇ !..

دېگەن «مۇقەددەس يالغان» ۋە «خاپىلىق» ناملىق شېئىرلىرىدىن ئېلىنغان مىسرالارنى يادقا ئېيتىپ.

–نېمە دېگەن چىرايلىق مىسرالار. بەدىئىي ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىشتىكى ماھارىتىگە قاراڭلار، پەلسەپەۋى ئويلىرىغا چۆكۈڭلار...

قىسقىسى، ساۋۇتجان ئاكىنىڭ ئىجادىيىتى توغرىلىق سۆز باشلاپ قويسام، ئۆزۈمنى توختىتالمىقىم تەس ئىدى.

ئومۇمەن، ساۋۇتجان مەمەتقۇلوۋنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە كېسىپ ئېيتىش مۇمكىنكى، ئۇ باشتا قەيت قىلغىنىمىزدەك، ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان ئىجادكار. ئەسلى، پوئېزىيەدە باشقىلارغا ئوخشىماسلىقنىڭ ئۆزى يۈكسەكلىكىنىڭ ئىپادىسى. بۇ مېنىڭ ئەمەس، يەنىلا شۇ كۆپكە تونۇلغان كۆرۈنەرلىك شەخسلەرنىڭ پىكرى. ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا ئەدەبىياتشۇناس - ئالىم ھەم شائىر مەخمۇت ئاكا ئابدۇراخمانوۋ «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان س. مەمەتقۇلوۋنىڭ ئىجادىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك يېزىلغان ماقالىسىدا ئىزھار قىلغان ئىكەن. دېمەك، ئۇنى يۈكسەك تالانت ئىگىسى دەپ ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمىز. بۇنىڭغا دەلىل - ئىسپات بولىدىغان مىساللارنى شائىر ئىجادىيىتىدىمۇ كۆپلەپ كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. بىراق بىر - بىرىدىن سۈپەتلىك بولغان، بىرىگە - بىرى ئوخشىمايدىغان شېئىرلارنىڭ قايسىسىنى، قايسى مىسراسىنى ئېلىش مەسىلىسىدە بىز قىينىلىپ قالىمىز. شۇنداق بولسىمۇ، سۈنىڭ سۈزۈكى سۈپىتىدە ئەمەس، سۈزۈك سۈنىڭ تامچىسى سۈپىتىدە ئىككىلا مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتەي. ئۇنىڭ بىرىدە، يەنى «تۆگىمەس ئوي» ناملىق شېئىرىدا شائىر:

شادلىققا ئىنتىلسەك قارشى ئالدى پەرياد،
ھەر چوڭقۇر نەپەسنىڭ تارىخ نالىسى.
جاي سېنىڭ، لېكىن ئۆزۈڭ ئۇندا يات،
سەن ئۆز ئۆيۈڭنىڭ ئۆگەي بالىسى!..

دەپ، خەلقىمىزنىڭ ئېغىر قىسمىتىنى ئەينەن تەسۋىرلەپ بەرسە، «ئاندىن» دەپ ئاتىلىدىغان شېئىرىنى:

ئون سەككىز چېغىمدا كەتكەن ئەر يېتىپ،
بالا بولۇپ قايتتىم ئەللىك يېشىمدا...

دېگەن بىر - بىرىگە قارىمۇ - قارشى بولغان ئۇقۇملارنى (كونتراست) ماھىرانە پايدىلىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتىغا بارغان چاغدىكى ئىچكى تۇيغۇلىرىنى دەل ئىپادىلەيدىغان مىسرالار بىلەن ئاياغلاشتۇرغان.

ساۋۇتجان نادىرىنىڭ نادىرلىقىغا ئۇنىڭ نەسرىي ئەسەرلىرىمۇ گۇۋاھلىق قىلىدۇ. «ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر

بىلىدۇ» دېمەكچى، ئۇنىڭ نەسرىي ئەسەر يېزىشىنى كىمدۇ - بىرى ئەمەس، خەلق يازغۇچىسى ئاتالغان زىيا سەمەدىدەك بۈيۈك نامايەندىنىڭ ئۆزى قوللىغان. قوللىغانلا ئەمەس، «ئۇنىڭ نەسرىي ئەسەرلىرىمۇ نازۇك لىرىكىلىق تۈيغۇلىرى بىلەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە» دېگەن سۆزلىرى ئارقىلىق يەنىلا ساۋۇتجان ئاكىنىڭ نەسرچىلىرىمىز ئارىسىدىمۇ يەككە - يېگانە ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

بۇنىڭ ھەممىسىنى ئاساسسىز پاراڭ، ئارتۇقچە ماختاش دېگىلى بولمايدۇ. ئىشەنمىگەنلەرگە، نادىر يازغۇچىنىڭ ھەرقانداق نەسرىي ئەسىرىنى ئوقۇپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلغان بولار ئىدۇق. مەسىلەن، «ئۆلۈمدىن كېيىنكى ئۆلۈم» ناملىق پوۋېستىنى ئالايلى. ھازىر «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» دېگەن ئىبارە كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىپ يۈرىدۇ. بۇ پىكىرگە قوشۇلغۇچىلار كۆپ بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق ساۋۇتجان ئاكا بۇنىڭدىن ئىستىسنا. چۈنكى ئۇنىڭ چۈشەنچىسىدە «ئۆلۈمدىنمۇ دەھشەتلىك ئۆلۈم» مەۋجۇت. يەنى ئۇ قايغۇ - ھەسرەت، يوقسىزچىلىق «گالدىن ئالسا»، كۈن كۆرۈشنىڭ قاتتىقلىقىنى، ئۇنداق پەيتلەردە ئاي - كۈنلەرنىڭ ئەمەس، ھەتتا مىنۇت - سېكۇنتلارنىڭمۇ ئۆتۈشىنىڭ تەسلىكىنى ئۆلۈمگە تەڭلەشتۈرىدۇ. مانا ئوخشىتىش، مانا ماھارەت! بۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. چۈنكى، مۇقەررەركى، ھايات تاتلىق بولسا — ھايات، ئەگەر ئاچچىق بولسىچۇ؟.. ئۇنداق ئۆمۈرنى ھەرگىزمۇ ھايات دەپ ئېيتقىلى بولماس.

1940 - يىلى ئۆسەك تەۋەسىنىڭ كىچىككىنە نادەك يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن ئەدىبنىڭ ئۆزى ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى يىللىرىدا (1941.06.22 – 1945.05.09) ئەنە شۇ ئۆلۈمگە قىياس قىلغان ئۆمۈرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەچكە، ئەسىرىدە ھەممىنى شۇقەدەر ئىشەنەرلىك دەرىجىدە، ئاجايىپ چوڭ ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگەنكى، پوۋېستنى ئوقۇغاندا، بەئەينى، ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلار بىلەن بىللىلا ياشاپ، ھاياتنىڭ ئاچچىق تەمىنى شۇلار بىلەن تەڭ تېتىغاندەك ھېسلارغا چۆكىسىز. ئوقۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ، خېلى ۋاقىتلارغىچە ئەسەردىن ئالغان تەسىراتلار ئىلكىدىن قۇتۇلالماي يۈرىسىز. چۈنكى ئۇ ياراتقان ئوبرازلار ئەتراپىڭىزدىكى ئادەملەردەك جانلىق، ۋەقەلىكلەرنى، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى سۈرەتلىشى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرگەندىنمۇ ئارتۇق تەسىرلىك.

ئۆز ۋاقتىدا قازاقىستان مىللىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ۋاقىتلىق تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئوسمان ئىسمائىلنىڭ «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىگە يوللىغان تەقرىزىدە ساۋۇتجان ئاكىنىڭ مەزكۇر ئەمگىكىنى ئىنتايىن يۇقىرى باھالاپ، «ھەتتا، ئانا ۋەتەندىمۇ تېخى مۇنداق ئەسەر يېزىلغىنى يوق» دېگەن پىكرىنى ئىلگىرى سۈرۈشى، ئەدىبنىڭ يازغۇچى سۈپىتىدە مىليونلار ئارىسىدىمۇ يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرىدىغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

يازغۇچى ماھارىتىنىڭ بەركامالىلىقى، ئۇنىڭ «تالاغا چىقسام شامىلى...» ناملىق رومانىدىمۇ نامايان قىلىدۇ. ئۇرۇشتىن كېيىنكى يىللاردا چەتتىكى خىلۋەت يېزىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئاساسىدا يېزىلغان بۇ ئەسەر، كىتابخانلارنى بەندىچىلىكتە بولۇپ تۇرىدىغان، ئەمما توغرا ياكى ناتوغرا دەپ بىرتەرەپلىمە ھۆكۈم چىقىرىشقا تامامەن بولمايدىغان ھاياتتىكى بەزىبىر گادىرماچ مەسىلىلەر ئەتراپىدا باش قاتۇرۇشقا مەجبۇرلايدۇ. ئويلاپ قارىساق، ھەقىقەتەنمۇ، ئادەملەرنىڭ كۆڭلى بىپايان بوشلۇقتا خالىغىنىچە ئەركىن سەيلە قىلىپ يۈرگەن شامالغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۆمۈردە شامالنىڭ جانغا ھۇزۇر - ھالاۋەت بەخش ئېتىدىغان مەيىن تۈرى بىلەن بىللە خانىۋەيرانچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدىغان قاتتىق تۈرى بولغىنىدەك، كۆڭۈلمۇ خۇددى شۇنداق بەزىدە ئادەملەرنى «ئەگەشتۈرۈپ» مۇرادىغا يەتكۈزسە، بەزىدە «ئاپىرىپ چۆللەرگە» تاشلايدۇ. بىراق ياراتقۇچىنىڭ ئۆزى ياراتقان شامالغىمۇ، كۆڭۈلگىمۇ سوت يوق. ئۇلار ھەرگىز ھۆكۈمگە بېقىنمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئەڭ ئەۋزىلى، ئىشىك - تۈڭلۈكنى ھىم يېپىپ، شامالغا چىقماسلىق، كۆڭۈلگە ئەرك بەرمەسلىك. لېكىن بۇ پەقەت ئۆلگەنلەرنىڭلا قولىدىن كېلىشى مۇمكىن. تىرىك بەندە ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايدۇ. شۇڭلاشقا بىز روماندا كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ، مۇرادىغا يەتكەن بەختلىكنىمۇ ، ھەممە نەرسىسىنى شامال ئۇچۇرتۇپ كېتىپ، «بارماق چىشلەپ» قالغان بەختسىزنىمۇ ، ئۇلار بىلەن بىرقاتاردا ئۇچۇپ - قونۇشىنى شامال بەلگىلەيدىغان قامغاقسىمان بەندىلەرنىمۇ ئۇچرىتىمىز. بىراق، ئۇلارغا نىسبەتەن يا ياخشى، يا يامان دەپ، ھۆكۈم چىقىرالمايمىز. پەقەت ئويلايمىز ھەم ئويلىنىمىز. بۇ ئۆزىمىز توغرىلىق ئوي، بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەت توغرىلىق ئوي، ئەتراپىمىزدا يۈرگەن ئادەملەر توغرىلىق ئوي. ھەئە، بەدىئىي ئەدەبىياتتا كىتابخانلار قەلبىگە ئوي سېلىشنىڭ ئۆزى چوڭ ئىستېداتنىڭ ئىپادىسى.

قايسىبىر كۈنى «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنى ئۇزۇن يىللار داۋامىدا باشقۇرغان ئۇستازىم يولداش ئاكا ئەزىماتوۋ بىلەن سۆزلىشىۋېتىپ، مۇشۇ رومان ھەققىدە گەپ قوزغىلىپ قالدى. شۇ چاغدا كۆپنى كۆرگەن پېشقەدەم ژۇرنالىست ھەم يازغۇچى ئۇشبۇ ئەمگەكنىڭ بەدىئىي سۈپىتىنى يۇقىرى باھالاپ: «مەن ساۋۇتجان ئاكىنىڭ بۇ ئەسىرىنى زامانىۋى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق رومانلارنىڭ ئارىسىدا بىرىنچى ئورۇنغا قويغان بولار ئىدىم» دەپ قالدى. تالاي يازغۇچى - شائىرنىڭ ئىجادىيىتىنى تاۋلىنىپ، ئەلگە تونۇلۇشىغا شارائىت ياراتقان مىللىي نەشرىياتىمىزنىڭ «تىزگىنىنى» چارەك ئەسىر قولىدا تۇتقان كۆرۈنەرلىك شەخسنىڭ بۇ پىكىرگە قوشۇلماي مۇمكىنمۇ؟ ئەلۋەتتە، مۇمكىن ئەمەس!

مېنىڭچە، ساۋۇتجان مەمەتقۇلوۋنىڭ پەقەت بۇ رومانىلا ئەمەس، پوۋېست، ھېكايە، قىسقا ھېكايە ، ئوچېرىككە ئوخشاش ھەرخىل ژانىرلارغا مەنسۇپ بولغان باشقىمۇ نەسرىي ئەسەرلىرى ئەنە شۇنداق، ئۇ ئۆزى بىر شېئىرىدا تەسۋىرلىگەندەك «كۆلدىكى چوغ كەبى بىر تال يالتىراپ» تۇرىدىغان ئىجادىيەتنىڭ نادىر نەمۇنىلىرىدۇر.

ئالمۇتا شەھىرىدىكى پ. چايكوۋسكىي نامىدىكى مۇزىكا تولۇق ئوتتۇرىنى تاماملاپ، ئەمگەك پائالىيىتىنى سازەندە سۈپىتىدە ئۇيغۇر تىياتىرىدىن باشلىغان ئەدىبنىڭ ئەدەبىياتنىڭ يەنە بىر غوللۇق تارمىقى بولغان – دراماتورگىيە ساھەسىگىمۇ ئازدۇر - تولا ئارىلاشقانلىقىدىن خەۋىرىم بار. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا تارىخىي ۋەتىنىمىزدىن تۈركمەنستانغا كۆچۈپ چىققان بايرامئالىلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھاياتىغا بېغىشلانغان «مىرغاپ» درامىسىنى يازغان ئىكەن. لېكىن مېنىڭ بۇ ئەسەر توغرىلىق ھېچقانداق خەۋىرىم يوق. شۇڭلاشقا ئۇ ھەققىدە پىكىرمۇ ئېيتالمايمەن. ئەمما ساۋۇتجان ئاكا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان دۇنيا كىلاسسىكى ۋىللىيام شېكسپىر(1564-1616) نىڭ پېيسسى بويىچە قويۇلغان «قىرال لىر» ناملىق ئويۇنىنى كۆرۈش ماڭا نېسىپ بولدى. شۇ چاغدا ئۇيغۇر تىياتىر زالىغا لىق تولغان تاماشىبىنلار ئۈچ - تۆت سائەتكە سوزۇلغان ئۇشبۇ ئويۇننى زور ئىخلاسمەنلىك بىلەن تاماشا قىلغانلىقى ھېلىغىچە كۆز ئالدىمدا تۇرىدۇ. تەنەپپۇس پەيتىدە كىمدۇر بىرىنىڭ دراماتورگىيە ساھەسىدە قەلەم تەۋرىتىپ يۈرگەن كۆرۈنەرلىك ئاكىلارنىڭ بىرىدىن مەزكۇر ئويۇنغا نىسبەتەن پىكىر سوراۋاتقانلىقىنىڭ تاسادىپىي گۇۋاھچىسى بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ «ئاجايىپ ! ئەسلى شېكسپىر دېگەننىڭ ئۆزى ئاجايىپتە !» دېگەن جاۋابىنىمۇ ئاشكارا ئاڭلىدىم. بىراق شۇ «ئاجايىپ » شېكسپىرنى ئۇيغۇرچە سۆزلەتكەن تەرجىمان ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ سۆز بولمىدى. ئەجەبلەندىم ھەم مەيۈسلەندىم.

كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان مۇنداق ئىشلار ئەسلى ساۋۇتجان ئاكىنىڭ بېشىدىن كۆپ ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ بىر - ئىككىسىگە مەنمۇ گۇۋاھ بولغان ئىدىم. لېكىن ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى. ھازىر ئۇ بولمىغۇر ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولغان ئايرىم شەخسلەرمۇ ئارىمىزدا يوق. گەرچە، قەلبىم تۆرىدىن ئورۇن ئالغان شائىر ئۆز ۋاقتىدا شۇنداق ئادەملەرنى نەزەردە تۇتۇپ: «ئەسلىدە، ‹ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ يامان گېپىنى قىلىشقا بولمايدۇ› دېگەن گەپنىڭ ئۆزى بولمىغان گەپ! مېنىڭچە، ئۇنى ئاشۇ يامان ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرى، ئۆلگەندىن كېيىن بىزنىڭ ھەققىمىزدە يامان گەپ قىلمىسۇن دەپ، ئۆزلىرى چىقىرىۋالغان» دېگەن بولسىمۇ، ئۇلۇغ ئەدىبنىڭ تۇغۇلغىنىنىڭ 80 يىللىقىغا مۇناسىۋەتلىك يېزىلغان ئۇشبۇ ماقالەمگە ئۇنداق «مەينەتنى» ئارىلاشتۇرغۇم كەلمىدى.

بىراق بۇ بىر - ئىككى مىسالغا قاراپ، ھەممىلا ئادەملەرنىڭ شائىرغا نىسبەتەن كۆزقارىشى شۇنداق بولدى، دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. زىيالىيلارنىڭ كۆپچىلىكى شائىرنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلدى، قەلىمىنى باھالىدى. بۇنى ماقالىمىز داۋامىدا قەيت قىلىنغان كۆرۈنەرلىك ئەدىبلىرىمىزنىڭ پىكىرلىرىمۇ دەلىللىسە كېرەك. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلاردىن تاشقىرى «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى تۇرداخۇن نەزەروۋ بىلەن ئۇزاق يىللار داۋامىدا دۆلەت، كېڭەش ۋە پارتىيە ئورگانلىرىدا رەھبىرىي لاۋازىملاردا خىزمەت قىلغان ئازات مەشۇروۋ قاتارلىق خەلقىمىزنىڭ داڭلىق ئوغلانلىرىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ساۋۇتجان ئاكىغا ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ئىنتايىن كۆپ ياردەم قىلغان ئىكەن.

ئەدىب ئەنە شۇنداق ياخشى ئادەملەرنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ۋە ئۆزىنىڭ بىلىم - ئىقتىدارى تۈپەيلى خەلقىمىزنىڭ مەدەنىي تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئىناۋەتلىك نەشر ھەم نەشرىياتلاردا، قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىدا بىرقاتار مەسئۇلىيەتلىك لاۋازىملارنى ئىگىلىدى. ئەگەر ئۇنىڭ ئەمگەك پائالىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي توختالساق، تىياتىردىن كېيىن «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىغا ئالمىشىپ، دەسلەپ مۇخبىر، ئاندىن ئەدەبىيات ۋە سەنئەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئۇزاق مەزگىل خىزمەت قىلدى. شۇ جەرياندا ھازىرقى ئەل - فارابى نامىدىكى قازاق مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخباراتچىلىق فاكۇلتېتىنى سىرتتىن ئوقۇپ تۈگەتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى س. مەمەتقۇلوۋ يىللار مابەينىدە «ئارزۇ» ژۇرنىلىدا ئورۇنباسار مۇھەررىر، قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى يېنىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كېڭىشىنىڭ رەئىسى، «پەرۋاز» مەجمۇئەسىنىڭ مۇھەررىرى ۋە ئاخىرىدا «جازۇشى» نەشرىياتىدىكى ئۇيغۇر رېداكسىيەسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق لاۋازىملارنى ئىگىلەپ، شۇ يەردىن ھۆرمەت بىلەن دەم ئېلىشقا چىقتى.

«تالانتلىق ئادەم – ھەممىلا جەھەتتىن تالانتلىق» دېمەكچى، ئۇ ئىجادىيەتنىڭ قايسىلا ساھەسىدە ئىشلىمىسۇن، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر قەلەم ساھىبى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ژۇرنالىست سۈپىتىدە قالدۇرغان مىراسىمۇ بۇ كۈنلەردە كۆپچىلىكىمىز ئۈچۈن ئۈلگە - نەمۇنە بولۇپ كەلمەكتە. بۇ يۆنىلىشتە گەپ قوزغالسا، يېتەكچى ژۇرنالىستلىرىمىزنىڭ بىرى، كەسىپدىشىم ئىبراھىم ئاكا باراتوۋ پات - پاتلا: «مەن بىرەر ماقالىغا تۇتۇش قىلغاندا ‹قەلىمىم ماڭماي قالسا›، ساۋۇتجان ئاكىنىڭ «دېھقان قىزى» دېگەن ھۆججەتلىك قىسسىسىنى ۋاراقلاپ چىقىمەن. ھەرقانداق ژۇرنالىست مانا شۇنداق مەمەتقۇلوۋقا ئوخشاش يېزىشقا ئىنتىلىشى كېرەك!» دېگەن ئىبارىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇمۇ مەتبۇئات ساھەسىدە قىرىق يىلدەك ئىشلەپ، كۆپچىلىككە تونۇلغان ژۇرنالىستنىڭ پىكرى. دېمەك، ساۋۇتجان مەمەتقۇلوۋ پەقەت شائىر ھەم يازغۇچى سۈپىتىدىلا ئەمەس، شۇنداقلا ژۇرنالىست - پۇبلىسىست سۈپىتىدىمۇ مەتبۇئاتىمىزدا ئىز قالدۇرالىغان ئىنسان.

ئاڭلىق ھاياتىنى مىللىي ئەدەبىياتىمىز بىلەن مەتبۇئاتىمىزنىڭ راۋاجلىنىشىغا بېغىشلىغان قەلەمكەش، ھەقىقەتەنمۇ، ئۆزىدىن كېيىنكى ئەۋلادقا ئىبرەت بولغىدەك مىراس قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ «ياشلىق ناخشىلىرى»، «ئۆسەكنى بىرىپ كۆرسەك»، «ياخشىلىق»، «ئۆزۈمنى ئىزدەيمەن»، «مېھرىم»، «مەن ۋە نېكراسوۋنىڭ يەتتە مۇژىگى»، «مەن ئىشەنگەن تاغلىرىم»، «دېھقان قىزى»، «زىيا سەمەدى»، «ئۆلۈمدىن كېيىنكى ئۆلۈم»، «تالاغا چىقسام شامىلى...» قاتارلىقلارغا ئوخشاش ۋە باشقىمۇ ھەرخىل يىللاردا نەشر قىلىنغان نەسرىي ۋە نەزمىي توپلاملىرىنىڭ ھەربىرى چاڭ بېسىپ كىتاب تەكچىلىرىدە ئەمەس، بەلكى پات - پات قولغا ئېلىنغانلىقتىن، ئۇپراپ - تۇزۇپ، ئىش

ئۇستەللىرىدە تۇرىدىغان ئەسەرلەردۇر . بايقىسام، شەخسىي كىتابخانامدا ساقلىنىۋاتقان ساۋۇتجان ئاكىنىڭ ئەسەرلىرى ئورۇن ئالغان كىتاب - ژۇرناللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كونىراپ كېتىپتۇ. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ يېڭىسى تۇرماق، كونىلىرىنى ئىزدەپ - تاپماق تەس. شۇڭلاشقا، ئەدىبنىڭ تۇغۇلغىنىنىڭ 80 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى يىغىپ - جەملەپ، چوڭ بىر توپلام چىقىرىپ، ئۇ ئەمگەكنىڭ ئېلېكترونلۇق نۇسخىسىنى ئىنتېرنېتقا قويساق، مەمەتقۇلۇۋ ئىجادىيىتىگە قايتا ئۆمۈر بەرگەن بولار ئىدۇق. بۇمۇ پەن - تېخنىكا تەرەققىي قىلىپ، يېڭى تېخنولوگىيىلەر كەڭ جارى قىلىنغان ئۇشبۇ زاماندا، ئىجادكار ئىسمىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈشنىڭ بىر ئامالى دەپ ئويلايمەن.

راست، ئۆز ۋاقتىدا، شېكسپىر، پۇشكىن، ئابايغا ئوخشاش كىلاسسىك شائىرلارنى ئۇيغۇرچە سۆزلەتكەن ئەدىبنىڭ بىر تۈركىي شېئىرلىرى قازاق، ئۆزبېك ، تۈرك، تۈركمەن، رۇس ۋە فىرانسۇز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى مەلۇم. بىراق:

بىر قالىغاچ كەلگەنگە كەلمەيدۇ باھار،
چۈشسە بىر يوپۇرماق – تېخى كۈز ئەمەس،

دەپ كۈيلىگەن شائىرنىڭ تۆت - بەش شېئىرىنى ئۆزگە تىلغا ئۆرۈش بىلەنلا ئۇنى دۇنياغا تونۇتقىلى بولمايدۇ. مۇشۇ يەردە قايسىبىر يىلى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مەسىلىلىرى بويىچە نامزاتلىق دىسسېرتاتسىيە ياقلىغان فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزاتى غۇنچەم نۇراخۇنوۋا بىلەن بولغان سۆھبىتىم يادىمغا چۈشۈپ قالدى.

– ...توغرا دەيسىز، مەمەتقۇلوۋ ھەقىقەتەنمۇ چوڭ شائىر. ئەگەر ئۇ رۇسچە يازغىنىدا، دۇنيا كىلاسسىكلىرىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالاتتى، بەلكىم، – دېگەن ئىدى شۇ چاغدا ياش ئالىمە.

– رۇسچە يازغان بولسا، ئۇ ئۇيغۇر شائىرى بولمايتتى - دە، – دېدىم مەنمۇ ئۆز كۆز پىكرىمنى ئىزھار قىلىپ.

– مەن بۇ تەرىپىنى ئويلىماپتىمەن. ئۇنداقتا ، شائىرغا ياخشى بىر تەرجىمان تېپىش كېرەك، – دېدى غۇنچەم ئويلىنىپ.

مېنىڭچە، بۇ ھېلىغىچە ئۆز ماھىيىتىنى يوقاتمىغان مەسىلە. چۈنكى ئاۋار خەلقىنىڭ بۈيۈك شائىرى راسۇل غامزاتوۋ (1923-2003) مۇ رۇس تىلىدا ئىجاد قىلمىغان. ئۇنى ئالەمگە تونۇتقان سېرگېي گورودېسكىي، ئىلىيا سېلىۋىنسكىي قاتارلىق كۈچلۈك تەرجىمانلار. مۇبادا، شۇنداق تەرجىمانلار تېپىلسا قالسا، ساۋۇتجان ئاكىمۇ راسۇل غامزاتوۋغا ئوخشاش كۆپلىگەن خەلقلەرنىڭ سۆيۈملۈك شائىر-يازغۇچىسىغا ئايلىنار ئىدى.

خۇلاسىلە، بۇنىڭ ھەممىسى ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلار. ھازىرچە، خەلقىمىزنىڭ ئامانلىقى بىز ئۈچۈن مۇھىم مەسىلە بولۇۋاتىدىغۇ. بىراق رەھمەتلىك: «ئەسلى ياشاش مۇمكىن ئەمەس شارائىتتا ياشاشنى بىلىش – ئەزىمەتلىك» دەپ قويىدىغان. ھازىر ئويلىسام، مانا مۇشۇ ھېكمەتنى شائىر بىر ئۆمۈر شوئار قىلىپ ياشاپتۇ.

ئۇنىڭ ھاياتقا كېلىشى بىلەن تەڭ دېگۈدەك ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشى، ئاتا - ئانىسىدىن گۆدەك ۋاقتىدا يېتىم قېلىپ، مۇدھىش يىللار دەردىدىن قەددى بالدۇر پۈكۈلگەن بوۋا - مومىسىنىڭ قولىدا تەربىيەلىنىشى، ئەر يەتكەندىمۇ ھاياتنىڭ ئۇنىڭغا كۈلۈپ باقمىغانلىقى، تەقدىرىم ئەمدى قىنىغا چۈشتى دېگەندە، ئۈچ پەرزەنت ھەدىيە قىلغان مەھبۇبىسىنىڭ ئېغىر ئاغرىققا مۇپتىلا بولۇپ، ئاخىرى بىمەزگىل كۆز يۇمۇشى، باھالار تاغ تېكىستىدەك ئۆرلەۋاتقان زاماندا ئۈچ خانىلىق ئۆيىنى سېتىپ قويۇپ، ئۈچ بالىسى بىلەن «كاتەكتەك» بىر خانىغا «سولىنىپ» قېلىشى – بەلكى، ئۇنى ئەينەن شۇنداق «ئەزىمەت!» بولۇپ ياشاشقا ئۆگەتكەن بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. كىم بىلسۇن، ئەگەر ئۇ شۇ خىلدىكى قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن بولسا، بەلكىم، ئەسەرلىرى ئۇنچىلىك دەرىجىدە تەسىرلىك چىقمايتتىمىكىن؟ بەلكىم، نەق شۇ قىيىنچىلىقلار ئۇنىڭ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىجاد قىلىشىغا تۈرتكە بولغاندۇ؟..

مەن بۇ سوئاللارغا ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيمەن. چۈنكى، ھەرقانداق قەلەم ساھىبىنىڭ تەلتۆكۈس ئىجاد قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەم قولايلىق شارائىت، ھەم جۇشقۇن ھېسسىيات كېرەك. ھە، مۇنداق جۇشقۇن ھېسسىياتنىڭ قانداق ئەھۋالدا پارتلايدىغانلىقىنى ھەممىمىز ياخشى بىلىمىز.

مېنىڭچە، بۇ سوئاللارغا ئەدىبنىڭ ئۆزىمۇ جاۋاب بەرمەيتتىمىكىن دەپ ئويلايمەن. سەۋەبى، «تويدا يۈرسىمۇ، ئويدا يۈرۈيدىغان» ساۋۇتجان ئاكا ئەسەرلىرىدە «يىغلىغىنى» بىلەن ھاياتتا «يىغىسىنى» ھېچكىمگە كۆرسەتمەي ئۆتتى. شەخسەن ئۆزۈم ئۇنىڭ كىمدۇر - بىرلىرىگە دەردىنى ئېيتىپ، زارلانغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيمەن. يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارنىڭ ئىچىدە شائىرنىڭ ئۆز ئېغىزىدىن ئاڭلىغانلىرىم ئاز. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى سىرتتىن بايقىغاندا ۋە ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا ئالغان تەسىراتلىرىم، تونۇش - بىلىشلىرىنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرى ئاساسىدا يېزىلغان تەپسىلاتلار. ئۆزى بىلەن دەرقەمدە ئولتۇرغاندا - زە، بىز كۆپرەك ئەدەبىيات مەسىلىلىرى، ئىجادىيەت ئەھلى، ئۇلار ئېيتقان ھېكمەتلەر ئەتراپىدا مۇڭدىشاتتۇق. ئۇنداق چاغلاردا ئەدىب، ئېچىلدى دەي دېسەم، ئېچىلمىغاندەك، ئېچىلمىدى دەي دېسەم، ئېچىلغاندەك ئەلپازدا گەپ قىلىپ، دىققىتىمنى ئۆزىگە شۇ قەدەر نەزەربەند قىلىۋالاتتى - يۇ، بىراق ئىچكى دۇنياسىغا شۇڭغۇشقا يول قويمايتتى.

شائىرنىڭ بۇ خىسلىتىنى مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان كۈنىلا بايقىغان. ئۇ چاغدا مەن ئوقۇشنى تېخى تۈگەتمىگەن بولساممۇ، «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ مەدەنىيەت بۆلۈمىدە مۇخبىر بولۇپ ئىشلەۋاتاتتىم. بۆلۈم باشلىقى، شائىر ئېلاخۇن ئاكا جەلىلوۋ ئىككىمىز ئولتۇرغان بۆلمىگە، كۈن ئولتۇراي دەپ قالغان پەيتتە، جۇغى كىچىك، بۇدۇرە چاچلىق بىر كىشى كىرىپ كەلدى. نۇرغۇن يىللار داۋامىدا مەستانىسى بولۇپ كېلىۋاتقان قەلەم ساھىبىنى بىردىن تونۇدۇم. تىنچ - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، ئېلاخۇن ئاكا ئىككىسى بىرئاز پاراڭ سېلىشتى. گەپلىرىگە ئارىلاپ

- ئارىلاپ ھەزىل - چاقچاقمۇ ئارىلىشىپ كېتەتتى. كېيىن سىپىمىزگە قوشىنا بۆلمىلەردە ئولتۇرىدىغان ئىبلاخۇن ئاكا ھوشۇرروۋ بىلەن ساۋۇتجان ئاكا ئىسكەندەرروۋ ئىككىسى قوشۇلۇۋىدى، چاقچاقلار تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ، ئۇنىڭ ئاخىرى ئىچچام مەشرەپكە ئايلاندى. ئۇلارغا خىزمەت قىلىپ يۈرۈپ، مەن تەسەۋۋۇر قىلىپ يۈرگەن ساۋۇتجان مەمەتقۇلوۋنىڭ ئەينى ئۆزىنى ئۇچراتقانلىقىمنى بايقىدىم. ئۇنىڭ گەپ قىلىشلىرى، ناگان-ناگاندا كېكىردىكىنى قىرىپ، قىسقا - قىسقا يۆتىلىپ قويۇشى، كۆلكىلىرىنىڭمۇ، خۇددى شۇنداق، قىسقا - قىسقا بولۇشى ئەدىبنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئايرىم قەھرىمانلارنى يادىمغا سالدى. قىسقىسى، شائىرانە تىل بىلەن تەسۋىرلىگەندە، «قاھ - قاھ كۈلۈش يوق، ئەمما خۇشخۇي ، كۆزلىرىدە ياش يوق، ئەمما لىق ئوي...» بىر قىياپەتتە ئولتۇرغان ئىدى ئەدىب شۇ كۈنى.

ھېلىمۇ يادىمدا، مەن شۇ كۈنى ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىگە دىققەت قىلدىم. ئۇنداق بولۇشى، كۆڭلۈڭدە پىر تۇتقان ئادىمىڭنىڭ ئاددىي گېپىمۇ ھېكمەتتەك ئاڭلىنىدۇ ئەمەسمۇ! بىراق ساۋۇتجان ئاكىنىڭ ئېيتىۋاتقانلىرى ئاددىي ئەمەس، ھەقىقەتەنمۇ ھېكمەت ئىدى. مەسىلەن، ئارىلىقتا جۇپتىدىن بىمەزگىل ئايرىلىپ، تەنھا قالغان ساۋۇتجان ئاكىنىڭ بىر بېشىنى ئىككى قىلىپ قويۇش مەسىلىسى كۆتۈرۈلۈۋېدى، شۇ ئەسنادا ئۇ كېكىردىكىنى سەل قىرىۋېلىپ:

سەتەڭلەرنى پۇراپ باقسام،
ھىدى كېلەر، گويا بىر قوغۇنلۇق.
ئىچىگە كىرىپ، ئىزدەپ باقسام،
ئىلغاپ يۈرۈپ، ئۈزۈۋالغۇدەك قوغۇن يوق...

دەپ يۈرەك ئىزھارىنى ئېنىق يەتكۈزدى. شۇڭلاشقا ھەممىمىز جىم بولۇپ قېلىشتۇق ۋە بۇ مەسىلە قايتا كۆتۈرۈلمىدى.

بىزنىڭ تونۇشلۇقىمىز ئەنە شۇنداق باشلاندى. بىراق، باشتا ئېيتقىنىمدەك، ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى بىردىنلا قويۇق تۈس ئالدى دەپ ئېيتالمايمەن. بۇنىڭغا، مېنىڭچە، ياش جەھەتتىن پەرقىمىزنىڭ چوڭلۇقى ، يىرىك ئەدىب ئالدىدىكى ئەيمىنىش تۇيغۇلىرى سەۋەب بولسا كېرەك. پەقەت 2000 - يىللاردىن ئېتىبارەن بىز بىر - بىرىمىزگە يېقىنچىلىق قىلىدىغان، ئۇ - بۇ مەسىلىلەر ئەتراپىدا پىكىرلىشىدىغان تونۇشلارغا ئايلاندۇق. بولۇپمۇ، يازغۇچىنىڭ 2003 - يىلى «زىيا سەمەدى» ناملىق رومانى يورۇق كۆرگەندىن كېيىن، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى «ئەيمىنىش پەردىسى» تولۇق ئېچىلىپ كەتتى، دېسەممۇ بولىدۇ. بۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق سەۋەبى بار.

ئىشخانامدا ئولتۇرسام ساۋۇتجان ئاكا كىرىپ كەلدى. بۆلمىدە ئولتۇرغان ئىككى - ئۈچىمىز بىلەن ئامانلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئاستا سۆز باشلىدى:

– ئۇكا، سېنىڭ بىلەن ئالاھىدە گەپلىشىدىغان بىر ئىش بار ئىدى، – دېدى ماڭا مۇراجىئەت قىلىپ.

– لەببەي! – شائىرنى ئەگىشىپ، تاشقىرىغا چىقتىم.

– مۇنۇ كىتابنى ساڭا ئېلىپ كەلدىم، – دېدى زىيا ئاكا ھەققىدە يېزىلغان يېڭى كىتابنى ماڭا ئۇزىتىپ.

– ئوقۇپ چىقىپ، ئۆزۈڭ بىر تەقرىز يېزىپ قويساڭ...

ئالدىمدا باشقىسى ئەمەس، مەن ئىجادىيىتىنى بەكمۇ ھۆرمەت قىلىدىغان ئۇلۇغ يازغۇچى تۇرغاچقا، سەل ھودۇقۇپ قالدىم.

– ياق، ئاكا، ئىشەنچىڭىزگە رەھمەت، بىراق سىزنىڭ كىتابىڭىز ھەققىدە تەقرىز يېزىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، ئۇنداق ھوقۇقۇممۇ يوق. ماڭا تېخى بالدۇر، ياخشىسى چوڭلار يازسۇن، – دەپ قەتئىي قارشى بولدۇم.

– سەن كىمنىڭ كىچىكى ، – دېدى ئۇمۇ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، – سېنىڭمۇ ئەدەبىيات مەيدانىدا دادىل قەدەم تاشلايدىغان پەيتىڭ كەلدى. مەن ساڭا ئىشىنىمەن...

قىسقىسى، ساۋۇتجان ئاكا مېنى تەقرىز يېزىشقا كۆندۈردى.

تېخى بويىقىنىڭ ھىدى كەتمىگەن كىتابنى ئوقۇپ چىقىپ، يازغۇچىنىڭ ماھارىتىگە يەنە بىر بار قايىل بولدۇم. كۆپ ئۆتمەي تەقرىزمۇ يېزىلدى. تەييار بولغاندا، يازغۇچىنى رەنجىتىۋالماي دېگەن ئەندىشىدە، گېزىتكە بېسىشتىن ئىلگىرى ئۆزىگە بەردىم. ئوقۇپ چىقىپ، ياقتىمۇ، ياقمىدىمۇ ئۇ تەرىپى ماڭا نامەلۇم، ئەيتاۋۇر، گېزىتتە ئېلان قىلىشقا رازىلىقىنى بەردى.

– ئەسلىدە، مەن شېئىرىيەتتىكى ئۆزۈمنىڭ ئورنۇمنى بىلىمەن. چۈنكى ئۇ توغرىلىق كۆپلىگەن تەقرىزلەر يېزىلدى، مۇنبەرلەردىن ئېيتىلدى، قىسقىسى، شائىرلىقىم ئېتىراپ قىلىندى. بىراق مۇشۇ كۈنگىچە مەن پروزامغا نىسبەتەن قانداق باھا بېرىلىدىغانلىقىنى بىلمەي كېلىۋاتىمەن. ئاۋۇ كۈنى سەن «چوڭلار يازسۇن» دېدىڭ، مەن سېنى چۈشەندىم. بىراق بۈگۈنگە قەدەر «لام» دەپ ئېغىز ئاچمىغان ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئېغىز ئاچمايدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭلاشقا مەن ياشلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ كۆرەي، دەپ ساڭا بەرگەن ئىدىم، – دېگەن ئىدى شۇ قېتىمدا ئۇ سەل مەيۈسلىنىپ.

ئويلاپ كۆرسەم، ئۇنىڭ شائىرلىقىنىڭ كەڭ دائىرىدە ئېتىراپ قىلىنغانلىقى راست. ئەدىبنىڭ 1987 - يىلى نەشر قىلىنغان «ياخشىلىق» ناملىق نەزمىي توپلىمى ئۈچۈن قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئىلياس جانسۇگىروۋ نامىدىكى مۇكاپاتقا سازاۋەر بولۇشى، 2003 - يىلى بولسا، ئىلگىرى يېزىلغان نەسرىي ئەسەرلىرىنى دېمىگەندە، ئاساسەن يېڭى شېئىرلىرى ئورۇن ئالغان «مەن ئىشەنگەن تاغلىرىم» دېگەن توپلىمى ئۈچۈن «ئىلھام» مۇكاپاتى بىلەن تەقدىرلىنىشى ئەنە شۇنىڭ بىر ئىپادىسى. بۇنىڭدىن باشقا ئەدىبنىڭ ئىجادىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك يېزىلغان ماقالىلەردىمۇ كۆپرەك ئۇنىڭ شېئىرىيىتى توغرىلىق سۆز بولۇپ، پروزىسى ھەققىدە، ھەقىقەتەنمۇ، پىكىر ئاز ئىكەن. ئۇنىڭ سەۋەبى توغرىلىق ئويلىغاندا، ئۆزۈم شاھىتى

بولغان ئايرىم بولمىغۇر ئىشلار دەررۇ يادىمغا چۈشتى...

ھەي، بىز – بەندىلەرنىڭ، بەزىدە شۇنداق بىلىپ - بىلمەي گۇناھ قىلىپ قويىدىغان پەيتلىرىمىز بار. شۈكلاشقا گاھىدا ئويلىنىپ، شائىر ئۆزى ئېيتقاندەك، بىر - بىرىمىزگە ئەڭ بولمىغاندا «ياخشىلىق قىلىش قولدىن كەلمىسە، يامانلىق ئاپارماي يۈرسەك» بولمامدىغان دەپ «ئويلىنىپ » كېتىمەن. ئەگەر شۇنداق قىلساق، تالاي ئادەملەرنىڭ «بۇيرۇپ تۇرغان تەلىيىنىڭ بۇرۇلۇپ كېتىشىگە، ئۇرۇپ تۇرغان يۈرىكىنىڭ ئۈرۈلۈپ كېتىشىگە» سەۋەبچى بولماس ئىدۇق، بەلكى. بىراق نەدە...

ساۋۇتجان ئاكىمۇ ئىچىدىكى پىغاننى بىلدۈرمەي يۈرگىنى بىلەن،

ئوق ئۆتمەس يۈرەككە خاپىلىق ئۆتۈپ،
قانچە ئوغلانلارنى قىلدى ئۇ ۋەيران،

دەپ ئۆزى كۈيلىگىنىدەك، ئۇنىڭ يۈرىكىگىمۇ «خاپىلىق ئۆتۈپ»، كۆڭلى - كۆڭلىگە سولۇشقا باشلىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قولىدا بىر پارچە ۋاراق بىلەن تەھرىراتىمىزغا كەپتۇ. كېيىن ئۇ ۋاراقتىكىنىڭ تارىخىي ۋەتىنىمىزدە بىمەزگىل ۋاپات بولغان داڭلىق سازەندە نۇرمۇھەممەت تۇرسۇننى بېغىشلانغان مەرسىيە ئىكەنلىكى ئايان بولدى. شائىر ئۇنىڭغا، خاتالاشمىسام، «ساز دۇنياسىنىڭ ھۆددىگەر پىرى» دەپ ماۋزۇ قويۇپتۇ. ئېلىپ قالدىم. كېيىن ئۇنى نەشرگە تەييارلىغاندا، يەنە شۇ «سىياسەتكە» كۆرە، بىر-ئىككى سۆزنى ئۆزگەرتىش تەلەپ قىلىندى. راستىمنى ئېيتسام، ئۆتكۈر پاراسەت، ئۇستۇن ماھارەت بىلەن يېزىلغان شېئىرغا قەلەم تەگكۈزۈشكە جۈرئىتىم يەتمىگەنلىكتىن، دەررۇ شائىرغا تېلېفون قىلىپ، ئەھۋالنى چۈشەندۈردۈم. ئەدىبنىڭ ئۆزىمۇ ئۇزاق يىل گېزىتتە ئىشلىگەچكە، مېنى بىردىن چۈشەندى.

– ئۇكام، ئەگەر مۇمكىنچىلىك بولسا، ئۆيگىلا كەلسەڭ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا سەل مىجەزىم بولمايۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە سېنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان باشقىمۇ مەسىلىلەر بار ئىدى، – دېدى تېلېفوندا.

كېلىشىپ، يولغا چىقتىم. ئىلگىرى ياتاقخانا بولغان كۆپ قەۋەتلىك بىنا ئىچىدىكى تار بۆلمىگە كىرسەم، شائىر چەتكە قويۇلغان كارىۋات ئۇستىدە ئولتۇرۇپتۇ. چىرايى سولغۇن. ئەتراپىدا قەغەز - كىتاب چېچىلىپ ياتىدۇ.

– كەل، مۇختەرجان، تۆرلە، –دېدى شائىر ئۆزرىخاھلىق بىلەن.

كارىۋاتنىڭ قارىمۇ - قارشىسىدىكى تامغا تاقاپ قويۇلغان ئۇستەل يېنىدىكى ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىنى تارتىپ، ئولتۇردۇم.

– بالكوندا تاماق بار، ئاۋۇ تۇمبوچكىدا كونياكمۇ تۇرىدۇ. ئۆز ئۆيۈڭدەك كۆرۈپ، خاپا بولماي، ئۆزۈڭگە - ئۆزۈڭ خىزمەت قىلىپ، بىمالال ئولتۇرۇۋەر. كۆرۈۋاتىسەنغۇ، بۈگۈن مېنىڭدە ساڭا ئۈلپەت بولغىدەك ماغدۇر بولمايۋاتىدۇ. سەن كەلگىچە، ئىلتىماسىڭنى ئورۇنلاپ قوياي دەپ، مۇنۇنى باشلاپ قويغان، ئاز قالدى. ئاندىن گەپلىشىمىز، – دېدى.

ھېچنەرسىنىڭ كېرەك ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، بىرئاز كۈتۈپ تۇردۇم. كۆپ ئۆتمەي شائىر، بىر سۆز ئۆچۈن بىر - ئىككى مىسرانى ئۆزگەرتىپ، تۈزىتىلگەن مەرسىيەنى قولۇمغا تۇتقۇزدى.

شائىر شۇ كۈنى يەنە بىر پوئېما – داستان ۋە ئىككى پوۋېست يېزىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى يەتكۈزگەن بولسىمۇ، ئەتىمالىم، ماغدۇرىنىڭ تۈگەۋاتقانلىقىنى سەزگەن بولسا كېرەك، گېزىت ئۈچۈن ساڭا بىر سۆھبەت بەرسەم دەپ قالدى. ئاندىن ئىككىمىز ئولتۇرۇپ، ئېلان قىلىنىدىغان سۆھبەتنىڭ سوئاللىرى، يۆنىلىشى ئەتراپىدا ئۇزاق سۆھبەتلەشتۇق. ئاخىرىدا، كېلىشكەن سوئاللارغا بېرىلىدىغان جاۋابلارنى ئۆزى ھازىرلاپ، تەييار بولغاندا خەۋەرلەندۈرىدىغان بولدى.

ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتۈپ، ساۋۇتجان ئاكا يەنە تەھرىراتىمىزغا كەلدى. بۇ قېتىم قولىدا بىر پارچە ۋاراق ئەمەس، بىر بولاق قەغەزى بار ئىدى. ئۇنىڭ قايسى كۈنى كېلىشكەن سۆھبەت ئىكەنلىكىنى دەرھال چۈشەندىم. ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، «خەۋەر بەرگەن بولسىڭىز، ئۆزۈم بېرىپ ئېلىۋالاتتىمغۇ » دېدىم خىجالەت بولۇپ. «سىلەرنى بىر كۆرەي، دېدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن ئەدىب، بىر پەس دەم ئېلىۋېلىپ، قانداق كەلگەن بولسا، شۇنداق ئېغىر قەدەم تاشلاپ، چىقىپ كەتتى...

بىز كېلىشكەندەك، سۆھبەتنى تەييار دېگۈدەك ھالەتتە ئېلىپ كەپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئايرىم يەرلىرىنى سەل ئۆزگەرتىشكە، بەزىلىرىنى قىسقارتىشقا توغرا كەلدى. ئاندىن ئۆزىگە تېلېفون قىلىپ، ئۆزگەرتكەن، قىسقارتقان يەرلىرىمنى ئېيتىپ، سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈردۈم. قارشى بولمىدى. ئاخىرىدا، «پەقەت <كۆڭۈلدىن چىقتى> دېگەن سۆزنى قوشۇۋەتمىسەڭ بولدى» دەپ سەل ھەزىللەشتى. شائىرنىڭ مۇنداق دېيىشىنىڭمۇ ئۆز سەۋەبى بار ئىدى. قايسىبىر ئۇچراشقىنىمىزدا ئۇ:

– ئۇكا، مۇشۇ «كۆڭۈلدىن چىقتى» دېگەن سۆزنى زادى ئىشلەتمەڭلارا...- دەپ ئىلتىماس قىلغاندا، مەن:

– نېمىشكە، ئۇنداق دەيسىز، ساۋۇتجان ئاكا؟ بۇ، ئادەتتىكى، «كۆڭۈلدىكىدەك، يەنى كۈتكەندىكىدەك بولدى» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدىغان ئىبارىغۇ؟ – دەپ پىكىر بىلدۈرگەن ئىدىم. ئۇ شۇ چاغدا:

– ئۇنداق بولسا، نېمىشكە شۇنداق «كۆڭۈلدىكىدەك بولدى» دەپ ئۆز ئەينى پېتىچە ئىشلەتمەيسىلەر؟– دەپ، سوئالنى ئۆزۈمگە بۇراپ، ئاندىن:

– بىلمىدىم، ئەيتاۋۇر، مۇشۇ «كۆڭۈلدىن چىقتى» دېگەن سۆز ماڭا زادىلا ياقمايدۇ. ئۇنى مەن

«كۆڭۈلدىن چىقىپ كەتتى»، «كۆڭۈلگە قونمىدى» دېگەن مەنىدىلا قوبۇل قىلىمەن – دېگەن ئىدى... مانا، ئۇ شۇنداق، ھەربىر سۆزنىڭ مەنىسىگە، پايدىلىنىش ئورنىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئەدىب ئىدى.

تېلېفوندىكى سۆھبەتتىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپلا، تەھرىراتقا ساۋۇتجان ئاكىنىڭ ئۆزى ئەمەس، «ئېغىر ھالەتتە ئاغرىقخانىغا چۈشۈپ قاپتۇ» دېگەن ئۇ تۇغرىلىق ئەندىشىلىك ئۇچۇر كەلدى. بىز يىغلىپ، ھال سوراش ئۈچۈن ئاغرىقخانىغا يەتكىچە، «ساقايماي قاپتۇ» دېگەن شۇم خەۋەر قۇلىقىمىزغا يەتتى. بۇ 2006 - يىلىنىڭ 23 - يانۋار كۈنى ئىدى. ئاندىن ھەممىمىز يىغلىپ، يىغلىشىپ، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ راۋاجلىنىشىغا زور ئۈلۈش قوشقان ئۇلۇغ ئەدىبنىڭ ئالمۇتىدىكى قازاقىستان يازغۇچىلار ئۆيىگە قويۇلغان مۇردىسىنى سۇلتانقورغان مەھەللىسىدىكى قەبرىستانلىققا ئاپىرىپ دەپنە قىلدۇق...

مەرھۇمنىڭ تەھرىراتقا ئېلىپ كەلگەن ئاداققى سۆھبىتى بولسا، ئاردىن قىرىق كۈن ئۆتكەندىن كېيىن «سۆزنىڭ سالمىقى بار، ئاۋازنىڭ - كۆركى...» ماۋزۇسى ئاستىدا «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىدە ئېلان قىلىندى.

...مانا، ئاردىن سەل ئوشۇق 14 يىل ئۆتۈپتۇ. بۇ جەرياندا ئالەمدىن ئۆتكەن كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ كەينىدە ئىزدىگۈچىسى، قولىدا پۇلى، ئاتقۇرۇۋاتقان مەنسىپى بار ئەۋلادلىرى بولغاچقا، تۇغۇلغان كۈنلىرى كەڭ دائىرىدە ئاتاپ - يادلىنىپ ئۆتۈلمەكتە. ئۇنىڭغا مېنىڭ ھېچ قارشىلىقىم يوق. پەقەت ئەسلەشكە ئەرزىيدىغان ساۋۇتجان مەمەتقۇلوۋغا ئوخشاش ھەقىقىي ئەدىبلىرىمىزنىڭ، ئۇلۇغ ئەربابلىرىمىزنىڭ «كۆڭۈلدىن چىقىپ»، ئۇنتۇلۇپ قېلىۋاتقانلىقى «بارماق چىشلىتىدۇ». ئەڭ بولمىغاندا، مۇشۇ قېتىم، ئىزباسار بوغۇنلارغا ئۆچمەس مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن بۈيۈك ئىستېدات ئىگىسىنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى ئۇ ئۆزى ئېيتقاندەك كۆڭۈلدىكىدەك، كۆڭۈلدە ساقلانغۇدەك دەرىجىدە ئاتاپ، ياد ئېتىپ ئۆتسەك دېگۈم كېلىدۇ.

# شېئىرلار

ساۋۇتجان مەمەتقۇلوۋ (قازاقىستان)

## موسكۋالىق تاماشىبىن بىلەن سۆھبەت

*ئۇيغۇر تىياتىرى؟ ھەيرانمەن، شۇنداق تىياتىر بارمىكەن؟*
*– بار ئىكەن. مەن كۆردۈم...*
*(يولۇچىلار گېپىدىن)*

سىلىق بۇ يەردە سىردىشىم شۇنچە،
راست ئېيت، يالغان ئېيت – دەسلەپ ھە دەيدۇ.
سىرلىق بۇ يەردە سىردىشىم شۇنچە،
سۆزى – ھەرە، بارىڭ – ياغاچ، ھەرىدەيدۇ ...

سەۋەب مەلۇم ئاڭا: ھەقىقەت بىرلا،
ياكى ئۇ بىر پۈتۈن، مەيدىلەپ بولماس.
ئەتە ئۆلۈم دېگەن مۇقەررەر بولسا،
بۈگۈنكى ئاغرىقنى پەپىلەش ئۇ ئاز...

– دېمەك، تىياتىرنى كۆردىڭىز سىز كېلىپ
ئېيتارسىز توغرىسىنى: – ناچار يە ياخشى؟
كېلىشكە ئالدىراپ، تاماق مۇزلاپ قېلىپ،
كېتىشكە ئالدىراپ تۇتمىغانسىز تاكسى؟

– ياق، – دەپ كۈلدى ئۇ، – ياخشى ئەل كۆردۈم،
دەريادەك قەلبىدە ھارارەت قايناق.
مەن خۇشال – شۇ كېچە ماڭا نامەلۇم
سەنئەت قۇتۇپىغا تىكتىم بىر بايراق...

خەلق ۋۇجۇدىدىن چىن سەنئەت بەرپا،
دېمەك، سەنئەت-خەلق ، زىيادىن تامچە،
سەھنىدە «ئانارخان» مۇنچىلىك بولسا،
ئەسلى ئۇيغۇر ھاياتى غەمكىندى قانچە؟

مەن دېدىم: – ئۇيغۇرۇم ھاياتى غەمكىندى شۇنچە،
ماڭلىيى يارا–يو، لېكىن پۈكمەي تىز،
ھايات گۈزەللىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن،
قانچە گۈزەللىكنى قۇربان قىلدۇق بىز!

بار ئىدى ھۆر ۋەتەن...
ئورنى بار، ئۇ يوق،
شەرقتە بىر نامەرد قىلغاچ ھۆكۈم، دوق،
ئولجىسى تورىغا ئوراپ قويۇپ خۇش،
ئاستا قاراپ تۇرغان ئۆمۈچۈكتەك ئۇ توق...

بىر چاغ سىلەر، رۇسلار، يېشىڭلار تارام
ۋولگا بويىدا جىم چەككەن كەبى غەم.
پەلەك گەردىشىنىڭ كاجلىقىغا قاراڭ،
ھېلى تارىمغا باقسام بىزدە مۇڭ، ئەلەم...

خائىن زەھەر چېچىپ، ياتمىدى ئۇ تىنچ،
ئەسىر بويى يۇلۇپ خەلقىم بارىنى.
كىمنىدۇر كۆمدى–يو، كۆمەلمىدى ھېچ،
دۇتار ساداسى ۋە نەينىڭ زارىنى.

ياق! سەنئەتكە ئۇ قويالمىدى چەك،
ياشاش ئۈچۈن بولغاچ مەردانە ئۆلۈش.
بار كەبى ئۆتمۈشتە ئۈمىد ، كېلەچەك،
بار ھەم كېلەچەكتە چوڭ ئۇستاز – ئۆتمۈش!

چوڭ ئۇستاز – شۇ ئۆتمۈش بۈگۈنكى سەنئەت،
شاد دەۋرىم ئالتۇندىن يالاتقان بىرئاز.
ئاما ئۇ دېڭىزدىن بىر تامچە پەقەت،
سىز كۆرگەن دىراما، سىز تىڭشىغان ساز.

ئۇ دېدى رازى ۋە ئىخلاسمەن، قايىل:
– مەلۇمغۇ، دېھقان ئەل سەنئەتسىز ئەمەس،
دوستلۇق، سادىقلىققا ۋاپادار، مايىل،
دېمەك، ھەر جايدا ئۇ شۆھرەتسىز ئەمەس.

كۆردۈم –
ئۆچكەن گۈلخانلارنىڭ شولىسى... سازى...
بىر ئالەم – ئەجدادنىڭ مۇقام، غەزىلى...
كۆردۈم –
شۇ قارا كۆزلەردە كېيىكنىڭ نازى،
بىردە چاقناپ تۇرغان يولۋاس غەزىپى ...

كۆردۈم ۋە بىر ئۆمۈر چىن دىلدىن سۆيدۈم،
تا ھېلى قەلبىمگە شادلىق تولدۇ.
مەلۇمغۇ-نامەلۇم مەرد خەلق كۆردۈم،
سەنئىتى بولغانىكەن!
بار ۋە بولدۇ!

## سورايدۇ، دەيدۇ، يۇرتداشلار سېنى...

سورايدۇ، دەيدۇ، يۇرتداشلار سېنى
قېرىندىشىم، ساڭا كۆپ رەھمەت!
...ھازىرغا سورىما، ئىزدىمە مېنى،–
مەن ئۆزۈم ئۆزۈمنى يۈرىمەن ئىزدەپ.

پەقەت ئۇنتۇدى دەپ كىر سالما دىلغا،
ئۇ چاغ بولۇر قوش گۈل قاراشمىغاندەك.
ياكى ئەقىللىككە ياراشسا يىغا،
كۈلكە ئەقىلسىزگە ياراشمىغاندەك...

دوستنى كۆرمىسەممۇ،
قويمىسام ئەسلەپ،
شۇ كۈن، قۇربىم ، مېنى ياشماپتۇ دە.
دائىم ئۆزگىلەرگە ياخشىلىق ئىزدەپ،
يامانلىق قىلدىم مەن بەزەن ئۆزۈمگە:

تۆردە ئورنۇم باركەن – سىيرىلدىم تۆۋەن،
مانتىدا – خىزمەتتە بولدۇم زىيادە.
ئېتىمنى توقۇپ قويۇپ، ئالدىراپ ئۆزۈم،
ئالدىرىماس كەتتى، مەن قالدىم پىيادە.

ھە، قىلدىم قەلبىمنى ئۆزگىگە ئاتا،
بەلكى ساخاۋىتىم دىلىغا يەتتى.
تۈنلىرى يول تېپىپ يۈرەتتىم ھەتتا،
تەقدىر چىڭقى چۈشتە تېنىتىۋەتتى...

ھېلى كۆكرىكىمدە جاراڭلار ئۈنۈم،
ئەپسۇس، ساداسىز ئۇ – تارى يوق سازدەك.
يۇرتتا ھېلىقى شوخ تاش ئېتىپ بىر كۈن
قانىتىنى چاققان كۆلدىكى غازدەك...

ئەل دەيدۇ: «تۇلپارلار سوقىغا قېتىق...»
جا ئاتكەش بىلمەسكەن ئۇنىڭ قەدرىنى.
ئاما ۋاقىت ئەمەس باغلاقلىق، چېتىق،
بىر كۈن بىلەر ئەۋلاد ئەجداد ئەجرىنى ...

دوستۇم،
كەم دىدار بولدۇڭ دەپ رەنجىمە ماڭا
ۋە ئېيتما:
دوستلۇقتىن چىقىشتۇق بىز دەپ.
كېيىن شۇنداق بىر خەت يازايكى ساڭا،
توختا، ئۆزۈمنى ئاۋۋال تېپىۋالاي ئىزدەپ...

## بەزىدە

*«مەنلا ئوغرىلىق قىلسام، ئايدىڭ بولۇپ قالىدۇ»(خەلق سۆزى)*

بىر دوستۇمنى ئىزدەپ، يوقلاپ باردىمۇ،
قارا قۇلۇپ مېنى قارشى ئالدۇ.
يىراقتىن بىر ياخشى خەۋەر ئالدىمۇ،
ئەتىسىلا يالغان بولۇپ قالدۇ.

سەپەر كېزىپ يىراقتا – مەن يولدىمۇ،
شۇ چاغ بىرسى مېنى چايغا ئېيتىدۇ.
دىلبەر بىلەن سەيلە قىلماق بولدىمۇ،
دەل شۇ كۈنى مۆلدۈر يېغىپ كېتىدۇ.

گەپ، سۆزدىمۇ قۇرۇق بەندە ئەمەسمەن،
داڭقىم چاپسان يىراقلارغا يېتىدۇ.
تۈپ-تۈز يولدا سەل پۇتلۇشۇپ كەتسەم مەن،
«يىقىلدى » دەپ سۆز تارقىلىپ كېتىدۇ.

بىر سەنەتكىنى سۆيۈپ قالسام – پەرۋانىمەن،
قوغلايمەندە، ھە ئۇ كېتەر يەتكۈزمەي.
ئۆزۈم قېچىپ يۈرگەنلىرىم ، ھەيرانمەن،
يوقلا يەردىن تۇتۇپ ئالار سەزگۈزمەي.

تەلىيىم كاج... ئېيتىپ-ئېيتماي نە قىلاي،
تېشىم پەقەت تۆۋەنگىلا دوملايدۇ.
... ھايات شۇكى: ناچارلارنى كۆزگە ئىلماي،
كۈچلۈك بىلەن كۈچ سىنىشىپ ئوينايدۇ.

# ئىككى شېئىر

خەندان (تۈركىيە)




## باشقا بىرى بولۇپ ئويغاندىم

كۆزلىرىم مېنىڭ ئەمەس،
ئاقلىرىغا، قارىچۇقلىرىغا سىڭگەن ئەسلىمىلەرنى يۇيۇۋېتىپتۇ
ئاخشام تۆككەن كۆز ياشلىرىم،

يىغلاپ باقتىم ئازراق،
ئاۋايلاپ كەتمىدىم ئۆزۈمنى بۇرۇنقىدەك.
ياشلىرىم يامغۇردەك تۆكۈلمىدى،
قۇپقۇرۇق تۇپراقتا بوران چىققاندەك بولدى،
كىرپىكلىرىم قومۇرۇلۇشقا باشلىغاندا بىر تال - بىر تالدىن،
توختىتىۋالدىم ئېسەدىشىمنى،
بۇرۇن توختىتالمايتتىم.

يۈزۈم مېنىڭ ئەمەس،
قىزىللىقىنى يەپ كېتىپتۇ سەھەردىكى يالغانچى قۇياش،
تاتىرىپ تۇرىمەن ئاپئاپىقا قارىسامۇ،
ئاچچىقىمنى،
پۈتۈن ئاچچىقىمنى
ئاخشام بالدۇر پېتىپ كەتكەن كۈندىن ئالغۇم كېلىدۇ.

كۆزۈمنىڭ جىيىكىدە كۆپەيگەن بىر تال سىزىق
تۈنۈگۈن يوقلۇقىنى چاندۇرماي چوڭقۇر چۆكۈپ كېتىپتۇ.
ئۇ ياق - بۇ ياققا تارتىپ باقىمەن ئوڭشالمايدۇ،
دەزمال سىلىشنى ئويلاپ توختاپ قالىمەن.
قىلغۇم كەلگەننى دەرھال قىلالاتتىم تۈنۈگۈن،
كەينىدىن پۇشايماننى بىر قاچىغا تولدۇرۇپ
ئالدىرىماي يەيتتىم،
بۈگۈن پۇشايمان قىلغۇم كەلمىدى.

دەردىم مېنىڭ ئەمەس،
ئاغرىقلىرىمغا بىر چەتتە قاراپ تۇرىمەن،
چېكەمنى تۇتمايمەن،
ئۆزۈمگە تەسەللىي بەرمەيمەن،
بىر ئىستاكان قەھۋە دەملەپ خۇمارىمنى چىقارمايمەن،
بىردەم ئاغرىسا كۆنۈپ قالىمەن دەيمەن.
يىراقتىكى تاغلاردا يۇلۇنغان قارىغايلار بىلەن چىرقىراپ كېتىمەن،
بىر پاي ئوقتا ھۆركىرەپ يىقىلغان يولۋاسلاردەك يىقىلىمەن،

تورۇۋاتقان قوۋم بارخانلىرىدەك يىلتىزىمدىن ئاجراپ كېتىمەن،
مىڭ يىللىق دەرەخ ئۇستۇمگە يىقىلىدۇ،
مەن ئۇنىڭ شاخلىرى بىلەن قۇرۇيمەن،
ئۇنىڭ ئۇسساپ كەتكەن يوپۇرماقلىرى مېنىڭ يۈرىكىم،
ئۇنىڭ يىرىلىپ كەتكەن قوۋزاقلىرى مېنىڭ تېرەمدەك كۆرۈنىدۇ.
بۇرۇن قاچاتتىم يىراقلارغا،
هازىر مىجىلغىنىمنى سەزمەي قالىمەن.

بويىنۇم مېنىڭ ئەمەس،
بۇراپ باقىمەن، چىنىققاندەك بولۇۋالىمەن،
قاتتىق بۇراشلاردا قاراس - قۇرۇس قىلغاندا
كۆلۈپ كېتىمەن.
قورچاقنىڭ بېشىنى قايرىغاندەك قايرىۋالىمەن،
ئاغرىيدۇ ئۆزىنىڭ ئىچىدە،
پەرۋاسىزلىقىمغا يىغلاپ كېتىدۇ تومۇرلىرىم،
«توۋا» دەپ ياقامنى تۇتىمەن،
«سېنىڭ ئاچچىقىڭنى تارتىشىپ بەرسەم بولامتى؟
ئىشىمنى تاشلاپ ئاغرىشىپ بەرسەم بولامتى؟»
مەنتىقىسىز تۇيۇلىدۇ ئورۇنسىز جىدەللىرى،
يۇلقۇنۇپ چىقىپ كەتكۇم كېلىدۇ ئۇنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن،
ئاپاپ يۈرمەيمەن تۇنۇگۈن سەھەردە ئايىغاندەك،
قىقىلىپ سوقۇلۇپ بوگۈننى ياششىنى تاماشا قىلىمەن بىردەم،
ئاندىن ئۆز هالىم بىلەن بولىمەن.

يۈرىكىم مېنىڭ ئەمەس،
بەزىدە دۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتىدۇ،
«ئاستىراق» دەپ ۋارقىراپ قويىمەن.
بەزىدە جىمجىت بولۇپ كەتسە ئەنسىرەيمەن،
«ۋاي يەنە سوقىدىغۇ» دەپ ئويلاۋېرىمەن،
بىر كۈن توختاپ قېلىشىنى سوقۇشتىن،
بىر كۈن ئېتىلىپ كېتىشىنى غەزەپتىن،
بىر كۈن تىتىلىپ كېتىشىنى ھەسرەتتىن
خىيالىمغا ئەكېلىپ باقىمەن،
تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىدەك نورمال قوبۇل قىلىمەن.

بەلكىم ئازراق ئىچىم ئاغرىيدۇ
باشقىلارغا ئىچىم ئاغرىغاندەك.

پۇت - قوللىرىم مېنىڭ ئەمەس،
قوللىرىم بىر نەرسىلەرنى ئالماقچى بولىدۇ،
نىمە ئالغىنىغا قاراپمۇ قويمايمەن.
پۇتلىرىم بىر يەرلەرگە تارتىدۇ،
رايىغا قويۇۋېتىمەن.
تۆمۈر رېشاتكىلارنىڭ يېنىغا كەلگەندە،
ئىچىگە كىرىشنى كۆرۈپ تۇرىمەن.
قولۇمدا كويزا، پۇتۇمدا كىشەن،
بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق ياشىشىغا كۆنۈپ كېتىمەن.
«ماڭا نىمە زىيىنى ئىدى؟» دەپ قالىمەن تۇرۇپ،
ئەقلىم،
ھېسلىرىم،
بارچە تۇيغۇلىرىم بۇنىڭغا قوشۇلىدۇ.
بۇرۇن ئەڭ قورققانلىرىمغا
بوگۈن ئۆزۈمنى سۇنۇپ بېرىمەن.

ئېغىزىمنى ئاچىمەن،
سۆزلەپ باقىمەن،
ناتونۇش ھەرپلەر تۆكۈلىدۇ.
بىر ھەرپنى ئېسىمدە تۇتۇۋالىمەن:
ۋەتەن شۇ ھەرپ بىلەن تۇغۇلاتتى،
ۋىجدان شۇ ھەرپتىن باشلىناتتى،
ياۋ شۇ ھەرپ بىلەن ئۆلەتتى.
ئۇنتۇپ قالمايمەن بۇ ھەرپنىڭ ئۇستىدىكى ئۈچ تال چېكىتنى،
ئويغىقىمنى بىرىنىڭ ئىچىگە قويىمەن،
ئۇمىدىمنى بىرىگە يۇغۇرىمەن،
مۇشتۇمۇمنىڭ ئۇستىدىن تۆكۈلگەن مۇشتۇمۇمنى ئەڭ ئۇستىگە قويۇپ
«مەن بوگۈن سەن ئۇچۇن ئويغاندىم» دەپ قويىمەن...

2020 - يىلى 9 - ماي

## ئەگەر مېنىڭ بىر ۋەتىنىم بولسا

ئەگەر مېنىڭ بىر ۋەتىنىم بولسا،
ئۇنىڭ ئاسمىنىغا ئېسىپ قويىمەن يۈرىكىمنى،
ھەر كۈنى ئۇنىڭ قۇياشى بىلەن ئېتىپ،
ئۇ باققان بۇغدايلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەيمەن.
قىش، باھار، ياز، كۈزدە
ئۇنىڭ بىلەن ئىسسىپ، ئۇنىڭ بىلەن تىترەيمەن.
بايرىقىممۇ بار يەنە،
ئۇ چۈشمەيدۇ ئاسماندىن،
كېچە ئاسمىنىنىمۇ «كۆك» دەپ ئاتايمىز شۇنىڭدىن باشلاپ.
كېچىدە ئاي چىقمىسىمۇ بولىدۇ ئاندىن،
يۇلتۇزلارنى سانىمايمەن ئۇيقۇم قاچقاندا،
بىر تال يۇلتۇز يېتىدۇ ئايغا ھەمراھ بولۇشقا...
ئەگەر مېنىڭ بىر ۋەتىنىم بولسا،

32 ھەرپىمنى ئۇنىڭ ئېتىزلىرىغا تېرىيمەن.
كۆزدە مول - ھوسۇل ئالىمەن پاساھەتتىن،
ئانىلار نان ياقىدۇ بۇ كارامەتتىن،
باللارنىڭ تىلى چىقىدۇ بىر چىشلەم يەپلا،
ئاكىلارنىڭ تىلى قىلىچتەك كېسىدۇ،
ھەدىلەرنىڭ تىلى غەم - غۇسسىلەرنى يېشىدۇ،
دادىلارچۇ؟ ئاھ، دادىلار
تىلى بىلەن ياۋنىڭ يۈرىكىنى تېشىدۇ.

ئەگەر مېنىڭ بىر ۋەتىنىم بولسا،
مەن يىغلىمايمەن تاياق يېسەممۇ،
مەن يىغلىمايمەن كونا پۇرۇچلاردىن قۇراق كىيسەممۇ،
مەن يىغلىمايمەن لاي تاملارنى سۈۋاپ قوللىرىمدا،

ئوتتۇرىنىڭ ئىسىغا كۆزلىرىمنى سۈرسەممۇ.
كۈلىمەن ھەر مىنۇت،
ئويغاقلىقىمغا ئىشەنمەي قالىمەن چوقۇم،
ئۆزۈمنى چىمدىپ باقىمەن.
«ئاڭلاڭلار، مېنىڭمۇ ۋەتىنىم بار» دەپ ۋارقىرىغۇم كېلىدۇ،
«ئا» دېگۈچە ھاياجان تىلىمغا توغان سالىدۇ،
ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىمەن قاقاھلاپ تۇرۇپ،
خۇشاللىقتا يېپىپىگى بىر ئىسىم قويىمەن،
كۆز ياشلىرىمنى خۇشاللىق بىلەن يۇيىمەن.

ئەگەر مېنىڭ بىر ۋەتىنىم بولسا،
نېمە دەردىم قالىدۇ؟ دەپ بېقىڭە.
دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەمگە ئايلىنىمەن،
كەم نەرسەم ئۆلۈم بولىدۇ پەقەت.
«مۇرادىغا يەتسە ئۆلىدۇ» دەر چوڭلار،
بەلكىم شۇ كۈنى مۇرادىمغا يېتىمەن،
بەلكىم شۇ كۈنىلا ئۆلۈپ كېتىمەن...

2020 - يىلى 19 - ماي

# بەزىلەرنى ياخشى كۆرىمىز

خېلىل جىبران (لىۋان)

بەزىلەرنى ياخشى كۆرىمىز
بىراق يېقىنلىشالمايمىز
ئۇلار يىراقلىقى بىلەن شېرىن
يىراقلىقى بىلەن يۈكسەك
يىراقلىقى بىلەن قىممەتلىك.

بەزىلەرنى ياخشى كۆرىمىز...
يېقىنلىششىش ئۈچۈن كۈچەيمىز
پۈتۈن ھاياتنى ئۇلار بىلەن بۆلىشىمىز
ئۇلاردىن يىراقلىشىش بىزنى ئازابلايدۇ
ئۇلارسىز ھاياتنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ شۇنچىلىك ئاچچىق

بەزىلەرنى ياخشى كۆرىمىز...
ئۇلار بىلەن گۈزەل ھېكايىمىز بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز
ئۇچۇرۇشۇش ئۈچۈن تاسادىپىيلىقنى ئويدۇرىمىز
كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن باھانە تاپىمىز
ئۇلار بىلەن رېئاللىقتىن كۆپرەك خىيال دۇنياسىدا ياشايمىز

بەزىلەرنى ياخشى كۆرىمىز...
بىراق قەلبىمىزدىلا
گەرچە ئاچچىق بولسىمۇ سۈكۈت قىلىمىز
سۆيگۈمىزنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگىمۇ زاھىر قىلمايمىز
چۈنكى تۇسالغۇلار كۆپ
نەتىجە ۋەھىملىك
ئەڭ ياخشى چارە
ئۇلارنىڭ دەرۋازىسىنى
ئارىمىزدا يېپىق قالدۇرۇش.

بەزىلەرنى ياخشى كۆرىمىز...
زېمىننى ئۇلارنىڭ سۆيگۈسى بىلەن تولدۇرىمىز
دۇنياغا ئۇلار ھەققىدە سۆزلەپ بېرىمىز
ھەر ۋاقىت ئۇلار بىلەن مۇڭدىشىمىز
ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلىقىغا

سۇ، ھاۋاغا موھتاج بولغاندەك موھتاج بولىمىز
ئۇلارنىڭ يوقلۇقى
ھەتتا يىراقلىششىمۇ
بىزنى بوغۇپ ئۆلتۈرىدۇ

بەزىلەرنى ياخشى كۆرىمىز...
چۈنكى ئۇلاردىن باشقىسىنى تاپالمايمىز
سۆيگۈگە بولغان تەشنالىقىمىز بىزنى ئۇلار تەرەپكە سىلجىتىدۇ
كۈنلەر ئۆتىدۇ
ئۆمۈر ئۆتىدۇ
زامان ئىزىدا تۇرمايدۇ
ھەمراھسىز ياشاش بىزنى چۆچۈتىدۇ.

بەزىلەرنى ياخشى كۆرىمىز...
چۈنكى ئۇلار سۆيگۈدىن باشقىغا لايىق ئەمەس
ئۇلارنىڭ ئالدىدا سۆيمەي چارىمىز يوق
ئۇلاردىن گۈزەل نەرسىلەرنى ئۆگىنىمىز
ئۇلار بىلەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى رېمونت قىلىمىز
ھاياتنىڭ رەڭگارەڭلىكىنى قايتۇرۇپ كېلىمىز
سائادەت بېغىشلاش ئۈچۈن سەممىيەتنى لىباس قىلىمىز

بەزىلەرنى ياخشى كۆرىمىز....
بىراق قەلبلىرىدە بۇ سۆيگۈنىڭ ساداسىنى تاپالمايمىز
سۇنىمىز، چېقىلىمىز، ۋەيران بولىمىز
مەغلۇپ ھېكايىلەر ئىچىدە ئوڭغۇل-دوڭغۇل دەسسەپ يۈرىمىز
چۈنكى ئۇلارنى ئۆچ كۆرەلمەيمىز، ئۇنتالمايمىز
ئۇلاردىن باشقىسىنىمۇ سۆيەلمەيمىز
ھەر قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئۇلار ئۈچۈن ياش تۆكىمىز

بەزىلەرنى ياخشى كۆرىمىز...
ئۇلارمۇ بىزنى ياخشى كۆرىدۇ...
بىز ئۇلارنى ياخشى كۆرگەندەك...

ئەرەبچىدىن كەۋسەر تەرجىمىسى (تۈركىيە)

# شېئىرلار

مۇتەللىپ سەيدۇللا (نورۋېگىيە)

## غېرىبلىقنىڭ بېيىتى

دېرىزىلەر يېپىق، شامالLAR غۇر-غۇر
شامالLAR ئۇلغايدى...
يوللار يەنىلا جىمىغۇر.
كېمىلەر كېلەر - كېتەر
قۇشلار كېلەر ، يەنە ئۇچۇپ كېتەر
ھەممىنىڭ ئۇۋىسىغا ئوخشىغان بۇ يەر -
ئاھ، مېنىڭ قەلبىم !
ئاھ! مېنىڭ قىسلىغان نەپەسلىرىم
شېئىر بولۇپ ئويغىنىدۇ ھەر سەھەر.
مەن كۈتۈۋاتىمەن
ئۇ كۈتۈۋاتىدۇ
بىز بىللە كۈتۈۋاتىمىز،
ئارىمىزدىن ئىگىسىز قولۋاقلار ئۆتۈپ كېتەر
كۈتۈشنىڭ ئىككى قىرغىقى تەڭپۇڭ بولسىچۇ؟
كۆزۈمنى ئاچسام
شېئىرغا ئوخشايدىغان بىر ئايال غېرىبلىق بېكىتىدىن ئاستا چىقىپ كېلەر.

2019 - يىلى 10 - دېكابىر

## ۋىدالىشىش خاتىرىسى

دۆۋە - دۆۋە سوئاللار ياقامنى سىقسا
يىراقلارغا قارايمەن

مەستخۇش جاۋابلار ئۆزىنى يوقاتقاندا
تارىخنى ئەسكە ئالىمەن

يالغۇزلۇقتا
ھېچكىم ياكى ھېچنېمىنىڭ يادىدىن كەچمىسەم
چوقۇم ئۆلگەن بولىمەن

بىر كۈنلەردە ...
سوئال ۋە جاۋاب
ئارىلىقدىكى مۇساپىلەردە ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇمەن

ئەڭ گۈزەل بىر ناخشىنى بىزنىڭ تىلىمىزدا ساڭا ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن.

2020 - يىلى 6 - يانۋار

## سۆز قالدۇرۇش سۇپىسى

كۈز كەلسە،
چېقىلىدۇ شاراقلاپ باللىقنىڭ ئەينەكلىرى
باھاردا،
تۇتۇشىدۇ يوللار قايتىپ ئەسلىگە.
يازدا،
ئېرىپ كېتەرمۇ يارنىڭ يۈرىكى؟
قىشتا،
توڭلاپ قالارمۇ سۆيۈشىسمۇ كۆڭۈل تىلىكى...
بەربىر،
بەربىر ئىككىمىز ئۈچۈن
ئايرىلىش ۋە ئۆلۈمنىڭ نېمىلىكى.

2018 - يىلى 7 - مارت

## كۆيۈك دېڭىز

بىر شېئىر يېزىلسا ئەگەر
بىر لىنىيە ئىچىدە بوش قالسۇن بىر يەر،
پۈتلىشىدىغان بىر نەرسىدىن
ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتكەندە ئادەملەر.

گەر يولۇقسا ئۇنتۇلماس بىر مۈشكۈلات
كۈلۈپلا قوي،
جاۋاب بېرەر ئۇنىڭغا خاتىرىلەر.
ھېچقىسى يوق بىراۋلار سۆيمىسە، سۆيۈلمىسەڭ ھەم.
چىقىپ كېلەر كەلگۈسىدىكى ئالماش جۈمللەردىن
كۆيۈك دېڭىزغا چۆكۈۋاتقان كېمىلەر.

2019 - يىلى 15 - ماي

## مەست بولۇش

مېنىڭ نامەلۇم تەڭلىمە ئىچىدىكى ھالىتىم
ئۇنىڭ يېشىمى
مەستخۇشلۇقۇمدۇر تۇگۈنلەر
سىرلار،
بىر پىيالە مەيدەك كۆكسۈمنى كۆيدۈرگەندە
بىرى قاقاقلاپ كۈلىدۇ
ئۇنى بىلگەنلەر ھېس قىلار
بىلمىگەنلەر ئەسلا چۈشەنمەس
ھاياتتا ئىزلىپ مېڭىۋاتقان مەندەك.
مەست بولغاندا كۆپلۈك قوشۇمچىسىدەك سوزۇلۇپ كېتىمەن
كائىناتتىكى ھەممە نەرسە مەندەكلا دەپ ئويلايمەن
ئاستا-ئاستا چېگراغا تاقالغان يەكشەنبە كۈنى
ئەتىكى ئىشقا چىقىش ۋاقتى يېقىنلىشىدۇ
يىراقتىكى بىرىنىڭ مېنىڭ تەڭلىمەمگە ئىلاۋە ئىزدەۋاتقانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيىدۇ
ئۇ مېنىڭ مەست ھالىتىمنى نېمە دەپ پەرەز قىلىدىغاندۇ؟
كۆيۈك قۇتۇپلارنى نېمە دەپ ئويلايدىغاندۇ؟
ئەمدى يەنە مەست بولۇشنىڭ پەيتى يوق
چۈنكى ئەتە دۈشەنبە
يەنە ئوخشاشلا ئىشقا ماڭىمەن
ھەسرىتا!
ئۇنىڭ خاتىرىسىدە مەست پېتى قالىمەن.

2019 - يىلى 25 - دېكابىر

## ھەيكەلتىراش

بارلىق تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن
ھېچكىمنىڭ تەنبىھ ۋە تەنقىد بېرىشىنىڭ ئورنى قالمايدۇ،
سەنئەت بىر دەۋرنى ئاياغلاشتۇرغان ۋاقىتتا.
ئادەملەرنىڭ ئەقىل چېگراسى چەكلىك بولىدۇ،
سەن ھەر قانچە دانا ھەم مەشھۇر بولساڭمۇ
بىزنىڭ ئۆزۈن بىر كېچىنى كۈتۈۋاتقىنىمىزنى ئەسلا تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن.
ئەگەر مەن بىر ھەيكەلتىراش بولسام پەقەتلا
سېنىڭ قوبۇللىشىڭدىلا ئىستىبلا بولىمەن.
ھەيكىلىڭنى ساڭا تەل-تۆكۈس تاپشۇرغاندىن كېيىن،
ئاسمانغا تۆمەننىڭ رەت سىزغان بىر رەسىمنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالىمەن،
ۋىدالىششى ئالدىدا سېنىڭ قانداق باھا بېرىشىڭنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىمەن.
ئەمدىكى كۈتۈشلەر قايسى پەسلىنىڭ بولغىيتتى؟
مېنىڭ ھەيكىلىمنى كىملەر يەنە ساڭا نىشان قىلىپ ياساپ چىقار؟
ھەممە ئاخىرلىشىدۇ...
يەنە شۇ چاغدا يېڭىدىن باشلانغان بولىمىز
بۇ ھەرگىزمۇ «باشلىنىش ئاخىرلىشىدۇ»- دېگەنلىك ئەمەس،
«ئاخىرلىشىش قايتا باشلىنىشنى كۈتمەيدۇ» - دېگەنلىكمۇ ھەم ئەمەس.
بىز شۇنداق ھەيكەلتىراشلارمىزكى ئۆزىمىزنى بىر ئۆمۈر تاراشلاپ تۈگىتەلمەيمىز
ھەمىشە بىر-بىرىمىزنى ئۇيۇقلارغا سىزىپ ياشايمىز.

2019 - يىلى 6 - ئاۋغۇست

# شېئىرلار

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت (شۋېتسىيە)



## يەتتە قىزلىرىم

يەتتە دانە گۈل ئۈستۈردۈم باھاردا
قەلبىمدىكى يەتتە دانە قەبرىگە
تۈن باغرىنى يۈرىكىدە پارلاتقان
يەتتە يۇلتۇز ياتار ئۇنىڭ ئىچىدە
يەتتە خەنجەر بولغان ئىدى يەتتە قىز
يەتتە ئۈكەر ئىدى ئەسلى يەتتە قىز
ئۇلار تۆككەن يەتتە تامچە قانلاردىن
يەتتە ئەۋلاد مېڭىپ كەلدۇق بىپىسپ ئىز
يەتتە دانە شەبنەم بولۇپ سەھەردە
يەتتە تامچە يېشىم قونار گۈللەرگە
دۇئا قىلدىم يەتتە ئوقۇپ سۈرىنى
يىراقتىكى يېتىم قالغان قەبرىگە.

2020 - يىلى 20 - مارت

## ئەركىنلىك

ئىنسانىيلىق
پارچە پارچە چېگرا ئىچىدە
كۆيۈۋاتقان ئوت
قايناۋاتقان سۇ
ئېقىۋاتقان قان ئىچىدە
كۆرەر ئۆزىنىڭ گۈزەل چۈشىنى.
ئۇلار تۇغۇلغاندا،
ئىنسان يارالغاندا،
ئويلاپ باقمىغان ئەسلا ئاچارچىلىق ۋە
ئۇرۇشنى ياكى چېگرا ئايرىشنى،
ئارزۇ قىلغان پەقەت
ئەركىن ياشاش ۋە ئەركىنلىكتە ئۆلۈشنى.
يەرشارى بىر ئېغىز ئۆي ياكى بىر دانە كارىۋات،
ئوتتۇرىسىدا سىم توساق- ئىدىيە، دىن ۋە ئىزىم،
رەھىمسىزلەرچە باقار ئۆز ئارا
سېنىڭ كۆك، ئۇنىڭ قارا، مېنىڭ قوي كۆزۈم.
سەن قەھۋە ئىچىۋاتقاندا، باشقىلار كۆز ياشلىرىنى ئىچەر،
ئۇنىڭ قارشىسىدا بىرى قان ئىچەر.
سەن تېنىڭنى ئۇۋۇلىتىۋاتقاندا، باشقىلارنىڭ تېنى قامچىدا تىلىنار.
سەن ساياھەت قىلىۋاتقاندا، باشقىلار قاراڭغۇ زىنداندا ئىڭرار.
سەن بىر قىز بىلەن سۆيۈشۈۋاتقاندا، باشقىلار ئۆلۈم بىلەن دىدارلىشار.
سەن كۈلۈۋاتقاندا، باشقىلار ئازابتىن يىغلايدۇ زار-زار.
قانىغان يۈرەك
خۇددى سائەتتەك شۇنچە ئاجىز چىكىلدار،
پەقەت شۇ بار، ھېچنېمە قالمىدى ئۇلاردا.
چېگرا يوق ئەسلىدە
يەر شارى تۆرەلگەندە،
سىم توساقلار بولمىغان ئىنسان قەلبىدە.
ئىنسان ئەمەس، ئىنسانلىق ياشار،
ئىنسانلىق ئۆلسە ناۋادا
ھەممىمىز بىر دۆۋە ئەخلەت-چاۋار.

2020 - يىلى 19 - ئاپرېل

## شېئىر ئوقۇما

قىزچاق،
بولساڭ ئەگەر شېئىر ئوقۇماق،
ئوقۇما شېئىرنى، ئوقۇغىن مېنى
شېئىردىكى يېتىم تۇيغۇلار
باردۇر مېنىڭدە
تىرىك يېتىم بولغانلىكەنمەن
بىر ياشقا كىرگەن كۈنۈمدە.
مۇھەببەت ئىزدىسەڭ شېئىردىن
مۇھەببەتنىڭ يىلتىزى بار مەندە
تاشنى يېرىپ چىقتىم پورەكلەپ،
18 ياشنىڭ بوز يېرىدە.
چۆكمەك بولساڭ ھەسرەت يېشىغا
كەل يېنىمغا.
بىلمەك بولساڭ سەرگەردانىنىڭ دەردىنى
كىزىپ چىققىن مېنىڭ چەكسىز قەلبىمنى.
مەيۈسلەنگەن، ئۈمىدسىز كۈنلەر
سۇنايلىنىپ ياتار باغرىمدا.
لېكىن قىزچاق بۇلارنى
تاپالمايسەن شېئىردا.
شېئىر ئوقۇماق بولساڭ ناۋادا
شېئىرنى ئەمەس، ئوقۇغىن مېنى

2020 - يىلى 19 - مارت

## ۋاقىت

ۋاقىت
كۆك كەپتەر ئىزدەپ يۈرگەن قار ئاستىدىكى دان
ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىگە كۆمۈلگەن بارا كەلمەس يول
زوراۋاننىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەن جان
تۇرمۇشتىن ئۈمىد ئۈزگەن قىزنىڭ ئامالسىزلىقى
كۆچمەننىڭ قولىدىكى ئۆلۈم خېتى
ۋاقىت
بىرسى ئاسمانغا، يەنە بىرى يەرگە قارىغان كۆزنىڭ ئارىلىقىدىكى بوشلۇق
قەبرىگە سانجىلغان گۈلنىڭ ھېكايىسى
ئىشىكىم ئالدىن ئۆتكەن قىز
نوھنىڭ كېمىسىنى قۇتقۇزغان يىلان- تەننىڭ پارچىسى
مەڭزىڭدىن ئاققان ياشنىڭ ئىزى
ۋاقىت
سائەتنىڭ كۆيگەن جەستى
يېنىمدا پۇشۇلدىغان يېنىك بىر تىنىق
ۋاقىت
جاھاندا بار، پەقەت مەندە يوق نەرسە.

2020 - يىلى 10 - مارت

## قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز

ئەي تۈننىڭ چېچەكلىرى،
كېچىنىڭ گۈزەل گۈللىرى،
سۆيگۈ ئالار ساڭا باققان ئىنسانلار.
پورەكلەيدۇ گۈلدەك يۈرىكى
بىر-بىرىگە ئاشىق بولغانلار.
بىراق كۆكنىڭ سوغۇق كۆكسىدە،
ئاينىڭ گۈنسىز ئەكسىدە،
گۈلدەك تۇزۇپ،
قىرىلىپ قەلبىمدەك ئۇلار
كېچىدىن- كېچىگە
بوشلۇقتىن بوشلۇققا ئاقار.
سەن سۇدەك ئاققان شۇ كېچە،
زېمىندىن بىر جان يوقار.
ئەي تۈننىڭ مىسكىن گۈللىرى
سەن سەرگەردان پۈتۈن كۆك يۈزىگە،
پاتمىدىڭ كۆكنىڭ چەكسىز باغرىغا.
مەن سەرگەردان زېمىنگە
پاتمىدىم ئالەمدىن چەكسىز ئىنسان قەلبىگە.
كەل ئىككىمىز سۆيگۈ ئىچىدە
بىرگە بارايلى
ئۆچمەنلىك يوق گۈزەل ئەتىگە.

2020 - يىلى 8 - مارت

## قار

ئاستا يەرگە قونماقتا ئىدى،
ئانامنىڭ ئاپئاق داكا رومىلى.
مەن تۇغۇلغاندا
ئانام ئاشۇ رومالغا يۆگەپتۇ مېنى.
ئۇ چاغلاردا يېرىمىز
سېغىز توپا ئىدى،
ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدەك قارا ئەمەس ئىدى.
ئاپئاق داكا روماللاردا زاكىلانمىغان،
سېغىز توپا يەپ چوڭ بولمىغان باللار
ئۆزلىرىگە ئىسىم قويالماي ئاۋارە ئىدى.
تارىخ مېنى شۇنچىلىك يېقىن يەردە كۈتۈپ تۇراتتى،
ئۇنىڭ قان ياشلىرىغا غەرق بولغان مومىلىرىم
ماڭا قارىتىپ ئاق روماللىرىنى تاشلايتتى ،
روماللار ئاستا-ئاستا لەيلەپ چۈشەتتى.
ئۇنىڭ قارا يەرنى راۋا كۆرمىگەن بەرگىلىرى
دېرىزەمدە پورەكلىگەندى بولۇپ قار گۈلى.

2018 - يىلى 2 - مارت

## ئىستانبۇلدىكى بېلىقچى



ئەي بېلىقچى
قارمىقىڭدىن ئۈزۈن خىيالىڭ،
بېلىقلاردىن كۆپتۇر ئارمىنىڭ،
جىمجىتلىقىڭ تىرەن دېڭىزدىن.
ئېچىرقىغان چايكىلار،
ئادەملەردىن زېرىككەن پاراخوت
ئېرىپ مەلھەم بولغان ئاۋازلار
بىر پاناھلىق ئىستەر سېنىڭدىن.
ئەي بېلىقچى،
قىرغاقتىكى مىسكىن قىز
غەمگە پاتقان تەنھا بوۋاي
كۆزى ياشلىق سولغۇن يىگىت
قەغەز سېتىپ ئولتۇرغان موماي
نەقەدەر ئوخشىغان ساڭا.
بىراق
قارمىقىڭدا تىپىرلىغان بېلىقجان
ساڭا بەردى جان.
لېكىن ئۇلار تېخىچە نىمجان.

2020 - يىلى 20 - فېۋرال

## مەن ۋە شېئىر

جاڭگالدەك تاشلاندۇق خىيالىمنى
ماڭا-ماڭا ھېرىپ قالغان يولۇمنى
باشقىلار قەرز ئالغان ۋاقتىمنى
ساڭا قالدۇردۇم
پېشانەمدىن ئاققان ئىككى تامچە تەر بىلەن.
مەن يولدا، يول مەندە
كېتىۋاتىمىز بىرلىكتە.
بىر ناخشا بار ئىچىمدە مامكاپتەك يېنىك ،
لېكىن ئۇچۇپ باقمىدى پەرىشتىدەك ھېچقاچان
چۈنكى ئۇ مەجرۇھ قانىتى سۇنغان.
قۇياشنىڭ كۆزى ئېرىگەن يولدا،
شامالنىڭ قولى ئوينار بېشىمدا.
قۇياش قاناشتىن ئىلگىرى
قاراڭغۇلۇق يورۇتار مېنى.
ئەگەر بىرسى كۆرمەكچى بولسا ئىچىمنى
شېئىرىم بىلەن ئاچسۇن ئىشىكىمنى .

2020 - يىلى 2 - فېۋرال

# شېئىرلار

فاتىمە ئابدۇلغەفۇر سەيياھ (ئاۋستىراليە)

## ئانامغا

بىلىمەن
سەن يىراقلاردىن ماڭا دۇئا قىلىۋاتىسەن
مەن كېچىلەردە ساڭا سالام يوللاۋاتقاندەك
بىلىمەن
ئىككىمىزلا ئايغا قارايمىز
ئوخشاش كۈينى تىڭشايمىز
كۆزلىرىمىز نەملىنىدۇ
دەرەخلەرنىڭ شىۋىرلاشلىرىدىن
كۈن نۇرىنىڭ چاقناشلىرىدىن
قۇملارنىڭ كۆچۈشلىرىدىن
روھلىرىمىز تەۋرىنىدۇ
تەكلىماكاننىڭ سوغۇق شاملىدىن
پۇررىدە ئۇچۇپ ئۆتكەن قۇشلاردىن
گۈرۈلدەپ ئۆتۈپ كەتكەن ماشىنىدىن

ساڭا بولغان سېغىنچىمنى
ئىسكىرىپكا تارى چېلىپ بېرەلمەيدۇ
ئەڭ يىغلاڭغۇ شېئىرلار يېزىپ بېرەلمەيدۇ
ئەڭ تالانتلىق ئارتىسلار دوراپ بېرەلمەيدۇ
ئەڭ قاراڭغۇ تۈنلەر يوشۇرالمايدۇ
ئەڭ يورۇق كۈنلەر ئۆزگە سىغدۇرالمايدۇ

سەن ماڭا مۇھەببەت يوللايسەن
روھىڭنىڭ مەخپىي قاتلىرىدىن
كۆزۈڭنىڭ يېنىك تەۋرىنىشىدىن
چاچلىرىڭنىڭ جىمجىتلىقىدىن
زۇلمەتنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن
مىلتىقلارنىڭ ئۇچىدىن
دۇمبەڭگە قادىلىپ تۇرغان نەزەرلەردىن
ماڭا مۇھەببەت يوللايسەن

ئۇچۇپ ئۆتىۋاتقان ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى
ساڭا مىنى ئەسلىتىدۇ
ئۇلاردىن ماڭا سالام يوللايسەن
ئاناردەك قاناپ كەتكەن يۈرىكىڭدىن خەت يازىسەن
دۇئادىن چەكلەنگەن قوللۇرۇڭ بىلەن
كۆز ياشلىرىمنى غايىۋى سۈرتىسەن

ئاھ ئانا
سەن قەيەردە؟
مەن ساڭا سالام يوللاۋاتىمەن
ساڭا سالام يوللاۋاتىمەن

## غەيرى قەھرىمان

بىر ئۆلچەملىك تەن
دەرىجىدىن تاشقىرى قەھرىمانلارنى چۈشىمەيدۇ
ئۇلار قىزىل ۋە كۆك بايراقلارغا تىكىلگەن خادىلار
بىر كۆكنى تۈيمايمىز
ئاسماننىڭ كۆكىمۇ كۆك
تۆمۈرنىڭ كۆكىمۇ كۆك
مۇزلاپ قاتقانمۇ كۆك
قۇرۇپ كەتكەن دىڭىزمۇ كۆك
بىر قۇمغا كۆمۈلگەن
ئۇچقۇر قەھرىمانلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلايمىز
بىر نەچچە قويلار
ئۇلارنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن مالىخاي
راۋابنى يارىغان تاش
پوچتىكەش پالۋان
سەللىلىك ئىشەكچى
ئوتك قۇلىقىمىزدىن كىرىپ
سول قۇلىقىمىزدىن چىقىپ كېتىدۇ
قەھرىمانلىرىمىز قۇم بارخانلىرىدەك پەردازسىز
بىر ئۇلارنى تونۇمايمىز
ئۇلاردا نە كۆزلۈك
نە ئۆمۈچۈك تورى
نە سېھرى قۇدرەت
نە ئىس-تۈتەك
ھېچنەرسە يوق
تۇلۇمغا بوغۇلغان كۆكرىكىمىزدە
جاھاننامە ئەينىكى يوق
كەلگۈسىدىن خەۋەر بەرگۈچى خىرۇستال شارمۇ يوق
بىر توغراقتىن ئەشلەنگەن داپلاردەك
مومايغا ئايلىنىپ كەتكەن بىر ئۆلچەملىك تەنلەر
شامال بىزنى ئۇچۇرالمايدۇ
ئورۇق كاللىلار
قۇرۇق ئۆستەڭلەر
مۆكچەيگەن سۇۋادان تېرەكلەر
ئاي-يۇلتۇزسىز مەسچىتلەردە
سۇنئىي شايى تاۋارلار
مۇشۇلار
ئارغامچىمىزدۇر
ئىشەكلىك جاھان كېزىمىز
ئوتتۇرا ئەسىردىكى كارتونلاردەك
قىزىل كۆزلەر يەنىلا قىزىل كۆز

بىز ھېچقاچان كۆكنى تونۇمىغان
ياكى ئۇچقۇر قەھرىمانلارنى كۆككە ئاتمىغان
بىز پەقەت
قىزىل قۇياشتا كۆيۈۋاتقان
بىر ئۆلچەملىك باشلارمىز

2019 - يىلى 28 - دېكابىر
سىدنىي، ئاۋسترالىيە

## كىم؟

ئەگەر
ئىچىمدىكى
موماينىڭ چۆچەكلىرىنى ئاڭلاۋاتقانمۇ مەن بولسام
كىچىك قىزنىڭ سەبىي تىلەكلىرىنى ئورۇنداشقا تىرىشىۋاتقانمۇ
مەن بولسام
چاپچىپ تۇرغان ئەرنى تىك چوققىلارغا ياماشتۇرغانمۇ مەن
بولسام
پىشىپ يېتىلگەن ئايالنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا سەۋەب ۋە
نەتىجە بولۇۋاتقانمۇ مەن بولسام
ئۆزىدىن ئايرىلىپ ئۆزىگە يۇقىرىدىن قاراپ تۇرۇۋاتقانمۇ مەن
بولسام
كېتىپ قالغان قىسمىغا پەرۋا قىلمايدىغانمۇ
قېلىپ قالغان ئۆزىگە چىدىمايدىغانمۇ مەن بولسام
ۋاقتىمنى ئۆز ئوقىغا يۆگەۋاتقانمۇ مەن بولسام
چۈشۈمدە ئۆتمۈشنى كۆرىدىغان
كەلگۈسىدىن بېشارەت ئالىدىغانمۇ مەن بولسام
يازغۇچىمۇ مەن
يېزىلىۋاتقۇچىمۇ مەن بولسام

بۇ مەن زادى كىم؟
كىم ئۇنىڭ قۇلىقى؟
كىم ئۇنىڭ پۇتى؟
كىم ئۇنىڭ ئەقلى؟
كىم ئۇنىڭ ھىسسى؟
كىم ئۇنى ئۆزىدىن تارتىپ چىقاردى؟
كىم ئۇنى ئۆزىگە قايتۇرماقچى؟
كىم ئۇنىڭ قولى؟
كىم ئۇنىڭ كۆزى؟

بۇ زادى كىم؟

## ئەخمەقلىقنى بىلگەن كۈندىن باشلاپ

ئۇ بىر چۈشتىن كېيىن
24 سېلسىيە گرادۇس ئەتراپىدا
ئادەتتىكى بىر كۈن ئىدى
سىنى ئەقىللىق دەپ ئويلاپ كەلگىلى خېلى بولغان
قانداقتۇر مەلۇم كۈچۈڭگە قول قويغان
مېنى ئەخمەق دەپ نوقۇشلىرىڭنى
چوقۇم ئەقلىڭ سەۋەبىدىن قىلدى دەپ
قايىللىق بىلەن يۈرگەن كۈنلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولۇپ قالدى


ئۇ كۈنى
يېشىل چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ
ئارالدىكى كىشىلەرنىڭ پارىڭىنى سوقۇپ
ئۇدۇل بىناغا چۈشكەن دەرەخنىڭ سايىسى بىلەن
بايا ئوقۇغان تور ھېكايىسىنى سېلىشتۇرۇپ
تىنچىقىنا
تەك قېرىپ
تەڭ ئۆلىدىغان بىر جۈپلەردەك
ئانچە مۇھىم ئەھمىيىتى يوق بىر چۈشتىن كېيىندە
سېنىڭ يوشۇرۇپ قويغانلىرىڭ
كەينى يانچۇقۇڭدىن تورۇكلاپ تۆكۈلۈپ كەتتى

سېنى سۆيۈشتە سەل قىينالغان ئىدىم
ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن كۈچۈڭدىن
باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان ئەقلىڭدىن
ئۆزۈمگە يېتىدىغان خەۋپ - خەتەرنى تەسەۋۋۇر قىلىپ
تورۇكلاپ تۆكۈلگەن يالغانلىرىڭ
يېشىل چايدىن ئۆتۈپ گېلىمغا قۇيۇلغىنىدا
پۇت - قولۇم چېتىلدى

شۇندىن بۇيان
سېنىڭ ئەخمەقلىقىڭنى
ئۆزۈڭنى ئالداپ يۈرگەن بىرى ئىكەنلىكىڭنى
ئىشقىلىپ ئانچە ئەقىللىق ئەمەسلىكىڭنى بىلىپ قالدىمدە
سېنى سۆيۈش ئاسانلىشىپ قالدى
ئەمدى سېنىڭدىن ھېچنەرسە تالىشىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى
سېنى مەغلۇپ قىلغان ئىدىم!

## ئامالسىزلىق

ئېغىر روك مۇزىكىسىنىڭ يالغۇز گىتارچىسى
تارنى روھىغا ئۇرۇپ مۇزىكىنى يىغلىتىدۇ
دېڭىز
ساھىلغا گۈلدۈرلەپ يىقىلىپ كېتىدۇ
دۇمباق
بۆرتۈپ چىققان بىلەكلەرنى زەرب بىلەن چالىدۇ
سەن
ئىچىمدىن 10 باللىق يەر تەۋرىتىپ
گېلىمنى بار كۈچۈڭ بىلەن يىرتىپ چىقىسەن




(ھېكايە)

ھەبىبۇللا ئابلىمىت (گېرمانىيە)

ئەركىنلىك ئۈچۈن كۆك ئاسمانى سېتىۋېلىشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق، پەقەت ۋە پەقەتلا روھىمىزنى ساتمىساقلا يېتىدۇ

– نېلسۇن ماندېلا

چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھسى چيەنلۇڭ (1711 - 1799) نىڭ تاجاۋۇزچى لەشكەرلىرى 1760 - يىللىرى ئۈچتۇرپانغا بېسىپ كىلىپ، ئەلەنۇرخان (تارىختىكى مەشھۇر ئىپارخان) نى ئەسىرگە ئېلىپ، بېيجىڭغا ئېلىپ كېتىدۇ. پەرىزات سۈپەتلىك، ئىپار پۇرايدىغان بۇ قىز بولسا ئەمىر مۇھەممەتجان بىلەن ئەزىم ئەزىزە پاشا خېنىمنىڭ نەۋرىسى ئىدى. پادىشاھ چيەنلۇڭ ئەلەنۇرخاننىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلىش ئۈچۈن، پادىشاھنىڭ ساراي خۇشامەتچىلىرىنىڭ پال سېلىشى بويىچە «مېۋىسى ئالتۇن، يوپۇرمىقى كۆمۈش، شېخى پولات، ھىدى ئىپاردەك» بولغان ئۈچتۇرپاننىڭ يەرلىك جىگدە كۆچەتلىرىنى سارايغا كۆچۈرۈش ئۈچۈن لەشكەر بېشى سۇچىڭ بىلەن ھاكىمبەگ ئەبەيدۇللاغا پەرمان چۈشۈرىدۇ.

شۇ چاغلاردا ھاكىمبەگ ئەبەيدۇللا بىلەن ئامبال سۇچىڭ بىرلىشىپ، خالىغانچە ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ، خوتۇن - قىزلىرىغا باسقۇنچىلىق قىلىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان ئىدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ بۇ قاتمۇ-قات زۇلۇمى بىلەن زوراۋانلىقلىرىغا ئۈچتۇرپان خەلقىنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىغان ئىدى. زالىملار خەلق ئۈستىدىكى سىيلىقنى كۈندىن-كۈنگە كۆپەيتىپ، خەلقنى بىر تىرە، بىر ئۇستىخان قىلىپ قويغانتى. بۇ چاغلاردا ئۇيغۇر خوتۇن-قىزلىرى تالا تۈزگە خاتىرجەم چىقالمايتتى. تاجاۋۇزچى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ لەشكەرلىرى كۆرگەنلا ئاياللارغا خالىغانچە باسقۇنچىلىق قىلاتتى. بەزىدە «يامۇلدا زىياپەت بار» دەپ، ئاياللارنى مەجبۇرى تۇتۇپ كىلىپ، ھەپتىلەپ زورلۇق بىلەن يامۇلغا سولىۋالاتتى. نومۇس كۈچىدىن باش كۆتۈرەلمىگەن نۇرغۇن ئەرلەر ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئىدى.

خەلق ئىچىدە يۈز-ئابرويى بار ئىناۋەتلىك رەخمۇتۇللا دېگەن كىشىنىڭ گۈلزارە ئاتلىق چىرايلىق ئايالىنىمۇ يامۇلغا سولىۋېلىپ، قويۇپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، رەخمۇتۇللانىڭ ۋىجدانى چىدىماي، يۈرىكى ئۆرتۈلۈپ، قان-زەردىسىگە تولۇپ، پارتلاش پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۇرغان ئىدى. دەل مۇشۇ چاغلاردا سۇچىڭنىڭ نايناق ئوغلى سۇلۇن بىلەن ھاكىم بەگنىڭ ئوغلى كامال ئىككىسى تاماشا ئۈچۈن ئاقسۇغا كېتىۋاتقان يولدا، قولىدا قاپاق كۆتۈرۈپ سۇغا چىققان بىر بوزىچىنىڭ قىزى ئانارگۈلنى كۆرۈپ قىلىپ قىلىقسىز چاقچاق قىلىدۇ. سۇلۇن بولسا قىزغا ئېسىلىپ، نىيىتىنى بۇزىدۇ، ۋىجدانلىق قىز ئۆز ئىپپەت نومۇسىنى ساقلاش ئۈچۈن، پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشىلىق قىلىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا جۈمە نامىزىدىن قايتقان جامائەت بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇ ئىككى لۈكچەكنى قاتتىق ئۇرۇپ، قىزنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ.

بۇ ئىككى لوكچەك مەسچىت ئىمامىك سالاسى بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قىلىپ، شەھەرگە تىكىۋېتىدۇ. بۇ ئەھۋال رەخمۇتۇللانىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ. چۈنكى ئانارگۈل بولسا رەخمۇتۇللانىڭ ئوغلى ئامانۇللانىڭ سۆيگىنى ئىدى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئامانۇللا سەگەكلىك بىلەن ئەتراپىغا جىگەرلىك ئۇيغۇر ياشلىرىنى يىغىپ ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەييارلىق كۆرىدۇ. ياشلارنى پالتا-كەكە، كالتەك--توقماق، قىلىچ-ئورغاقلار بىلەن قوراللاندۇرۇپ، تەييارلىق قىلىپ، «قولتۇق» دېگەن تاغلىق رايونغا چىقىپ كېتىدۇ.

شۇ چاغلاردا چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھىدىن «جىگدە كۆچۈرۈش» پەرمانى يېتىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سۇچىڭ ۋە ئەبەيدۇللا سۈيىقەست تۈزۈپ، بۇ ئىشقا رەخمۇتۇللا بىلەن ئوغلى ئامانۇللانى مەسئۇل قىلىپ بېكىتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى بۇ ئىككىسىنى بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلىپ، يولغا سېلىۋېتىپ، ئانارگۈلنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. لېكىن سەگەك ئامانۇللا بىلەن ئانارگۈل دادىسى رەخمۇتۇللاغا قوزغىلاڭ قىلىش توغرۇلۇق مۇنداق خەت يازىدۇ.

قارا تاشلار زار يىغلايدۇ،

باشقا چۈشكەن دەردلەرگە.

سەركەردە بولۇڭ ئەمدى،

جاندىن تويغان خەلقلەرگە.

جىگدىلىكتىن جەڭ باشلاپ،

شېھىت بولساق ئارمان يوق.

بۇندىن ئارتۇق چىدارىغا،

ئەمدى بىزدە دەرمان يوق.

ئاقتۇقاينىڭ سېپىدا،

سەلدەك ئاقسۇن قېنىمىز.

ئەركىنلىك دەپ جان بەرسەك،

سۆيۈنمەمدۇ جىنىمىز.

بۇ زامانلار دەل 1765 -يىلى 2 - ئاينىڭ باشلىرىغا توغرا كېلەتتى. 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ھاشارچىلار جىگدە كۆچەتلىرىنى نەچچە يۈزلىگەن تاغارلارغا قاچىلاپ، يولغا چىقىش ئۈچۈن چوڭ بىر مەيدانغا توپلىشىدۇ ۋە بۇلارنى ئۇزىتىش ئۈچۈن كەلگەن ئايال-بالىلار يىغا-زارە قىلىشىپ شۇ يەرگە يېتىپ كېلىشىدۇ. دەل شۇ چاغدا مەيداننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا، قەددى قامەتلىك، بەقۇۋۋەت، قەيسەر بىر كىشى مەردانە قىياپەتتە گۇس-گۇس دەسسەپ كېلىپ، ئوت چاقناپ تۇرغان ئۆتكۈر كۆزى بىلەن ھەسرەتلىك قان-ياشلارنى تۆكۈۋاتقان قېرىنداشلارنىڭ پەرىشان يۈزلىرىگە تەكشى نەزەر سالىدۇ. بۇ كىشى دەل رەخمۇتۇللا ئىدى. ئۇ كۆپچىلىككە مەردانىلىق بىلەن خىتاب قىلىپ:

– قېرىنداشلار! بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ بېشىمىزغا چۈشۈۋاتقان زۇلۇم-كۈلپەتلەرنى كۆرگەن سايدىكى قارا تاشلارمۇ نالە قىلىشماقتا. بىز بولساق ئادەم، سايدىكى تاش ئەمەس! بىز قاچانغىچە بۇ زۇلۇم - سىتەملەرگە قاراپ قول قوشتۇرۇپ، «لەببەي» دەپ، ئىتائەت قىلىپ تۇرىمىز؟ ياق، ياق! ئەمدى تاقىتىمىز تاق بولدى، پىچاق ئىلىككە سوقۇلدى. بۈگۈندىن باشلاپ مەن سىلەرگە سەركەردە! بىز زالىملارغا قارشى جەڭگە ئاتلىنايلى! جىگدە قاچىلانغان مالتاقلارنى ئۆرۈپ چىقىڭلار! قولۇڭلارغا قورال ئېلىڭلار! قىنى يۈرەكلىرى زەردابقا تولغان يۇرتداشلار، قەلئەگە قاراپ ئالغا! يا ئۆلۈم،يا ئىستىقلال ! – دەپ جاراڭلىق ۋارقىرىدى.

مانا بۇ دەل جايىدا مەردانىلىق بىلەن قىلىنغان خىتاب، تاشاي دەپلا قالغان خەلقنىڭ سەۋر قاچىسىغا تامچىلىغان ئاخىرقى بىر تامچە بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن قەھرى - غەزىپى تاشقان دېھقان يىگىتلىرى رەخمۇتۇللانىڭ چاقىرىقىغا شۇئان ئاۋاز قوشۇپ، جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتتى. پۈتۈن خەلق قوزغىلىپ قوزغىلاڭچىلار سانى ئۇنمىڭدىن ئېشىپ كېتتى.

بۇ تارىختىكى نامى مەشھۇر، تىللاردا داستان بولغان «جىگدە يېغىلىقى» دەپ نام ئالغان شانلىق قوزغىلاڭ ئىدى.

بۇ توغرۇلۇق بىر شائىر مۇنداق نەزمە يازغان:

ئىلاھىم بەندىلەرنى مۇڭغا سالدى،

كۆچۈرۈپ جىگدىلەرنى تۇڭغا سالدى.

تېگىپ باشقا ھەمىشە تاياق-توقماق،

يېرىپ تەننى تۆمۈر دەررە بىلەن چوقماق.

زۇلۇم ئاشتى، ھاشار-ئالۋان كېلىپ تېز،

ئاياق ئاستى قىلدى كۆپ خوتۇن – قىز.

تۈگەپ تاقەت، ئۇنىڭغا سەۋر-ئىمكان،

دېدۇق بولسۇن، پىدا بۇ جان، تۆكۈپ قان.

رەخمۇتۇللا سەركەردە بولۇپ، قوزغىلاڭچىلارنى ئۈچ چوڭ لىنىيە بويىچە قەلئەگە قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتتۈشكە بۇيرىدى. بۇنىڭ بىلەن خەلق قەلئەنى قورشاۋغا ئالدى. ئەتىسى قەلئەدىن ئايالچە ياسىنىپ، ئوغرىلىقچە چىققان ھاكىمبەگ ئەبەيدۇللا بىلەن ئامبالنىڭ ئوغلى سۇلۇننى ئانارگۈل باشلىق قوزغىلاڭچىلار قولغا ئالىدۇ ۋە خەلقنىڭ كۆز ئالدىدىلا قەتلى قىلىدۇ. ئامبال سۇچىڭ بولسا ئازغىنە چېرىكلىرى بىلەن سېپىلنىڭ ئىچىگە سولۇنۇپ قالىدۇ. ئاخىرى چىقىش يولى تاپالماي، چارىسىز قالغان ئامبال، ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، سېپىلنىڭ ئىچىدىكى دەرەخقە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىدۇ. ئۆز سەركەردىسىدىن ئايرىلغان چېرىكلەر يامۇلنىڭ قورال ئىسكىلاتىدىكى ئوق-دورىلارنى يېغىپ، ھەممىسىنى ئۆزلىرى بىلەن تەڭ پارتىلىتىپ بىراقلا ھالاك بولىدۇ.

گەرچە بۇ قېتىم ئەركىنلىك جەڭچىلىرى غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، بۇ تېخى جەڭنىڭ باشلىنىشى ئىدى. بۇ چاغدا ئىنقىلابچى قوشۇن ئۈچتۇرپاننى مۇداپىئە قىلىشتىن باشقا، يەنە ئەتراپتىكى رايونلاردىكى خەلقنى قوزغاش ئۈچۈن، ئادەم كۈچى ئەۋەتىشكە توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلى بولغاچقا، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى ئاقسىتىپ، يەرلەرنى ئاق تاشلاپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن دېھقانلار بىر تەرەپتىن ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۈچتۇرپانى جان تىكىپ قوغداشقا مەجبۇر ئىدى. شۇ چاغدا قەشقەر تەرەپتىن قەشقەر ئامبىلى نۇرغۇن لەشكەر تارتىپ ئۈچتۇرپانغا قاراپ يولغا چىقىدۇ ۋە بۇنىڭغا قوشۇلۇپ بەن تاخەي دېگەن ئاقسۇ ئامبىلىمۇ چىن لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئۈچتۇرپانغا قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ. رەخمۇتۇللا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىدۇ، ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە ئۇرۇش شەرق ۋە غەرب تەرەپتىن ئىبارەت ئىككى لىنىيەدە تەڭلا باشلىنىپ كېتىدۇ. رەخمۇتۇللانىڭ چوڭ ئوغلى ئەسمۇتۇللا قەشقەر تاغ يولىدىن كەلگەن لەشكەرلەرنىڭ ئالدىنى توراپ زەربە بېرىپ، نۇرغۇن قورال-ياراق ئولجا ئالىدۇ. ئىككىنچى ئوغلى ئامانۇللا بولسا يېڭى توي قىلغان ئايالى ئانارگۈل باشچىلىقىدىكى قوشۇن بىلەن ئاقسۇدىن كەلگەن چېرىكلەر بىلەن قانلىق جەڭ قىلىدۇ. ئىككى سەپتىكى بۇ ئۇرۇش بىر ھەپتە داۋام قىلىدۇ ۋە غەلىبە ئۈچتۇرپانغا خەلقىگە مەنسۇپ بولۇش بىلەن ئۇرۇش ئاخىرلىشىدۇ.

ئۈچتۇرپان ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە خەۋىرىنى ئاڭلىغان كۆرە جاڭجۈنى دەر غەزەپكە كېلىپ ئۈچتۇرپانغا جازا يۈرۈش قىلىش مەقسىتىدە ئۈچ مىڭ تاللانغان قوشۇن بىلەن ئۆزى يولغا چىقىدۇ. بۇ قوشۇن ئۈچ سەپكە بۆلۈنۈپ ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ئاقسۇ سايلىقىدىن بېسىپ كىرگەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇنى بىلەن ئانارگۈل باش بولغان ئىنقىلابى قوشۇن روبىرو تۇتۇشىدۇ.

باھادىر ئۇيغۇر قىز سەركەردە ئانارگۈل (بەزى ماتېرىياللاردا مايىمخان دەپ ئېلىنغان) خىللانغان ئالتە قىز قوغدىغۇچىسى بىلەن قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ، تاجاۋۇزچى قوشۇننى ئاخىرى چېكىندۈرىدۇ. ۋاھالەنكى قاتتىق غەزەپكە كەلگەن كۆرە جاڭجۇنى ئاخىرى پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئاتلىنىدۇ. ھەر تەرەپتىن ياردەمگە كەلگەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ لەشكەرلىرى ئۈچتۇرپان ئەتراپىغا خۇددى قاغا-قۇزغۇنلاردەك مىغىلداپ كېتىدۇ. ئونمىڭلىغان قوشۇن توپ-زەمبىرەكلەر بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، قاتتىق مۇداپىئە تۇرغان قەھرىمان ئۈچتۇرپان ئىنقىلابچىلىرىنىڭ مۇداپىئە سېپىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. باھادىر ئەزىمەت ئامانۇللا كىندىك قىنى تۆكۈلگەن ئاشۇ مۇبارەك تۇپراقتا تاجاۋۇزچىلارنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن قانلىق جەڭ قىلىپ، قەھرىمانلارچە شېھىت بولىدۇ.

ئەنە شۇنداق ھايات-ماماتلىق پەيتتە ئىنقىلابى قوشۇننىڭ ئارىسىدىكى بەزى تەسلىمچى مۇناپىقلار تەسلىمچىلىك يولىنى تۇتۇشقا باشلايدۇ. لېكىن رەخمۇتۇللا قەتئىيلىك بىلەن ئاخىرغىچە جەڭ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئىنقىلابچىلار بىلەن بىرگە سېپىلغا چىقىپ جەڭنى داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە بەختكە قارشى جەڭدە شاھادەت شارابىنى ئىچىپ، شېھىت بولىدۇ.

ئەمدى بۇ ئۇرۇشقا چوڭ ئوغلى ئەسمۇتۇللا قوماندانلىق قىلىدۇ. لېكىن خائىن سابىر بىلەن شاكىر دېگەنلەر ئۆزىنىڭ رەزىل ئەپتى-بەشىرىسىنى تولۇق ئاشكارىلاپ، ئەسمۇتۇللانى قولغا ئېلىپ باغلاپ، ئۆز ئانا ۋەتىنىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ لەشكەرلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، نامەردلەرچە تەسلىم بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مىڭلىغان شېھىتلەرنىڭ ئىسسىق قانلىرىنى تۆكۈپ مىڭ-بىر مۇشەققەتتە ئۈچتۇرپان تۇپراقلىرىنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرگەن «جىگدە يېغىلىقى» دىن ئىبارەت بۇ ئەركىنلىك كۆرىشى تەسلىمچىلىكنىڭ سەۋەبى بىلەن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، تىراگېدىيەلىك ئاخىرلىشىدۇ.

لېكىن تارىختا ئاجايىپ كومېدىيەلىك ئىشلار بولىدىكەنكى، بۇنى بەزىدە ئادەم بالىسى ئويلاپ يېتەلمەيدۇ. يەنى تاجاۋۇزچى قوشۇننىڭ لەشكەرلىرى ئالدى بىلەن تەسلىمچى خائىن سابىر بىلەن شاكىرنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ، كاللىسىنى ئېپلاس تېنىدىن جۇدا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى خائىننىڭ ھاياتى شەرمەندىلەرچە ئاخىرلىشىدۇ. بۇلارنىڭ تەسلىمچىلىك روھى تا ئەبەد ئىككىلا دۇنيادا لەنەتكە ئۇچرايدۇ. ئۇلاردىن كېيىن ئىنقىلابچى قوشۇننىڭ شىر يۈرەك قوماندانى ئەسمۇتۇللانى قەتلى قىلىدۇ. تەسلىم بولۇشنى خالىماي ئاخىرغىچە ئۈزۈل-كېسىل جەڭ قىلىش تەرەپدارى بولغان ئەسمۇتۇللانىڭ ئۆلۈمى ئىككى دۇنيادا شەرەپكە مۇيەسسەر بولغان بولۇپ، باقى دۇنيادا مۇبارەك روھى جەننەتتىن ئورۇن ئالغان بولسا، پانى دۇنيادا قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا خاۋاتىرلىنىپ ، ياد ئېتىلىپ، قەيسەر روھىنى ئۇيغۇر مىللىتى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىپ كەلمەكتە.

ئەل قىسسە، بۇ ئازادلىق كۆرىشىگە قاتناشقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچتىن بىرى چۇ چاغدا قىرغىن قىلىنغان بولۇپ، ھاياتتا قالغان ئون مىڭدەك كىشى ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. بۇ سۈرگۈن قىلىنغانلارنىڭ يېرىمى يوللاردا ئاچلىقتىن، قەھرىتان سوغۇقلانىڭ دەستىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. يۇرتلىرىدا قالغان ئايال ۋە ئۇششاق بالىلارنىڭ بېشىغا تېخىمۇ ئېغىر بالايى ئاپەت كېلىدۇ. مۇشۇنداق خەلقنىڭ بېشىغا بالايى ئاپەت ئۈست-ئۈستىلەپ كېلىۋاتقان چاغدا، تاغلاردا مۆكۈنۈپ يۈرگەن ئانار گۈل قايتا يەنە تەشكىللىنىپ ئۆز ئەتراپىدىكى ئالتە قىز بىلەن تاجاۋۇزچىلارنىڭ لەشكەرلىرىگە قارشى پارتىزانلىق جەڭ ئېلىپ بارىدۇ.

ئانار گۈل ناھايىتى باتۇر قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ يېتىشكەن قىز بولۇپ، ئۆزى ناھايىتى كېلىشكەن ھەم زېرەك قىز ئىدى. ئامانۇللا بىلەن ئاز ۋاقىت بىرگە

بولغان چاغلاردىكى ئۈمىدى، ياشلىق ئارزۇلىرى، كەلگۈسى ئۈچۈن تۈزگەن پىلانلىرى يوشۇرۇنغان بىر جۈپ قارا كۆزلىرىدە ئىنتىقام ئوتى يالجىپ تۇراتتى. بۇ باھادىر قىز بولسا ئۆزىگە سادىق بولغان سەپداشلىرىدىن غۇنچەقىز، زۇھرەگۈل، قەمبەرنىسا، گۈل ئايىم، ئەختەرنىسا، دىلبەرقىز قاتارلىق ئالتە قىز بىلەن بىرگە دۈشمەنگە تۇيۇقسىز زەربە بېرىپ، دۈشمەن چېرىكلىكىنىڭ يۈرىكىگە دەھشەتلىك قورقۇنچ سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە رىۋايەتكە ئايلىنىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ لەشكەرلىرى ئارىسىدا ئانارگۈل (مايىمخان) توغرىسىدا «ئۇق ئۆتمەيدىغان ئەۋلىيا قىز» دېگەن سۆز-چۆچەكلەر تارقىلىشقا باشلىنىدۇ. باھادىر يەتتە قىزلىرىم ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ، قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ، ھەيۋەت بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ لەشكەرلىرى ئارىسىغا بۆسۈپ كىرگەندە، قورقۇپ، ئۈركۈپ، ئۆڭكى ئۆچۈپ كەتكەن چېرىكلەرنىڭ سەپلىرى بىردەمدىلا بۇزۇلۇپ، خۇددى قوتاندىن قاچقان چوشقىلاردەك چىقىراپ ھەر تەرەپكە پىتىراپ قېچىشىدۇ. ئەنە شۇ چاغلاردا يەتتە قىزلىرىمنىڭ ئۇچقۇر ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىدىن چىققان سادالار تاغ باغرىدىكى سايلىقلارنى زىل-زىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ گۈزەل ھەم جەسۇر يەتتە قىزلىرىمنىڭ پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئۈچ ئاي داۋام قىلىدۇ. ئاخىرى بۇ زەربىگە چىدىمىغان مىڭلىغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ لەشكەرلىرى توپ - زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللىنىپ، مۇلجەر تېغىنى ئومۇمىي يۈزلۈك قورشاۋغا ئالىدۇ. ئەمما يەتتە قىزلىرىم قەتئىي تەسلىم بولماي، دۈشمەن بىلەن بولغان جەڭنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرىدۇ. لېكىن تاجاۋۇزچى قوشۇنىمۇ ئۆز نىيىتىدىن يانماي داۋاملىق مۇھاسىرىنى تارايتىپ ھەم ھۇجۇمنى كۈچەيتىپ، يەتتە قىزلىرىمنىڭ ھەرىكەت پائالىيىتىنى چەكلىك بىر دائىرى ئىچىگە ئەكىرىپ قويىدۇ. ئاخىرى بۇ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشكە ئامالسىز قالغان يەتتە قىزلىرىم تىك تاغ چوققىلىرىغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ، ئارقىدىن مىڭلىغان لەشكەرلەر تاققا قاراپ يامىشىدۇ.

ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش قىلىپ قاتتىق چارچاپ، ھاردۇق يەتكەن يەتتە قىزلىرىم بولسا بەدەنلىرىدىكى يارلارنىڭ ئاغرىقىنىمۇ تۇيماي، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ تاغلاردىكى قۇرام تاشلارنى، چاشقانلاردەك ئۆمۈلەپ كېلىۋاتقان مىڭلىغان لەشكەرلەرنىڭ ئۈستىگە دومىلىتىپ، يۈزلىگەن لەشكەرلەرنىڭ مېجىقىنى چىقىرىۋېتىدۇ ۋە يەتتە قىزلىرىمنىڭ كۆچلۈك تارتىلغان ئوقيا كىرەچلىرىدىن چىققان ئەڭ ئاخىرقى ئوقلار دۈشمەنلەرنىڭ يۈرىكىگە گاچ قىلىپ سانجىلىپ، ئۇلارنىڭ جانلىرىنى شۇ زامان تەنلىرىدىن جۇدا قىلىدۇ. ئەمما تاغ باغرىدىكى لەشكەرلەر چەبدەسلىك بىلەن تاغ ئۈستىگە قاراپ كېتىۋاتقان يەتتە قىزلىرىمنىڭ نازۇك تەنلىرى ئۈستىگە زەمبىرەك ئوقلىرىنى ياغدۇرۇشقا باشلايدۇ. زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ زەربىسىدىن تاغلاردىكى قۇرام تاشلار پاختىدەك توزۇپ، ئەتراپقا يانار تاغدەك چاچرايدۇ. بۇ چاغدا چىرايىدىن تاغ ئۈستىدىكى چولپاندەك نۇر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان زۆھرەگۈل ئېغىر يارىلىنىدۇ. غۇنچەقىز بىلەن دىلبەر سەپدىشىنى دەرھال يۆلەپ، قاپقارا بۇلۇتلار بىلەن

ئىس-تۈتەك قاپلىغان تاغ چوققىسىغا قاراپ يامىشىدۇ. مانا شۇ تاپتا ئۆز غۇرۇرىنىڭ ئاياق ئاستى بولۇشىغا يول قويمىغان ۋىجدانىنى ۋە مۇستەملىكىچىلىرىگە بويۇن ئەگمەيدىغان ئىرادىنى ئۆزىگە مۇقەددەس دەپ بىلگەن، بۇ ناتىۋان يەتتە قىزلىرىم دۈشمەن بىلەن ھايات-ماماتلىق ئېلىشىشتا كىيىملىرى تىتىلىپ جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەن ئىدى. شۇ گۈزەل نازۇك بەدەنلىرى دۈشمەن تىغلىرىنىڭ زەربىسىدىن تىلىۋېتىلگەن بولۇپ، يارا ئېغىزلىرىدىن چىققان ئىسسىق قانلىرى ئىپپەتلىك پاك بەدەنلىرىنى نەمدىۋەتكەنىت[ ئىدى.

مۇقەددەس ئېتىقادىنىڭ كۈچى بىلەن ھېچ قورقماي ئەپچىل ھەرىكەت قىلىپ، دۈشمەنگە بار كۈچى بىلەن قارشى جەڭ قىلىۋاتقان باھادىر يەتتە قىزلىرىمنىڭ بۇ قەھرىمانلىقىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرسىڭىز ئۇلارغا ئالەمچە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايسىز. ئەنە قاراڭ! قورقماس، شىر يۈرەك يەتتە قىزلىرىمنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى چۇۋۇلغان، لەۋلىرى قۇرۇغان، نەپەسلىرى سىقىلغان، گۈزەل كۆزلىرى ھارغىنلىقتىن ئولتۇرۇشقان بولسىمۇ، يەنىلا قەتئىي ئىرادىسىدىن يانماي، تەسلىمچىلىكنى نومۇس، ھۆرلۈكنى شەرەپ دەپ بىلىپ، جەسۇر، مەردانە قىياپەت بىلەن مۇلجەر تېغىنىڭ ئەڭ چوققىسىدا، قۇرام تاشلار بىلەن بوي تالىشىپ تىك تۇرماقتا. تاغ چوققىسىدا گۈرۈلدەپ ئەسكەن قاتتىق سوغۇق شامال ئۇلارنىڭ چۇۋۇلغان قۇندۇز چاچلىرىنى ئۇچۇرماقتا. بۇ سۇمبۇل چاچلار ئەلۋەتتە مۇھەببەت گۈلزارىنىڭ ئىشىكىنى ئەمدىلا چەككەن ئەمەسمىدى؟ ئۇ يۇمران چاچلار تېخى ئۆز سۆيگىنىنىڭ مېھرى بىلەن سىلىنىشىغا قانمىغان ئىدىغۇ! مانا شۇ تاپتا شۇ يالتىراق چاچلار تال-تال بولۇپ، بىر -بىرلەپ ئاخىرقى قېتىم ئۆز يارى بىلەن ۋىدالىشىۋاتقاندەك، پەرىشتە سۈپەتلىك يەتتە قىزلىرىمنىڭ قىزىل ئالمىدەك پاك يۈزلىرىنى، تىترەپ تۇرغان نېپىز لەۋلىرىنى تويماي ئارقا-ئارقىدىن سۆيمەكتە. كۆك يۈزىدە دائىم پارلايدىغان قۇياشنىڭ پارقىراق يۈزىنى قاپلىغان قارا بۇلۇتلار بولسا ھەسرەتلىك ۋىدالىشىش ياشلىرى بىلەن سۇمباتلىق يەتتە قىزلىرىمنىڭ يالتىراق چاچلىرىنى نەمدىمەكتە.

دەل مۇشۇ چاغدا تۆۋەن تەرەپتىن چىقىۋاتقان يۈزلىگەن لەشكەرلەر لەش پۇراپ كەتكەن سېسىق بەدەنلىرى بىلەن ئاخىرى ئېرىشكەن ئولجىغا قول سېلىش ئۈچۈن، ياۋۇزلۇق بىلەن يېقىنلاپ كېلىشكەن ئىدى. لېكىن جەڭگىۋار يەتتە قىزلىرىم بۇ توخۇ يۈرەك ياللانما لەشكەرلەرنىڭ يۈرەكلىرىنى مۇجۇۋەتكەن بولغاچقا، ئالدىراپ قول سېلىشقا پېتىنالمايۋاتاتتى. ئۇيغۇرنىڭ باھادىر يەتتە قىزى ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىسىدا ئۆزلىرىنى چارىسىز، ئامالسىز، ئاجىز ھېس قىلىشتى. ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئانا يۇرتى ئەزىزانە ئۈچتۇرپاننىڭ گۈزەل بۇ مۇبارەك يۈزىگە مۇلجەر تېغىنىڭ چوققىسىدىن يەنە بىر قېتىم ئۈمىدلىرى سۇنغان ھالدا نەزەر تاشلىدى. لەشكەرلەر ئاستا-ئاستا سەۋرسىزلىك بىلەن قىستاپ كەلمەكتە ئىدى. باھادىر يەتتە قىزلىرىم تاغ چوققىسىنىڭ لېۋىگە كېلىپ، تۆۋەنگە زەن سېلىپ قارايدۇ. تۆۋەن تەرەپ چەكسىز قاراڭغۇلۇققا تولغان تېگى يوق ھاڭ ئىدى. بۇ ھاياتنىڭ گۈزەللىكلىرىدىن ھېچ

بەھرىمەن بولالمىغان، ئۇن گۈلنىڭ بىرى ئېچىلمىغان يەتتە قىزلىرىمنىڭ ئۈمىدسىز كۆزلىرى بىر-بىرلىرى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇچراشتى. پۈتۈن تەبىئەت بۇ ئادالەتسىزلىكنى، بۇ زۇلۇمنى، بۇ نامەردلىكنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ كۈچلۈكلەر، قانخورلار ئالدىدا بېشىنى سېلىپ، چارىسىز تۇراتتى. پەقەت يەتتە ئۇيغۇر قىزى، پەقەتلا مۇشۇ قەھرىمان يەتتە قىزلىرىم بۇ زۇلۇمغا، بۇ ئادالەتسىزلىككە باش ئەگمەي، يار لېۋىدە قەددىنى رۇسلاپ تىك تۇرغان ئىدى.

مانا ئەمدى «ئەلۋىدا ئانا ۋەتەن! ئەلۋىدا ئۇيغۇر مىللىتىم!» دېگەن يەتتە خىل نازۇك ئاۋاز تاغ چوققىسىدا ياڭراپ، كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، ئەرشىنى تىترەتتى. ئاندىن ئاستا تۆۋەنلەپ، پۈتۈن ئانا تۇپراقنىڭ يۈزىنى سىلىدى، تۇپراق ئانا بۇلارغا گۇۋاھ بولۇش ئۈچۈن ۋەدە بەردى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا يەتتە قىزلىرىمنىڭ نازۇك بەدىنى ھاڭغا شۇڭغۇدى.

ئانا تۇپراق بىر سىلكىنىپ يەتتە قىزلىرىمنىڭ مۇبارەك پاك بەدىنى ئۆزىنىڭ ئىللىق ئانىلىق باغرىغا باستى. پەرىزات سۈپەت يەتتە قىزلىرىمنىڭ قەھرىمانلىق روھى كۆككە كۆتۈرۈلدى، ئاندىن كۆكتىكى بۇلۇتلارغا قوشۇلۇپ، يامغۇر تامچىلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. شۇندىن مۇقەددەم ھەر بىر تامچە بىر سۆز، بىر رىۋايەت، بىر ئەپسانە، بىر داستان بولۇپ تا بۈگۈنگە قەدەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي روھىنى پاكلاپ ۋە كۆكەرتىپ، ياشنىتىپ كەلمەكتە. مانا بۇ ئۇيغۇر تارىخىدىكى باھادىر يەتتە قىزلىرىمنىڭ روھى. مانا بۇ ئادالەتنىڭ يۈزىنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ روھى! مانا بۇ مىللىتىمىزنىڭ كۆزىدىكى ئۈمىدلىرىنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى يۇلۇپ ئالغان زالىملارغا قارشى كۈرەشتە ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ روھى!

بۇ قەھرىمان يەتتە قىزلىرىمىزنىڭ ئىش-ئىزلىرى، ھېكايىلىرى بولسا مىڭلىغان، ئۇن مىڭلىغان قەھرىمان ئۇيغۇر ئوغۇل قىزلىرىنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ پەقەت بىر قىسمى. يەنە تېخى بىز بىلمەيدىغان، بىزگە تېخى يېتىپ كەلمىگەن كۈرمىڭلىغان ئوغۇل-قىزلىرىمىزنىڭ قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرى بولسا ئەسىرلەردىن بۇيان تەكلىماكان قۇملۇقلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتماقتا. ئەمما شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى ئاشۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەھرىمانلىق روھى ھامان بىر كۈنى بىزنىڭ روھىمىزدا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ، بىزنىڭ مىللىي روھىمىزنى قايتا تىرىلدۈرىدۇ!

تارىخ بولسا ھاياتنىڭ ئەينىكى، تارىخ ئەۋلادلارنىڭ ئۇستازى. تارىختىكى قەھرىمانلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ئەسلەپ تۇرۇش بولسا داۋاملىق قىلىنىغان ئىبادەتكە ئوخشايدۇ. چۈنكى تارىخ ئىنسانىنىڭ تەپەككۇرگە باشلاپ، ئىنسانىنىڭ روھىنى پاكلايدۇ، ئىنسان روھىنىڭ كىرلىشىپ كېتىشتىن ساقلايدۇ.

2015 - يىلى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى

گېرمانىيە



«يەتتە قىزلىرىم» قەبرىسى



# چېچىغا خىنە قويغان كىچىك ھەسەن

(ھېكايە)

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى (1914 - 1918) مەزگىلىدىكى چاناققەلئە ئۇرۇش مەيدانى.

چاناققەلئە ئۇرۇشىغا تۈركىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ھەر كۈنى يۈزلەرچە ياشلار پىدائىي بولۇپ كېلىۋاتاتتى . ئالدىنقى سەپكە خېلىلا يېقىن بولغان ئارقا سەپ تەمىنات قىسمى يېڭى كەلگەن ئەسكەرلەرنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە دەرھال تەربىيەلەپ تېزلىكتە ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىپ بېرىۋاتاتتى. ئارقا سەپ تەمىنات قىسمىنىڭ مەسئۇلى يۈز بېشى سىررى بەي يېڭى كەلگەن ئەسكەرلەرنى تەكشۈرۈپ يوقلىما قىلىپ، بىرسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇ ئەسكەرنىڭ چېچىغا خىنە قويۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ سورىدى:

– بالام، ئىسمىڭ نېمە؟

– ئىسمىم ھەسەن قوماندانىم.

– سەن نەدىن كەلدىڭ؟

– يوزغاتتىن.

– چېچىڭدىكى نېمە؟

– مەن ئەسكەرلىككە مېڭىشتىن بۇرۇن ئاپام چېچىمگە خىنە يېقىپ قويدى.

– نېمىشقا؟

– مەن بىلمەيمەن قوماندانىم.

– ئۇنداق بولسا مەيلى، جايىڭغا بار.

ھەسەن يوزغات ۋىلايىتىنىڭ سورگۈن ناھىيەسىگە قاراشلىق قارا ياقۇپلار يېزىسىدىن بولۇپ، تېخى بۇرۇتلىرى خەت تارتمىغان كىچىككىنە بالا ئىدى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ نۇرغۇن زېمىنى قولدىن كېتىپ ئىنتايىن ئېغىر ئەھۋالدا قالدۇ. 1918 - يىلىغا كەلگەندە چاناققەلئە ئۇرۇش لىنىيەسى تۈركىيەنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك ئاخىرقى ئىستىھكامى ۋە ئۈمىدى بولۇپ قالدۇ. بۇ ۋاقىتتا پۈتۈن تۈركىيەدىكى خەلقنىڭ كۆز- قۇلىقى چاناققەلئەدىن كېلىدىغان خەۋەرگە مەركەزلىشىپ قالدۇ. چۈنكى چاناققەلئە قولدىن كەتسە ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى ئىستانبۇل قولدىن كېتەتتى. ئەگەر ئىستانبۇل قولدىن كەتسە، دېمەك، ئوسمان ئىمپېرىيەسى دەپ بىر دۆلەت، تۈرك خەلقى دەپ بىر خەلق قالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوسمان ئىمپېرىيەسى

خېلى بۇرۇنلا 15 ياشقا توشقان باللارنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىدىغانلىقى توغرىلىق ئۇقتۇرۇش چىقارغان ئىدى.

ئەھۋال بۇ دەرىجىگە يەتكەندە پۈتۈن تۈركىيە خەلقى، تاكى ئۇزاق يېزا- قىشلاقلاردا ياشايدىغان خەلقتىن تارتىپ قەتئىي قارارغا كېلىپ كىچىك، ھەتتا نارەسىدە باللىرىنىمۇ ئەسكەرلىككە ئەۋەتىدۇ. ئوسمان ئىمپېرىيەسى ئۇرۇش باشلىنىشتىن خېلى بۇرۇنلا ئاجىزلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشى بىلەن تېخىمۇ ئېغىر كۈندە قالىدۇ. ئۇ يىللاردا خەلق تۇرمۇشىمۇ ئىنتايىن ناچار ئىدى. شۇنداق بولغاچقا خېلى كۆپ ساندىكى ئاتا- ئانىلار باللىرىنى ئەسكەرلىككە ماڭدۇرۇش ئۈچۈن پۈتلىرىغا كىيدۈرگۈدەك كونا ئاياغمۇ تاپالماي، ئەسكى كىگىزنىڭ پارچىلىرىنى، چاپان، كۆڭلەكلىرىنىڭ پەشلىرىنى يۆگەپ، شوينا بىلەن باغلاپ ھەتتا يالاڭ ئاياغ يولغا سالىدۇ. ئۇرۇش جەريانىدا ياشلار ئاساسىي جەھەتتىن بەك كۆپ قىرىلىپ كەتكەچكە، كىشىلەر بىر كۆزى قان، بىر كۆزى ياش ھالدا يىغلاپ تۇرۇپ 12 - 13 ياشلىق پەرزەنتلىرىنىمۇ يولغا سالىدۇ. بۇ باللارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى پەرزەنتلىرىنى ئۇزۇتۇپ قويىدىغان ۋاقىتتا يۇرت - جامائەت، قولۇم - قوشنىلىرىنى يىغىپ، باللىسىنى باغرىغا بېسىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىگە قارىتىپ، قولىدىن مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ:

– بالام، بىز سېنى ئوغۇل بالا دەپ بېقىپ چوڭ قىلدۇق، يېشىڭنى سورىسا چوقۇم 15 ياش دەيسەن، ھەرقانداق شارائىتتا دۈشمەنگە يېڭىلىپ قاچمايسەن، ئەگەر قاچساڭ سەن بىزنىڭ باللىمىز ئەمەس، دۈشمەننى چېكىندۈرمەي تۇرۇپ قايتمايسەن! ئەگەر قايتساڭ سەن بىزنىڭ باللىمىز ئەمەس! ھازىردىن باشلاپ سېنى ئاللاھقا تاپشۇردۇق، – دەپ يولغا سالىدۇ. يولغا سېلىنغان باللار ئۇزاق يېزىلاردىن، تاغلىق رايونلاردىن بىر نەچچە چاقىرىم قورۇلغان، بۇغداي، ئارپا دېگەندەك يېمەكلىكلەرى سېلىنغان خالتىلىرىنى مۈرىسىگە ئارتىشىپ، بىردىن، ئىككىدىن بولۇشۇپ، ئاھ ۋەتەن، ئاھ ۋەتەن دېگىنىچە چاناققەلئە ئالدىنقى سېپىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. بۇلار چاناققەلئەگە كېلىپ ئۆزلىرىنى پىدائىي بولۇپ تىزىملىتىدۇ. كىچىك ھەسەنمۇ ئەنە شۇلاردىن بىرسى ئىدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ھەسەننىڭ سەپداشلىرى ئۇنى خېنە قويغان ھەسەن دەپ زاڭلىق قىلىپ ئوينايدىغان بولۇشىدۇ. كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي سەپداشلىرى ھەسەننىڭ ئاجايىپ ياخشى، ئاقكۆڭۈل، سەمىمىي، خۇشخۇي ۋە باتۇر بىر بالا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەسەننى ھۆرمەت قىلىدىغان بولىدۇ.

بىر كۈنى ھەسەن ئائىلىسىگە سالام خەت يازماقچى بولىدۇ. ساۋاتى بولمىغاچقا دوستلىرىدىن ياردەم سورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەسەننىڭ سالام خېتىنى ئۇنىڭ سەپداشلىرى بىرلىكتە يازىدۇ.

ھەسەن سالام خېتىنى:

– جېنىم ئاپا، جېنىم دادا ياخشى تۇرۇۋاتامسىلەر ...– دەپ باشلايدۇ. مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ بۇرۇننىڭ ئۈچىدىن چىمداپ ئەركىلىتىپ ئوينىتىدىغانلىقىنى يازىدۇ، ئۆزىدىن چوڭ ئاچىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورايدۇ، ئىنىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورايدۇ، بىزدىن خاتىرجەم بولۇڭلا، بىزلا بولىدىكەنمىز دۈشمەنلەرنى ۋەتىنىمىزگە بىر قەدەممۇ ئاياق باستۇرمايمىز... دەپ يازىدۇ. ھەسەن سالام خېتىنى غۇرۇر بىلەن قاتلاشقا باشلايدۇ.

ھەسەننىڭ قانداق ئەقلىگە كەلدى، تۇرۇپلا خەتنىڭ ئارقىسىغا ئەسكەرتىش دەپ يېزىپ:

– ئاپا، دادا مەندىن كېيىن ئىنىمنى ئەسكەرلىككە ئەۋەتسەڭلار چېچىغا ھەرگىزمۇ خېنە قويماڭلار، مېنى قوماندانىم ۋە دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى زاڭلىق قىلىدۇ، ئىنىمنىمۇ زاڭلىق قىلمىسۇن دەپ يازىدۇ.

كۈنلەر ئۆتۈشكە باشلايدۇ، ئىنگلىزلار چاناققەلئەنى تېزراق ئىشغال قىلىش ئۈچۈن گېلىبولۇغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ھۇجۇم قىلىشنى كۈچەيتىدۇ. ئەسكەرلەر ئارقا- ئارقىدىن شېھىت يۇلۇشقا باشلايدۇ. ئارقا سەپتىن بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ياردەمگە ئەۋەتىلىدىغان ئەسكەرلەرمۇ قالمايدۇ. قوماندان ئالدىنقى سەپنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغاچقا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي



تېپىرلاپ كېتىۋاتاتتى. چۈنكى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىدىغان ئەسكەر قالمىغان، ھەسەن بار قىسىم بولسا يېڭى كەلگەن، تېخى ئاغزىدىن ئانا سۈتىنىڭ تەمى كەتمىگەن كىچىك




باللار بولۇپ، ئۇرۇش قىلالىغۇدەك ئەھۋالى يوق ئىدى. بۇ باللار ئەسلىدە ۋەتىنى ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە تەييار ئاشۇ ئاق كۆڭۈل ئاتا- ئانىلارنىڭ گويا يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ بەرگەندەك قىلىپ ئەۋەتكەن كۆز قارچۇغىدەك قىممەتلىك ئامانەتلەر ئىدى. ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي ئەھۋالنى مويسىپىت ئاشپەز ئۇستىدىن بىلگەن ھەسەن ۋە سەپداشلىرى قوماندانىدىن ئۆزلىرىنى ئۇرۇشقا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدۇ. قوماندان سىررى بەي يۈرىكى يىغلاپ تۇرغان بولسىمۇ باشقا ئامال بولمىغاچقا كىچىك ھەسەن ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنى ئالدىنقى سەپكە ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. ئۇ ھەسەنلەرنىڭ چۇرقىراشقىنىچە قارارگاھتىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ يۈرىكىنى تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سىررى بەينىڭ يېنىدا پەقەت ياشانغان ئاشپەز ئۇستاملا قالغان ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا چاناققەلئە گېلىبولۇ ئۇرۇش مەيدانى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەسكەرلىرى ۋە دۈشمەن ئەسكەرلىرىدىن ئاققان قان بىلەن گويا قان كۆلگە ئايلانغان ئىدى. بۇ ئۇرۇشتا كىچىك ھەسەننىڭ قىسمىدىن ھېچكىم ساق قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شېھىت بولۇپ كېتىدۇ.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ بىر كۈنى قوماندان سىررى بەيگە بىرقانچە پارچە خەت كېلىدۇ. ھەسەن يازغان خەتنى يېزىنىڭ كاتىپى ھەسەننىڭ ئائىلىسىگە يەتكۈزگەن ئىدى. كەلگەن خەتلەر ئىچىدە ھەسەننىڭمۇ خېتى بار بولۇپ، سىررى بەي خەتلەرنى بىرەر قۇر كۆرۈۋېتىپ، نېمىشقىكىن ھەسەننىڭ خېتىنى ئىختىيارسىز ھالدا ئېچىپ ئوقۇيدۇ.

خەتتە ھەسەننىڭ دادىسى:

– «جېنىم بالام ياخشى تۇرۇۋاتامسەن ؟ كالىنى ساتتۇق، بۇنىڭدىن كېيىن يەرنى ئۆزۈم ھەيدەيمەن. كالىنى ساتقان پۇلنىڭ يېرىمىنى ساڭا ئەۋەتتۇق قالغان يېرىمىنى ئۇكاڭنى ئەسكەرلىككە ئەۋەتىشكە ئىشلىتىمىز، بىزدىن خاتىرجەم بول»، – دەپ يازغان ئىدى.

ھەسەننىڭ ئانىسى:

– «جېنىم قوزام، كۆزۈمنىڭ نۇرى بولغان چېچىڭغا خىنە قويغان ئوغلۇم، خېتىڭ كەلدى، گويا دۇنيا مېنىڭ بولدى. يېزىمىزنىڭ كاتىپى خېتىڭنى ئوقۇپ بەردى، مەن خېتىڭنى يىغلاپ تۇرۇپ ئاڭلىدىم. قوماندانىڭنى بەك ياخشى ئادەم دەپسەن، ئۇ سېنىڭ داداڭنىڭ يېرىمىدۇر. ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ھەرگىزمۇ خىلاپلىق قىلما، ئوتقا كىر دېسە كىر. كارىستىن، سىئىرتىتىن، ئۇشاقتىن، ئاداناىدىن ئاغىنىلىرىڭ بوپتۇ. ئۆز ئارا چىقىشىپ ياخشى دوستلاردىن بولۇپ ئۆتىشىۋېتىپسىلەر. مانا بۇ سىلەرگە يارىشىدۇ. ئۇلارنى رەنجىتمە. ئۇلار سېنىڭ ئۇ دۇنيا- بۇ دۇنيالىق دوسلىرىڭدۇر. ئەگەر رەنجىتسەڭ ساڭا بەرگەن ئاق سۈتۈمگە رازى ئەمەس.

قوماندانىڭ چېچىڭدىكى خىنىنى سوراپتۇ، بالام، بۇنىڭدا بىلمەيدىغان نېمە بار؟ بىزنىڭ يۇرتىمىزدا قۇربانلىققا ئاتىغان قوچقارنىڭ بېشىغا خىنە قويۇپ

زىننەتلەيدىغان ئادىتىمىز بار. ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، مەن سىنى تۆت بالامنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشى كۆرگەچكە ھەزرىتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىندىشى بولسۇن دەپ قۇربانلىققا تاللىدىم. جېنىم بالام، قىيامەت كۈنى بېشىڭدىكى ئۇ بەلگە سېنىڭ ئىشارىتىڭ بولىدۇ، مەن سېنى ئىنسانلار ئىچىدىن ئۇ بەلگىدىن تونۇپ ئاسانلا تېپىۋالىمەن، ئاھ! جېنىم بالام دەپ يۈرىكىمگە باسىمەن دەپ،

ئاپاڭ خەلىچە.»

قوماندانىنىڭ كۆزلىرىدىن بۇلاقتەك ياش تۆكۈلدى. ئۇ كېيىن خەتنى ئېلىپ كەلگەن ئەسكەر پوچتىچىغا:

– سىز بېرىپ خېنە قويغان ھەسەننى تېپىپ كېلىڭ، بۇ خېتىنى مەن ئۇقۇپ بېرىمەن، ئۇ ساۋاتسىز بولغاچقا ئوقۇيالمايدۇ دېدى.

پوچتىچى ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي قايتىپ كېلىپ:

– قوماندانىم، ھەسەن ۋە ئۇنىڭ قىسمى بىر ھەپتە بۇرۇن ھېرە بۇرنىدىكى شىددەتلىك ئۇرۇشتا شېھىت بوپتۇ، – دېدى.

قوماندان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئايلىنىپ كەتتى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن،– بىلىشىم كېرەك ئىدى، بىلىشىم كېرەك ئىدى، ئاللاھ يولىغا ئاتالغان قۇربانلارغا خېنە قويۇلغان بولۇشى كېرەك، بۇ يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى خېنە قويغان...

ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەتىنى ئۈچۈن قۇربانلىققا ئاتالغان يىگىتلەر، بىلىشىم كېرەك ئىدى،

بىلىشىم كېرەك ئىدى... يۈرىكىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالغان قوماندان سىررى بەيىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۇققىلى بولمايتتى.

ئۇرۇشتىن كېيىنكى تەكشۈرۈشتە چېچىغا خېنە قويغان شېھىت ھەسەننىڭ يېنىدىن چىققان، دوستلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن يېزىلغان ئەمما تولۇق يېزىلىشقا ئۈلگۈرمىگەن خەتنىڭ ئاخىرىدىكى شېئىردا قوماندانغا بېرىدىغان جاۋاب يېزىلغان ئىدى:

ئانام قويۇپتۇ خېنىنى ئاتىدىم دەپ،

مەن بۇ ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان تۇغۇلدۇم.

ئانامدىن ئاللاھقا ئاخىرقى بىر ھەدىيە،

قوماندانىم، مەن ئىسمائىل تۇغۇلدۇم... .

تۈركچىدىن مەمەت تۇرسۇن ئۇيغۇر ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (تۈركىيە)

**ئىزاھات:** بۇ ھېكايىدە ئىشلىتىلگەن سۈرەتلەر، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان بالىلارنىڭ سۈرەتلىرى بولۇپ، ھېكايە ھەقىقەتەن يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە ئاساسەن يېزىلغان (ت).



بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى شېھىتلەر قەبرىستانلىقى

# بېشارەتنىڭ كۈچى ـ ناپالېئوننىڭ كۆپەيتىلمىسى

(ھېكايە)

توپلاپ تەييارلىغۇرچى: پەرىزات غەيرەت (ئاۋستىرالىيە)

فىرانسىيەلىك بىر ئادەم بار بولۇپ، 42 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق ئىشقا كۆڭۈل بۆلمىدىغان بىر ئادەم ئىكەن. ئۇ ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ پالاكەت باسقان ئادەم دەپ ھېسابلايدىكەن؛ چۈنكى ئۇ ئائىلىدىن ئاجرىشىپ، ئىگىلىكى ۋەيران بولۇپ ئىشسىز قالغان بولغاچقا چۈشكۈنلىشىپ، ھەتتا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىقىنىڭ نېمە قىممىتى، ھاياتىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بارلىقىنى بىلمەيدىكەن.

ئۇ ئۆزىنىڭ ھالىدىن تولىمۇ نارازى بولغاچقا، مىجەزىمۇ ئۆزگىرىپ ئاسان تېرىكىدىغان بولۇپ قاپتۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بەكلا ئاجىزلاپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ پارىژ كوچىسىدا ئارىلاپ كېتىۋېتىپ بىر موسيىپىت سىگانغا ئۇچراپ قاپتۇ.

سىگان بوۋاي ئۇنىڭغا قاراپ:

– سىز بىر ئۇلۇغ ئادەم ئىكەنسىز، قالتىس ئادەم ئىكەنسىز !– دەپتۇ.

– نېمە ؟– دەپتۇ ئۇ ئادەم قاتتىق ھەيران بولۇپ،– مەن ئۇلۇغ ئادەممىكەنمەن ؟ – چاقچاق قىلىۋاتامىدىغانسىز ؟

– سىز ئۆزىڭىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلەمسىز ؟ سوراپتۇ، سىگان سالماقلىق بىلەن.

– مەن كىم ؟ ئويلاپتۇ ئۇ، – مەن شۇ بىر پالاكەت باسقۇچى، قارا نامرات، مەن تۇرمۇشنىڭ يەكلىشىگە، دۇنيانىڭ ئادالەتسىزلىكىگە ئۇچرىغان بىر بىچارە ئادەم! لېكىن ئۇ يەنىلا سالماقلىق بىلەن سوراپتۇ:

– مەن كىم ؟

– سىز ئۇلۇغ ئادەم، دەپتۇ سىگان، – بىلەمسىز، سىز ناپالېئوننىڭ تىمسالى! (كۆپەيتىلمىسى دېگەن مەنىدە ) تومۇرلىرىڭىزدا ئېقىۋاتقان قان، سىزدىكى كۆمۈلۈپ قالغان جاسارەت ۋە ئەقىل-پاراسەتنىڭ ھەممىسى ناپالېئوننىڭ! ئەجەبا سىز چىرايىڭىزنىڭمۇ ناپالېئوننىڭ چىرايىغا بەكلا ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟

– ئۇنداق ئەمەستۇ... دەپتۇ ئۇ ئىككىلىنىپ، – مەن ئايالىمدىن ئاجرىشىپ كەتتىم، ئىگىلىكىممۇ ۋەيران بولدى، ئىشسىز قالدىم، تۇرار ماكانىممۇ يوق دېسەم بولىدۇ...

– ھەي، ئۇ دېگەن سىزنىڭ ئۆتمۈشىڭىز، دەپتۇ بوۋاي، – سىزنىڭ كەلگۈسىڭىز قالتىس ياخشى بولىدۇ. ئەگەر گېپىمگە ئىشەنمىسىڭىز، ماڭا ھەق بەرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. لېكىن، بەش يىلدىن كېيىن سىز فىرانسىيەدە ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئادەم بولۇپ قالىسىز! چۈنكى سىز ناپالېئوننىڭ تىمسالى!

ئۇ سىگان بوۋاينىڭ يېنىدىن ئىشەنمىگەن قىياپەتتە كېتىپتۇ، لېكىن يۈرىكىدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر گۈزەل تۇيغۇ پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭدا ناپالېئونغا نىسبەتەن كۈچلۈك قىزىقىش قوزغىلىپتۇ. ئۇ ئۆيگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ناپالېئونغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ماتېرىياللارنى تېپىپ ئەكېلىپ كۆرۈشكە ۋە ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ.

ئۇ ئاستا- ئاستا ئەتراپىدىكى شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشكە باشلىغانلىقىنى سېزىپتۇ، بۇرۇنقى دوست- بۇرادەرلىرى، ئائىلىدىكىلىرى، خىزمەتداشلىرى، خوجايىنى ئۇنىڭغا باشقىچە نەزەردە قارايدىغان بولۇپتۇ؛ ئىشلىرى راۋان يۈرۈشۈشكە باشلاپتۇ؛ ئۇ كېيىن شۇنى ھېس قىپتۇكى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھېچقانداق نەرسە




ئۆزگەرمىگەن، ئۆزگەرگىنى دەل ئۇنىڭ ئۆزى ئىكەن. سىگان بوۋاينىڭ گېپىدىن كېيىن ئۇ جاسارەت، تەپەككۇر شەكلى جەھەتلەردە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ناپالېئونغا تەقلىد قىلىدىغان بوپتۇ، ھەتتا يول مېڭىش، گەپ قىلىشلىرىمۇ راستتىنلا ناپالېئونغا ئوخشاپ قاپتۇ. 13 يىلدىن كېيىن، يەنى 55 ياشقا كىرگەندە، ئۇ مىلياردەر بولۇپ، فىرانسىيەدە داڭقى چىققان مەشھۇر مۇۋەپپەقىيەت ئىگىسى بولۇپ قاپتۇ.

ئەمەلىيەتتە ئەينى ۋاقىتتىكى سىگان بوۋاي، شۇ دەۋردىكى كۆزگە كۆرۈنگەن دانىشمەن بولۇپ، ئۆزىنى روھىي جەھەتتىن تۈگەشتۈرۈۋەتكەن بۇ كىشىگە ياخشىلىق قىلىپ ئۆزگەرتىش مەقسىتىدە، ئۇنىڭغا: «سىز ناپالېئوننىڭ كۆپەيتىلمىسى» دەپ يالغان سۆزلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قېزىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان. دانىشمەننىڭ ئۇ ئادەمگە بەرگەن ياخشى بېشارىتى ئۇنى ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاشقا دەۋەت قىلغان. نەتىجىدە ئۇ ئادەم بىر ياخشى بېشارەتنىڭ تۈرتكىسىدە ھەقىقەتەنمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. شۇڭا ئۆزىڭىزگە ھەم باشقىلارغا ياخشى بېشارەت بېرىڭ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئىشىنىڭ، مۇۋەپپەقىيەتتىن قورقماڭ. پەقەت سىز قورقماي يۈزلەنسىڭىزلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز.

# شېئىرلار

راھىلە كامال (شۋېتسىيە)



## ئىپارخان

ئىپار ھىدى تېنىگە
ۋىجدان بولغان ئىپارخان
خەنجىرىنىڭ بىسىدا
رىزۋان بولغان ئىپارخان

زۇلپىڭنى كىم كۆردى؟!
زۇلمەتتىن بۆلەك
چېھرىڭنى كىم سۆيدى؟!
كۈلپەتتىن بۆلەك
ۋەتەن دەپ، ئىپپەت دەپ
قىلدىڭ مۇناجات
ئۆزۈڭگە تەك بىر سەن
رەببىڭدىن بۆلەك.

چېچىڭنى بوستان دەپ قىلمەن قىياس
دۈشمەنگە ئارماندۇر ئۈنى بىر تاراش
كۆزۈڭنى چولپان دەپ ئويلىغىنىم راست
كۆيدۈرەر رەقىبنى ئۇنىڭغا قاراش.

ئىپارخان، ئىپارخان ھەسرەتلىك سەنەم
خەنجىرىڭ يېنىڭدا جەننەتتىمۇ ھەم
قوغدايسەن جەننەتنى ئىپپىتىڭ بىلەن
خۇش بويلۇق ،ئىسيانكار گۈزەل مەلىكەم!

ئەگىيسەن بەزىدە ئاسمىنىمىزدا
بەرمەكچى بولغاندەك مىسران قىلىچنى
بەرمەكچى بولغاندەك خۇشبۇي ئىپپەتنى
بىقۇۋۇل، پەرىشان جانان قىزلارغا!
پىچىرلا دىللارغا! ئۆگىتىپ تۇرغىن!
ياۋلارنى تىغمۇ تىغ قانداق يېڭىشنى
سورىغىن رەھماندىن يەتكۈزسۇن بىزگە
سەن كەبى ئىپارنى يەنە مىڭلارغا!

## كامال كەتتى

دېكابىرنىڭ 18 ى مەن پويىزدا ئىدىم،
بىرى ئىسمىمنى چاقىرغاندەك بولدى–
«ھە»، دەپ سالدىم.
ئالدىمدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان
ياشانغان بوۋاي
ھاسىسى بىلەن سىرتنى كۆرسەتتى.
قار يېغىۋاتاتتى،
يەرگە چۈشۈپلا ئېرىۋاتاتتى.
قارنىڭ كۆزى يوقمىكىنە؟!
ئۆگزىلەرگە، ياپراقلارغا،
دېڭىزلارغا، ئېتىزلارغىلا ياغسا بولمامدۇ؟!
قار نەگە يېغىشنى ئۆزى تاللىيالمايدۇ،
ئاق پېتى يەرگە چۈشۈپ،
پاتقاقتا ئايلىنىدۇ ئاياقلاردا.
مېنىڭ كۆزۈم، مۈشۈكنىڭ كۆزى،
شىرنىڭ كۆزى ھەتتا پىتنىڭ كۆزى،
كۆرۈپ، ئىلغاپ دەسسەيمىز،
كۆرۈپ، چۆرۈپ يەيمىز.
دۇنيانىڭ يۈزى بار دەيدۇ،
كۆردۈم، ئۇدۇلدىن رەڭدار،
ياندىن قارا ئىكەن.
دۇنيانىڭ كۆزى بار دەيدۇ،
كۆردۈم، تېشىدىن شەھلا،
گۆھىرى يارا ئىكەن.

دەل شۇ كۈنى، قار ياققان كۈنى،
دۇنيانىڭ كۆزى كۆرمەستە،
بىر مەزلۇمنىڭ يۈزى كۈلمەستە،
كامال كەتتى.

كېتىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ،
ئۆيدىن ئىشقا كېتىمىز،
غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە،
ياكى بىز ئاياللار كېتىپ قالىمىز،
ئانىمىزنىڭ ئۆيىگە.
ھەتتا قىتئە ئاتلاپ كېتىپ قالىمىز،
غۇلجىدىن شىۋېتسىيەگە.
لېكىن كامال كەتتى،
ھەقىنىڭ يېنىگە،
75 يىل ساقلاپ يۈرگەن ئۆزىگە.

«كامالىنىڭ ئالما، شاپتۇللىرى،
ئۆزىدەك ئوفتىسېر ئۇستىخان يىگىتلىرى،
ساندۇق، ساندۇق كىتابلىرى،
قوشنىلىرىغا ياساپ بەرگەن كاڭ ئوچاقلىرى،
غۇنچە بوي ئاپاڭلار»، دەپ ماختىنىدىغان
دىلكىشى، ھەمراھى
كامالنى قەدىناس ۋېلىسىپىتىگە مىندۈرۈپ،
ئاپئاق قاردىن ئاق لىباسنى كىيدۈرۈپ،
ئۇزۇتۇپتۇ، بىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ئۇ يەردە،
يەتكۈزۈۋاتقان تەڭرىگە كۆرگەنلەرنى بۇ يەردە.

كامال كەتتى.
تۈن تەڭدىن ئاشتى،
سىزنى سېغىندىم.
سېغىنىشتىن يامغۇردەك يىغلىدىم .
ئاخىرقى قېتىم،
سىز كېتىشتىن خېلى بۇرۇن،
بىر سۆزىڭىز يادىكار قالدى.
«قىزىم يەرنى چىڭ دەسسەڭ!
مېنى يىغلىماي ئەسلەڭ»

كامال كەتتى،
مەندىن كەتمىدى.
50 يىل سۆيدۈم سىزنى،
بۇمۇ يەتمىدى.
ماقۇل يەرنى چىڭ دەسسەيمەن،
سىزنى يىغلىماي ئەسلەيمەن.
كۆزۈمدەك كۆزىڭىزنى ئەسلەيمەن.
شېئىردەك سۆزىڭىزنى ئەسلەيمەن.
نۇرغا ئاشىق يۈزىڭىزنى ئەسلەيمەن.
1945 - يىللاردىكى كۆك ئاسماندەك
بالىلىقىڭىزنى،
1970 - يىللاردىكى چەيلەنگەن
ياشلىقىڭىزنى،
1980 - يىللاردىكى نامراتلىققا قىلغان
كۈرەشلىرىڭىزنى،
1990 - يىللاردىكى
مېنى ئالىي مەكتەپكە ئۇزاتقاندىكى ھاياجىنىڭىزنى
2000 - يىللاردىكى باغرىڭىزدىن ئايرىلىپ،
كەتكىنىمدىكى ھىجرانىڭىزنى،
2018 - يىلىدىكى ئۆلۈك تېلېفونلار،
ۋەھىمە، ئەنسىرەش،
سېغىنىشلارنى،
18 - دېكابىردىكى قارلىق كۈننى،
سىز ئىسمىمنى چاقىرغان،
يوللىرىمغا قارىغان
سىز كەتكەن كۈننى
ئېسىمدە ساقلايمەن.

## سېنلا يازدىم

سىرلىرىڭ سىرلىرىمدا
پىنھان ئىسيانلاردەك
مېنى جىم تۇرغۇزمايدۇ.
خۇلقۇڭ تىنك قىيالاردەك
مېنى جۇدۇنلارغا ئۇرغۇزمايدۇ.

مەن سېنى قانداق ئويلىسام
سەن شۇ.
سەن قانداق بولساڭ
مەن شۇ.
سەن بولساڭ مەن بولىمەن
مېنىڭدىكى باھار بولىسەن.
شۇنچە مەپتۇنكار، ئۆزىگە پاتقان
تىزىلىپ قىسمىتى ئۆزىدە ياتقان
باغرى قان ئانار بولىمەن.
كەتسەڭ تەڭ كېتىمىز
سەن ماڭا، مەن ساڭا دار بولىمەن.

مەن سېنلا يازدىم
مىسكىن كۈلكەڭنى،
غەمكىنلىكىڭنى،
تەمكىنلىكىڭنى،
كەمسۆزلۈكۈڭنى
ئۆزۈمگە ئوخشاتتىم.

كۆككە باقسام ئاسمانمۇ يوقتەك،
يەرمۇ يوقتەك پەيتلەر ئارا
كۆرۈنسەن بىر تال يۇلتۇزدەك،
كۆزلىرىمگە بېرىپ نۇر، زىيا.

سېنى كۆرۈنمەس دەيدۇ،
سېنى ئۈندىمەس دەيدۇ،
سەن ساڭا باققانلارغا زاھىرسەن!
سەن سېنى سۆيگەنلەرگە شائىرسەن!

# ئىككى شېئىر

سەرۋى (ئامېرىكا)

## نامسىز

ۋەتەن، ئەل، يۇرت پىراقىدا تارام ياشنى تۆكۈپ قويدۇق،
يۈرەككە پاتمىغاچ دەردلەر ، چېكىدىن ھەم سۆكۈپ قويدۇق.

تۆكەر سۇنى پۇچۇق ئىشرىق كەبى مول-مول تەرەپباللا،
كۆڭۈللەردىن كۆڭۈللەرگە ئەلەم، دەرد، مۇڭ تۆكۈپ قويدۇق.

قۇچاغى كەڭ ئەزىز يۇرتنىڭ بېغىدا يايرىماي دوستلار،
غېرىب باشلارنى يات ئەلگە تەۋەككۈلگە چۆرۈپ قويدۇق.

كۈنلەردىن پۈتۈپ ئايلار، ئايلاردىن پۈتۈپ يىللار،
كىشىنىڭ يۇرتىدا شۇنداق كالپىندارنى ئۆرۈپ قويدۇق.

راۋان سايرايدۇ يات تىلدا، ئانا تىلدا كېكەچ باللار ،
قۇلاقلاردىن كېتىپ راھەت، قاپاقلارنى سۈزۈپ قويدۇق.

ساپانغا قوش ئۆكۈز ئوخشاش، ھېرىپ-چارچاپ كېچە-
-كۈندۈز،
ماڭلايدىن تۆكۈپ تەرنى يەڭلەرنى تۈرۈپ قويدۇق.

ئۇرۇق-تۇغقان پىراقىدا يۈرەكلەر ئوت-كاۋاپ پىژ-پىژ،
سەبىر دەپ ھاي بېرىپ كۆزگە چىدام بىرلە كۈلۈپ قويدۇق.

ئاناڭ مەزلۇم كېتىپ قالدى، ئاتاڭنىڭ يېنىغا كۆمدۇق ،
دېگەن مەشئۇم خەۋەرلەرگە قەسەمنامە تۈزۈپ قويدۇق.

جىنازاڭنى ئانا كىملەر مازارلىققا ئېلىپ ماڭدى،
دېگەن ئويدا تولا يىغلاپ يۈرەكلەرنى بۆسۈپ قويدۇق.

قۇيۇنتاز باستىمۇ يۇرتنى، يۇتۇپ ئەھلى قېرىنداشنى،
قىزىل قاننى سىياھ ئەيلەپ ئەرزنامە پۈتۈپ قويدۇق.

تەلپەكنى ئېلىپ باشتىن، گەدەننى تازا قاشلاپ،
نېچۈن قالدۇق شۇبۇ كۈنگە دېگەن ئويغا چۆكۈپ قويدۇق.

ئىشەنگەن تاغ-ئېدىرلاردا كېيىك ياتماس ئىكەن ئەسلى،
ۋەتەن نامى سېتىپ خەجلەپ يۈرگەننى كۆرۈپ قويدۇق.

بىلىڭ ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك، دېمەڭ ھەرگىز دېۋەڭ-پاڭقۇش،
تاغار ئاچماي پۈچەك دانغا سامانلىققا چۆرۈپ قويدۇق.

ئېتىپ مەبۇد ھالاۋەتنى، ھارام مەنزۈر كېلىپ گالغا،
يالاقتىن ئاش يېگەنلەردىن يەنە بىر رەت چۆچۈپ قويدۇق.
قاچان چىققاي ئىبسىل رەھبەر، ئىمانى ساپ، ئۆزى ئاقىل،
ئەجەب ساقلاپ تالاي مەررە سۈرۈكلەرنى سۈرۈپ قويدۇق.

غۇرۇرنىڭ ھۇل تېشى ئەسلى ئىكەن ئەركىن- ئازاد دۆلەت ،
دېگەن ئاڭغا ئىسست تووۋلاپ، ئۈمىد بىرلە كۆچۈپ قويدۇق.

ۋەتەنچۈن ئاھ بېرەي جاننى، ۋەياكى مەن ساتاي قاننى،
دېدۇق نەچچە گۈرۈلدەپلا، يېنىپ لاپ-لاپ ئۆچۈپ قويدۇق.

ئۆچۈپ قالدىڭ دېمەڭ ئەسلا ھارارەتلىك يۈرەك تەپتى،
ۋەتەن ئاتلىق قىزىل چوغنى قوقاسقا بىز كۆمۈپ قويدۇق.

ۋەتەن مەشۇق ۋەتەنسىزگە، ۋىسالچۈن ئۇ كېچەر جاندىن،
دېگەن سەۋدا، قارا ھىجران يولىدا بىز يۈرۈپ قويدۇق.

تۆمۈر كەشنى كىيىپ پۇتقا، تۆمۈر ھاسا ئېلىپ قولغا،
ۋىسالچۈن جان پىدالىقنى كۆڭۈللەرگە پۈكۈپ قويدۇق.

تۆمۈر كەشلەر تېشىلگۈنچە، تۆمۈر ھاسا ئىگىلگۈنچە،
دېسەك كەتسۇن ئېغىز قىڭغىر ئۈمىدنى بىز ئۈزۈپ قويدۇق.

قۇچاق ئاچقاي ۋىسال بىر كۈن، كويىدا يە چىقار بۇ جان،
پۇشايمانسىز كېتەر ئاشىق دېگەن ئەھدە تۈزۈپ قويدۇق.

ۋاقتىكى گەر سۇنار جامنى ئەزرائىل ھالا بىر كۈن،
دېگەيمىز رەب، رىزايىڭچۈن داۋانلاردىن ئۆتۈپ قويدۇق.

2020 -يىلى، 22 -ماي، ئامېرىكا

## ۋەتەن ئاشقى

كېزىپ ئەللەرنى ھېچ كۆرمەم سېنىڭدەك جەننەتى رىزۋان،
تىلىمدا زىكىردۇر ئىسمىڭ ، ئوتۇڭدا يانغىنىم يانغان.

مۇساپىرلىق پېتىپ جانغا، سېنىڭ قەدرىڭنى بىلدۈردى،
كۆزۈمگە تۇپرىقىڭ سۈرسەم، قالارمۇ باشقا بىر ئارمان.

غېرىب بېشىمنى ئېپ كەتتىم، سېنى باسقاندا ياۋ-دۈشمەن،
قەرزدارمەن ساڭا مەڭگۈ، شۇنىڭغا زورلىدى دەۋران.

كېچەلەردە چۈشەپ نەچچە سېنى يوقلاپ بېرىپ كەلدىم،
سەھەردە ئويغىنىپ يىغلاپ يۈرەكنى تىلغىدى ئەپغان .

غېرىب ئاتلىق بولۇپ قالدىم، سېنى ئالدى تالاشقانلار،
تۆكۈپ دەردىمنى ياتلارغا پۈتتۈم قانچىلاپ داستان.
كۆزۈمدىن كۆرمىدى ئەكسىن، ماڭا باققان بۇرادەرلەر،
دېدىكى تىندۇرۇپ ئاپتۇ كۆزۈڭنى بىر قارا ھىجران.

ئۆتۈپ كەتتى تالاي ياز-قىش ۋەتەن دەپ ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ،
ھامان بىر كۈن كۆرەرمەن دەپ ئېيتتىم قانچىلاپ يالغان.

دېسە يۇرتۇڭ ئىدى قانداق، دېدىم : جەننەتكە تەققاس قىل،
ئىدىكى گۈل-گۈلىستانلىق، بېغى ئۈز، بۇلبۇلى خەندان.

ئىدىكى قەشقەرىم خانلىق مەدرەسەم، قەدىم جايىم،
ماكانى ئىلمۇ-ئېرپاننىڭ ئىنايەت ئەيلىگەچ سۇبهان.

مەئىشەتلىك بېغى ئەلۋەك، قېرى-ياشى شېرىن سۆزلۈك،
تاللىق ئارتۇچۇم باغرىم- مازارىم ساتۇق بۇغراخان.

ئىدىكى خەلقى تەقۋادار، تەۋاززۇلۇق خوتەن شەھرىم،
هېكىملەر بابىدا يەكتا، يەنە بىر نامىدۇر شەھدان.

ئىدىقۇت خانىدانىمنىڭ مىراسى چوغ گۈزەل تۇرپان،
ئۈزۈمزار قوينىدا سانسىز يېتىشكەن ئوت يۈرەك ئوغلان.

قۇمۇل شەھرىم ئىنايەتلىك خەلقى قاپ يۈرەك غەييۇر،
زۇلۇمغا باشىنى ئەگمەس دېگەيسەن ساهىبى كامران.

گۈزەل ئاقسۇغا گەر كەلسەڭ كېتىشنى ئىستىمەس كۆڭلۈڭ،
تارىم بويىدا تىلسىم، غازاتگاهىم ئۆزى مەردان،

ئىدىكى كانى ھىممەتنىڭ گۈزەل غۇلجام سائادەت يار،
جۇۋان ھەم قىزلىرى ھۆردەك، تامام ئەركەكلىرى پالۋان.

ئىدى ئالتاي چىمەنزارىم، بېھىشكە نۇسخىدار باغچەم،
قارا ئېرتىش ئاقار ئۇندا، ئەقلىلەرگە كۆمۈش رەخشان*.

ئىدى كورلام دىلىم شادى، پەرىۋەش* قىزلىرى سەرۋەر،
تاھىر-زۆھرەمنى ئۆستۈرگەن، باش ئەگمى بويى سەيلان.

ئىدىكى مۆھتەرەم ، ئەۋزەل، ئۈرۈمچى رەستىسى ئاۋات،
ساكلارىم* بېغى تاللىق*، گۇۋاھ تارىخ بېرەر پەرمان.

ئۇچۇم تۇپراقىنى ئالسام، شىمرلاپ زەرلىرى سۆزلەر،
قەدەم ئاستىم ئەمەس تۇپراق، مىسالى خەزىنە - ئالتۇن كان.

قوشنام بار ئىدى بۇندا قارا تاز*، قارغا، قۇزغۇندەك،
گۈزەل يۇرتۇمغا قەست قىلدى، سوزۇپ تىرناقلىرىن چەندان.

نىتەي ئاھ، ھېلىگەر قەللاب بېسىپ ئالدى گۈزەل يۇرتۇم،
تالاي قىز ھەم يىگىتلەرنىڭ ياتار جايى سوغۇق زىندان.

شۇملۇق خالتىسىن ئاچتى ئۆزى سەت ھىيلىگەر قەللاب ،
ئەزىز خەلقىمنى خار قىلدى، ئوقۇپ ئەپسۇن، ھۈرۈپ ھەريان.

كۆرۈڭ خەلقىم ھالى قانداق، كۆيەر ئوتتا، ئاقار سۇدا،
كۈلۈپ خىر-خىر زالىم قەللاب ، ئىچىپ قانلار سۈرەر دەۋران.

نىتەي، كەتتى قولۇمدىن يۇرت، مۇساپىر نامىنى ئالدىم،
ئىشىمدۇر ئاھ ئۇرۇپ يىغلاش، شىكايەتتە سېلىپ غەلىيان .

سۆزۈمنى ئاڭلىغان يارەن دېدى يۇرتۇڭنى راست سۆيسەڭ،
ساداقەت-ھىممىتىڭ ۋەزنى سىناپتۇ قادىرى رەھمان .

ئىشق يولىدا ھەر كىملەر ئېتەر دەۋا ، جېنى تاتلىق،
يېشىنى تۆكىدۇ مونچاق ، بىلەر ھەممە سۆزى يالغان.

دېمەس ھېچكىم ئاشق پەرھات مەگەردە كەسمىسە تاغنى،
جېنىدىن كەچمىسە بولماس ئىشقىنىڭ بابىدا سۇلتان.

شىكايەت ئەيلىبان يىغلاپ، قۇرۇق دەۋاغا كىم مەشغۇل،
نېسىپ بولماس ئاڭا مەڭگۈ ۋەتەن ئاتلىق گۈزەل جانان.

ۋەتەن ئىشقىنى گەر بىلسەڭ ئىماننىڭ پارچىسى ئاشىق،
ۋىسال جامى سېنى كۈتكەي، بېرەر رەززاق زەپەر ئىمكان.

نەزەر سال يەتتە ئىقلىمغا كىمەركى خان، كىمەركى قۇل،
سۇغارغاچ قېنىدا تۇپراق، دىلى سەرخۇش سۈرەر دەۋران.

ۋەتەننىڭ ۋەسلىگە يەتكەن ئاشىقلار دېدى تەھقىق،
مەگەر بۇ كويدا جان بەرسەڭ كېلەر ھەققى يەنە ئەرزان.

بېھىش باغلىق گۈزەل يۇرتۇڭ ئۈچۈن جاندىن كېچىپ چىققىن،
قانات بولسۇن ۋەتەن ئىشقى، زەپەر قۇچقىن جەسۇر مەردان.

بېشىڭنى سەجدىگە قويساڭ ئەزىز تۇپراققا يەتكەندە،
ۋەتەننىڭ ئاشقى دەرلەر سېنى ھەق، خالىقى- راھمان.

تۆكۈپ بەرگى قىزىل گۈللەر پاياندار بولغۇسى، ئاشىق،
ئاياغىڭ ئاستىدا ئاققاي، بولۇپ گوياكى نۇر ئەفشان.

2020 - يىلى، 15 - مارت، ئامېرىكا

---

رەخشان: يالتىراق، پارقىراپ تۇرىدىغان.

ئۈرۈمچى: مىلادى 925 -يىلىدىكى ساك يېزىقىدا يېزىلغان قوليازمىدا ئۈرۈمچى نامى «ئىرۇمجىنىيا» دەپ ئېلىنغان بولۇپ، ساك تىلىدا ئاڭلاتقان مەنىسى <<تاللىق، باراقسانلىق، ئورمانلىق»تۇر. شۇڭلاشقا ئارخېئولوگلار ئۈرۈمچى دېگەن نامىنىڭ مەنىسى «تاللىق» دېگەن مەنىدە دەپ پەرەز قىلىدۇ( قۇربان ۋەلى، بىزنىڭ تارىخى يېزىقلىرىمىز، 1986).

ساكلار(ساك): مىللىتىمىزنىڭ قەدىمى قەبىلىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى، توققۇزاق (توققۇز ساك)، ئىكساق (ئىگە ساق)، ئوغۇساق (ئوغۇزساك) دېگەن يەر نامىلىرى بۇ ساك قەبىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

پەرىۋەش: پەرىدەك، پەرى كەبى.

قارا تاز: ئەسلىسى تاز قارا، ۋەزىن ئېھتىياجى بىلەن <<قارا تاز>> دەپ ئېلىندى.

ئەفشان: چاچقۇچى، تۆككۈچى، دەريا. نۇرئەفشان: نۇردەرياسى دېگەن مەنىدە.



# باللار ئەدەبىياتى

## ئىككى شېئىر

روزاخۇنوۋ بەختىيار (قازاقستان)
دولاتا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ 8 - «ئە» سىنىپ ئوقۇغۇچىسى
ئۇيغۇر ناھىيەسى، دولاتا يېزىسى

### ئانا ۋەتەن

قانداق بەخت !
ئوز ۋەتىنىڭ مۇستەقىللىق ئالسا ئەگەر
كوچىلاردا ئەركىن يايراپ دوستلار بىلەن ئويناپ يۈرگەن
ئۆز تىلىڭدا ئەركىن سۆزلەپ،ناخشا ئېيتقان

قانداق بەخت !
تاغلىرىدا سەيلە قىلىپ كۆڭۈل ئاچقان
مۇستەقىل قازاقستان ئېلىم مېنىڭ
رەھمەت ساڭا
ھۆر ياشناتقان كەڭ قوينۇڭدا ئەلا ياتقان

### ئاتا ـ ئانا

ئاتامغا يېتەر ھېچكىم يوق ئىكەن
ئانام مېنىڭ نازۇك قولۇڭ جان ئىكەن
ئاتام باردا تاغدەك مەغرۇر يۈرىمەن
ئانام باردا باغدا ئويناپ كۈلىمەن

ئاتا-ئانام بار مېنىڭ
قەددىم سولماس ھېچقاچان
كۆڭلۈم نۇرغا چۆمۈلۈپ
كۈلكە كەتمەس ھېچ قاچان

مەن دەيمەن، شۇڭا، دوستلار
قەدىرلەيمەن مېھرىنى
ماڭا ئەزىز جانلارغا
گۈل تۇتارمەن ھەر كۈنى




بەختىيار ۋە ئوقۇتقۇچىسى گۈلزادەم روشەنوۋا

# شېئىرلار

مامتىېۋا دىلمىرا (قازاقىستان)

ئە.قاستېيېۋ نامىدىكى ئوتتۇرا مەكتېپنىڭ 7 - «ب» سىنىپ ئوقۇغۇچىسى
ياركەنت شەھىرى، ئالتۆي يېزىسى.

## ئا.دۆلەتوۋنىڭ «قىزلار» ناملىق شېئىرىغا جاۋاب

«ئەسسالام» دەپ سالام بېرەي،
بوۋا سىزگە دىلىمدىن كۈلۈپ.
سىزنى چىن يۈرەكتىن ھۆرمەتلەپ،
مىڭ تازىم قىلاي ئېگىلىپ تۇرۇپ.

ھاياتنىڭ گۈللىرى بىزغۇ، بىراقتا،
سىلەردەك ئاتىلار بىزلەرگە قورغان.
بىز- ئوماق قىزلارنى سىلەر دۈشمەندىن،
ھەرگىز قوغدايدىغان چىن-تۆمۈر، قالقان.

باھاردەك كۈلكىمىز بارغۇ، بىراقتا،
سىلەرسىز ھېچقاچان بىز كۈلمەيمىز.
سىلەر بولمىساڭلار بۇ دۇنيادا
بىز ھېچقاچان ئەركىن-ئازاد يۈرەلمەيمىز.

## ياركەنتىم

قاراڭلار! ياركەنتنىڭ تەبىئىيتىگە!
تازا بۇلاق - ئارشىڭى، قۇشلار سايرىغان.
خۇشال - خۇرام بالىسى، ئوماق قىزى-مەن،
چوڭلارمۇ بار، زوقلىنىپ بىزگە قارىغان.

ۋىلىۋايىدەك مېچىتىم بار، ماختىنىمەن،
ئالتۇنىدىنمۇ قىممەت بايلىقىم مېنىڭ.
ئادەملەرنىڭ ئىشەنچىسى، قىممىتى ئۇ-
ھەربىر بۇلۇڭى، مىقسىز ياسالغان ۋىلىۋايىنىڭ.

ياركەنتتىن چىققان مېنىڭ شائىرلىرىم،
يارالغان ئۇلارمۇ بىر ئارزۇ-تىلەكتىن.
خەلقى ئۇلارنىڭ سۆيۈپ،ھۆرمەتلەپ،
ئوقۇيدۇ شېئىرلىرىنى چىن يۈرەكتىن.

## خېلىل بوۋامغا

سالام بېرىمەن خېلىل بوۋامغا،
خەلق ئارىسىدا ئاتاقلىق ئادەم.
ئۇنتۇلمايدۇ ئەمگىكى ئۇنىڭ،
رەھمەت ئېيتىمەن ھۆرمەتلىك ئاتام.

90 يىل بولۇپتۇ خېلىل بوۋامغا،
ئىزىدىن كېلىدۇ ئوغۇل-قىزلىرى.
ھەر چاغ ئوقۇيمەن ئەسەرلىرىنى
پوۋېست، دراما، شېئىرلىرىنى.

مۇبارەكلەيمىز ئۇلۇغ تويىڭىزنى،
قەدىرلەپ،ھۆرمەتلەپ سىزنى.
كۆپەيسۇن سىزدەك ئالىي شائىرلار،
قالدۇرۇپ كەتكەن بېسىپ ئىزىڭىزنى.




دىلمىرا ۋە ئوقۇتقۇچىسى دىلشاتوۋا زۇلفىيا دىلشات قىزى

## ئانام


ئانام مېنىڭ بەك چىرايلىق،
ھەر چاغ مېنى قوللاپ يۈرىدۇ.
ئەگەر يىغلىسام بىللە يىغلاپ،
كۈلگەندىمۇ بىللە كۈلىدۇ.

ھېچ كىمدىنمۇ كەم قىلماي،
مېنى پەپىلەپ ئۆستۈرگەن.
قىينالسام مەن ھەرقاچان،
مېنىڭ ئۈچۈن جان بەرگەن.

مەنمۇ ئۇلۇغ ئانامنى،
قاتتىق ياخشى كۆرىمەن.
سىزدەك ئانىنىڭ ئالدىدا،
مىڭ تازىم قىلىمەن.

# ئىككى شېئىر

تۇرسۇنوۋا رۇملەم (قازاقستان)
ئۆلكېنشغان ئوتتۇرا مەكتپى10 - «ب» سىنىپ
ئوقۇغۇچىسى
ئالمۇتا ۋىلايىتى، ياركەنت ناھىيەسى



## ئۇيغۇرۇمغا

چەكسز كۈنلەر، مڭلاپ يىللار ئۆتمەكتە.
ئۇيغۇر خەلقم كۆزىدىن قان تۆكمەكتە.
تىنچلىق ھايات، ۋەتىنىم دەپ تەلمۈرگەن،
نى بىر جاپا ، ئازاب كۈنلەر كۆرمەكتە.

قېرىنداشىنىڭ قېنىنى تۆكتى خورىمىدى ،
مۇسۇلماننى ئوتقا ياقتى، تويمىدى.
بىگۇناھ ،پاك سەبىنىمۇ يىغلىتىپ ،
كاپىر دېگەن بۇ ئىشىنى تويمىدى.

ئۇيغۇرۇم، كۆتەر، قېنى بېشىڭنى،
تۆكمىگىن سەن كاپىرلارغا يېشىڭنى.
تىنچلىق ھايات تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ
توختاتقىن بۇ ياۋۇزلارنىڭ ئىشىنى.

## ئىنتېرنېتقا باغلانغان ھايات

كېچە كۈندۈز تېلېفونغا قارايسەن،
باش كۆتۈرۈپ ، ئەتراپىڭغا باقمايسەن
ئىنتېرنېتتا ئۆتۈۋاتقان ھاياتىنىڭ،
قەدىرىنى بىلمەي كېلەچەكتە زارلايسەن.

ئىنستاگرامم، ۋاتساپ بولدى ماكانىڭ
ئۇنى قويۇپ ، ھالىنى سورا ئاناڭنىڭ،
لايك يىغىپ ، ئۇچۇپ قونۇپ يۈرگىچە ،

ساۋاب يىغىپ ، ياخشى ئىش قىل، شادلانغىن .
ۋىرتۇاللىق ئالەمگە باغلاندىڭمۇ؟
كېلەچەك دەپ، بىر چوڭقۇر ئويلاندىڭمۇ؟
تېلېفونسىز ھاياتىڭنى تەسۋىرلەپ سەن،
ئىنتېرنېتقا باغلانمىغان بولالىدىڭمۇ؟



رۇملەمنىڭ ئوقۇتقۇچىسى خودژاشېۋا مۇكارىيام راخىمژانوۋنا



# قىنى

راخمېتژان پارۋىزا (قازاقىستان)

مالىۋاي ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ 8 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

ئۆز تىلىڭدا سۆزلىمەي،
ئۆزگە تىلنى ئۆگەندىڭ .
قېنى سېنىڭ شۇ تىلدا
ئالىم بولۇپ كەتكىنىڭ.

كېلەچەكتە كېرەك دەپ،
ئۆگەندىڭغۇ بىلىمەن.
قېنى بىراق شۇ تىلدا
ئېنىق سۆزلەپ كەتكىنىڭ؟

ئۆز تىلىڭدىن قېچىپ سەن،
مەڭسىتمىدىڭ بىزلەرنى.
قېنى شۇندا غۇرۇرۇڭ
مەسخىرە قىلساڭ تىلىڭنى.

ئاشۇ تىلدا سۆزلىگەن،
ئاتا-ئاناڭ ئەمەسمۇ؟
ئاپپاق تازا سۈت بىلەن
ساڭا سىڭگەن ئەمەسمۇ؟

ۋەتەندىكى تۇغقانلار
زار قاقشايدۇ سۆزلىيەلمەي .
ئانا تىلنى بايراق قىپ،
كۆرەش قىلار توختاتماي.

مۇمكىنچىلىك بەرگەندە
ئەل رەھبىرى نۇرسۇلتان.
ئوقۇمامسەن ئۆز تىلدا
بولسا گەر سەندە ۋىجدان .

مەن سايرىدىم ئۇيالماي،
ئۇيغۇر تىلدا جاراڭلاپ .
يۈسۈپ ھاجىپ تونۇتتى،
مەيدەم كېرىپ يۈرىمەن .



پارۋىزانىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئا. ئابدىرىمووۋا



# سەت ئىش

(ھېكايە)

ئالېس كارلىيوكېۋىچ (بېلارۇس)

ئالېس كارلىيوكېۋىچ (ئالېكساندر نىكولايېۋىچ كارلىيوكېۋىچ)، بېلارۇس ژۇرنالىستى، يازغۇچى. 1964 -يىلى 6 -يانۋار كۈنى بېلارۇس جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىنسك ۋىلايىتىگە قاراشلىق سلوبودا زاتىتوۋا يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. لۋوۋ ئالىي ھەربىي سىياسىيى ئۇچىلىژېسىنىڭ ژۇرنالىستلىق فاكۇلتېتىنى تاماملىغان. چىرۋونايا زمېنا، زۋيازدا گېزىتلىرىنىڭ باش مۇھەررىرى بولغان. ھازىر بېلارۇس جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاخبارات مىنىستىرى. باللار ئۈچۈن ھېكايە، چۆچەكلەرنى يازىدۇ. ئەسەرلىرى رۇس، ئىنگلىز، ختاي، ئەزەربەيجان، ئەرمەن، ئۇكرائىن، لىتۋا، چېرنوگور، تاجىك، تاتار تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. مەزكۇر ئەسەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان دەسلەپكىسىدۇر.

گالىنا دېنىسوۋنا ئۆزى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان بىرىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ كابىنېتتىن چىقىشىنى كۈتۈپ تۇردى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ كىتاب ۋە قەغەزلىرىنى يىغىشتۇردى. 1 - ب سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى مۇئەللىمنى خۇشال قىلىپ يۈرەتتى. ئوغۇل ۋە قىزلار بىلەن بولغان ھەر بىر ئۇچرىشىش ئۇنىڭدا ئىجابىي ھېس - تۇيغۇ ھاسىل قىلىپ، سەلبىي جەھەتتىن ئەنسىرەشكە سەۋەبچە بولغىدەك ئەھۋال يوق ئىدى. بىرىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بولغان ھەر يىلقى خوشلىشىش مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلىشاتتى. مەكتەپتىكى كۆپ يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدە ئۇنىڭ قولىدىن قانچىلىك گۆدەكلەر ئۆتتىكىن، ھەتتا ھېسابىنى ئۆزىمۇ ئۇنتۇتقان ئىدى. گالىنا دېنىسوۋناغا نەسبەتەن بۇ باللار بىر-بىرىگە ئوخشاشتەك كۆرۈنەتتى: ئوچۇق، دىلى پاك، ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان ۋە مۇلايىم.ئەپسۇس، ئەمدىلىكتە بولسا بۇنداق ئىشنىڭ بولۇشى كۈتۈلمىگەن پاجىئە ئىدى!..

1 - سىنىپتا بىر ئوغرى پەيدا بولۇپ قالدى. سىنىپ يېتەكچىسىنىڭ بۇ ۋەقەگە زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمىدى. ئەمما باللار بۇگۈنلا ئەمەس، خېلىدىن بېرى ئاتا-ئانىلىرى «چۈشلۈك تاماق»قا دەپ بېرىدىغان ئاقچىلىرىنىڭ يوقاشقا باشلىغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئېيتماقتا ئىدى. رومان دانىلوۋنىڭ سۆيۈملۈك ھەدىسى پولشادان ئېلىپ كەلگەن بىر توپ رەڭلىك قېرىنداشلىرى يوقاپ كېتىپتۇ. ئىككى قېتىم لېشا پاشكېۋىچ ئەرزى قىلدى: بىر قېتىم تەنەپپۇس ۋاقتىدا پارتا ئۈستىگە قويۇپ قويغان چىرايلىق پېنالى ئورنىدىن يوقلىپ كېتىپتۇ. ئىككىنچى قېتىم ئاپىسى ئۇزۇش باسسېيىنىنىڭ خىزمىتىگە تۆلەش ئۈچۈن بەرگەن ئاقچىسى چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن يوقاپ كېتىپتۇ. ئالېشا مۇنداق پەۋقۇلئاددە ۋەقەلەرنى ئاپىسىغا ئېيتىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ ئانىسى ساقچى بولۇپ ج.ج ئىدارىسىدە ئىشلەيتتى. شۇڭا مۇئەللىم ئالېشىدىن ئەنسىرىدى. بىراق ئەجەپلىنەرلىك يېرى، تېخىچە ئۇنىڭ ئاپىسى يوقالغان پېنال بىلەن ئاقچا مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مەكتەپكە كەلمىدى.

گالىنا دېنىسوۋنا بۈگۈن بولمىسا ئەتە بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەكلىرىنى ئويلايتتى. لېكىن بولغان ۋەقە ھەققىدە باللار بىلەن سۆزلىشىپلا قويۇشى كۇپايە قىلمايتتى. چۈنكى ئىش بارغانسېرى يوغىناۋاتاتتى. بۇ ماجىرانىڭ كەينىگە سوزۇلۇشىدا مۇئەللىم ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. ھەر كۈنى ئۇ باللارنىڭ مىڭىش-تۇرۇشى، خۇلقى-مىجەزىگە قاراپ ئوغرىنى تېپىۋالىدىغاندەكلا قىلاتتى. ئۆزى ئىلگىرى ئوقۇتقان بىرىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ مىجەزلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئەسلەپ باقتى. لېكىن گۇمانلاندۇرغىدەك ھېچ نەرسە تاپالمىدى. ئوچۇقىنى ئېيتساق، كۆپلىگەن باللارنىڭ ئاتىسى يوق. بۇ دەۋرنىڭ بىزگە سىلىۋاتقان ئېغىر يۈكلىرىنىڭ بىرى دەپ چۈشىنىشكە بولاتتى. ئەپسۇسلىنىدىغان يېرى، كۆپلىگەن ۋاقىتتا باللار ئاجرىشىپ كەتكەن ئائىلىلەردە تەربىيەلەنمەكتە ئىدى.

ئېشىكنىڭ چېكىلىشى بىلەن سىنىپقا لىشا پاشكېۋىچنىڭ ئانىسى كىرىپ كېلىشىدى، مۇئەللىم ئورنىدىن ھودۇقۇپ تۇرۇپ كەتتى. «ھە، مانا، چاتاق ئەمدى باشلىنىدىغان بولدى...“ دەپ ئويلىدى گالىنا دېنىسوۋنا. ياش ئايال ئوغلىنىڭ پېنالى بىلەن ئاقچىسىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ، كىم ئالغانلىقىنى سوراشتۇرىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدى. ئامما ئىننا سېرگېيېۋنا:

– تۇيۇقسىز كىرگىنىم ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايمەن. بىز ئالېكسېي بىلەن ئاغرىقخانىدا بىرىشىمىز كېرەكتى. رۇخسەت بولسا؟ – دېگەن سۆزنىلا قىلدى.

– ئۇ كىتابخانىدا بولۇشى مۇمكىن. مەن ھەممىسىگە ۋلادىمىر لىپىسكىينىڭ «نول توغرىلىق» ئەسىرى بىلەن تونۇشۇش تاپشۇرۇقىنى بېرىۋېدىم... ناھايىتى كۆڭۈلگە يېقىملىق، مۇلايىم قەھرىمان. بىرىنچى سىنىپ بالىلىرىغا چۈشىنىشلىك بولىدىغىنىغا ئىشىنىمەن. سىز ئەنسىرىمەڭ.

– ئىننا سېرگېيېۋنا، سىزنىڭ بىر مىنۇت ۋاقتىڭىز بارمۇ؟ سىز بىلەن ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلە ئۈستىدە مەسلىھەتلىشەي دېۋىدىم.

ياش ئايال قىزىرىپ كەتتى. ھازىرقى ساقچى باشلىقى، گالىنا دېنىسوۋنا ئىشلىگەن ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ قولىدا بىلىم ئېلىپ، مەزكۇر مەكتەپنىڭ بىرىنچى سىنىپىدا ئوقۇغان ئەمەسمىدى.

– ئىننا سېرگېيېۋنا، خىجىل ئەھۋالدىمەن، ھەتتا قەيەردىن باشلىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن. قىينىلىپ قالدىم...

– گالىنا دېنىسوۋنا، مەن سىزنى تىڭشاپ تۇرىمەن. سىز تەجرىبىڭىز مول پېداگوگ، بالا تەربىيەسىدە تەربىيەم يوق، ئەمما سىزگە قانداق ياردەم قىلالىشىم مۇمكىن؟

مۇئەللىم قىسقا سۈكۈتتىن كېيىن سۆزىنى باشلىدى.

– بىلەمسىز، بىزنىڭ سىنىپتا ئوغرى پەيدا بولۇپ قالدى. ھازىرنىڭ ئۆزىدە دىققەت تارتقۇداك بىر نەچچە ۋەقە بار. بۇ ئەھۋالدىن قانداق چىقىدىغىنىمنى بىلمەيۋاتىمەن. ھەقىقەتنى يوشۇرۇشقىمۇ ھەققىم يوق. بالىلارنى ئوچۇق سۆھبەتكە چاقىرغىنىم بىلەن نەتىجە چىقىشى ناتايىن. ئوچۇقىنى ئېيتسام، مەن ئەنسىرەپ قالدىم. ئەگەر بالا مۇنداق يامان ئادەتنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇپ ياشاشنى بىر سىستېمىغا ئايلاندۇرۇۋالسا قانداق بولغىنى؟ بىزنىڭ تەربىيەمىز نەگە كەتتى؟ بىز جىنايەتكە يول قويغان بولمامدىمىز؟ ئەگەر بۈگۈنكى كۈنلۈكتە قانداقتۇر بىر كىچىككىنە بىرىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىسىدىن كېلەچەكتە جىنايەتچى يېتىلىپ چىقسا قانداق بولغىنى؟

– گالىنا دېنىسوۋنا، ئەتىلىككە مېنى بىر دەرسىڭىزگە تەكلىپ قىلىڭ. مەن خىزمەت كىيىمىنى كىيىپ كېلىمەن – دە، بالىلارنى ئولتۇرغۇزۇپ چوڭلار بىلەن سۆزلەشكەندەك گەپلىشىپ باقاي.

ئىككى ئايال ئارىسىدىكى گەپ مۇشۇ يەردە توختىدى. ھەتتا ئىننا سېرگېيېۋنا ئەتىسى مەكتەپكە بارىدىغانلىقىنى ئوغلىغىمۇ ئېيتمىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئوغلى ئالېكسېي ۋە باشقىمۇ بالىلار سىنىپقا چىرايلىق كىيىنگەن، زىلۋا بويلۇق ساقچى باشلىقى كىرىپ كەلگەندە، ھەيرانلىقتا، ئۇنىڭغا زوقلىنىپ، ھەۋەس بىلەن قاراشتى.

ئىننا سېرگېيېۋنا كۆزى بىلەن ئوغلىنى تاپتى ۋە كۆزى بىلەن ئۇنى بەزلەپ: « ئەجەپلەنمە، مەن بۇ يەردە ئۆزۈمنىڭ ئىشى بىلەن...» دېگەندەك ئىما قىلدى. بىردىنلا مۇئەللىم بىلەن پاراڭلاشقان مەسىلىگە يۆتكەلدى.

– بالىلار، سىلەرنىڭ سىنىپتا بىر ياخشى بولمىغان ئەھۋال يۈز بېرىپتۇ. بۇ ھەقتە گالىنا دېنىسوۋنا سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭغا بەزى ئوقۇغۇچىلار سىلەرگە ئانا-ئانىلار چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن بەرگەن ئاقچىلارنىڭ، بەزىدە ئوقۇش قوراللىرىنىڭ يوقىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئىنكاس قىلىپتۇ. باشقا بىرىنىڭ نەرسىسىنى ئالغان ئادەملەرنى بىزدە نېمە دەيدۇ؟ «ئوغرى» دەيدۇ. سىلەرنىڭ سىنىپتا ئوغرى پەيدا بولغىنى ناھايىتى ناچار، سەت ئىش. ئەگەر بىرەر ئادەم بۇنداق ئىشلارنى سادىر قىلسا، قانۇن ئالدىدا جاۋاب بېرىدۇ. ئەتىلىككە بىز سىنىپقا مەخسۇس تەربىيەلەنگەن ئىتنى ئېلىپ كېلىمىز. ئۇ ئوغرىنى تېپىشقا ياردەم قىلىدۇ. ئىش ئېنىقلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنى مەكتەپكە چاقىرتىمىز. ئەلۋەتتە، بالىسىنىڭ مۇنداق سەت ئىش قىلغانلىقىنى ئاتا-ئانىسىنىڭ خىزمەتداشلىرى ۋە دوستلىرىمۇ ئۇقىدۇ.

ئىننا سېرگېيېۋنا كۆزىنىڭ قىرىدا سىنىپنى بىر چارلاپ چىقتى. بالىلاردىن قايسىسى ئوغرىلىق قىلدى؟ مۇنداق قىلىشىغا ئۇنىڭغا نېمە سەۋەب بولدى؟

– بىراق، بالىلار، مۇنداق قىيىن ئەھۋالدىن ئاسان چىقىش يولى بار، – دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ساقچى باشلىقى. – بۇ ناھايىتى سەزگۈر ئىت بىلەن سىنىپقا كىرگىنىدىن ياخشىراق. بۇ كىمنىڭ ئەيىبى بولسا، گالىنا دېنىسوۋناغا يولۇقۇپ، كەچۈرۈم سورىسا بولغىنى. لېكىن بۇ كەچۈرۈم سوراش ئىشىنى ئەتىگە قالدۇرماي، بۈگۈن، سىنىپقا ئىتنى ئەكىلىشتىن بۇرۇن ئورۇنلىشىڭلار كېرەك.

دەرسلەر تۈگۈدى. بالىلار خۇش ياقمىغاندەك سىنىپتىن چىقىشتى. گالىنا دېنىسوۋنا ئالېشىنىڭ ئاپىسى بىلەن خوشلاشتى.

... كەچكە يېقىن مۇئەللىم ئىننا سېرگېيېۋناغا تېلېفون قىلىپ، بىر بالا ئۇنىڭ بىلەن يولدا ئۇچرىشىپ، كەچۈرۈم سورىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ كۆزىدىن تارام-تارام ياشلار ئاقماقتا ئىدى. ئۇ بالا بۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارنىڭ ھېچ نەرسىسىگە تەگمەيدىغانلىقى توغرىلىق ۋەدە بېرىپتۇ.

– ئىننا سېرگېيېۋنا، سىز قانداق ئويلايسىز، مۇشۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىكمۇ؟ ئۇ بالىنىڭ ئىسمى...

ساقچى باشلىقى مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى بۆلدى.

– گالىنا دېنىسوۋنا، ئىسمىنى ئېيتماڭ. باشقا گەپ قىلماڭ. ئەڭ مۇھىمى بالا قايىل بولۇپ، كەچۈرۈم سورىغىنىدۇر. ئەڭ ياخشى نەتىجە – ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان خاتالىقىنى ئېقرار قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ 1 - ب سىنىپىدا مۇنداق سەت ئىشلار يۈز بەرمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىڭ. بۇ ئىش ئۇ بالىنىڭ خاتالىقى ھاياتىدىكى ئاخىرقىسى بولسۇن، ئىلاھىم ...

رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى ئاۋۇت مەسىموۋ (قازاقىستان)



# ئەما بوۋاي

(ھېكايە)

ئا. ئازات

*كىشى ئۆز سېخىيلىقى بىلەن ھۆرمەت تاپىدۇ.*

—ئۇيغۇر ھېكمەتلىرىدىن

ئېسىمنى بىلسەم بىزنىڭ مەھەللىدە كۆزى كۆرمەيدىغان 65 ياشلار چامىسىدىكى كەكە ساقال، يۈزىنى قورۇق باسقان، ئوتتۇرا بوي، بۇرنى سەل پاناقراق بىر ئەما بوۋاي بولىدىغان بولۇپ، سالامەتلىكى دېگەندەك ياخشى ئەمەس ئايالى بىلەن قورۇمىزنىڭ كەينى تەرىپىدىكى ئانچە چوڭ بولمىغان قورۇلارنىڭ بىرسىدە، يېتىپ - قوپۇپ تىرىكچىلىك قىلاتتى.

ھازىرمۇ ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، بىر يىلى ئەتىيازدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئارا ئۆتكۈزۈلىدىغان پەن- تېخنىكا كورژىكىنىڭ مودېل ماشىنا مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش ئۈچۈن تاغامنىڭ ھەمراھلىقىدا، پەنەركىدىن پايدىلىنىپ كىچىك تىپتىكى موتورلۇق ماشىنا ياساپ ئولتۇراتتۇق. شۇ ئەسنادا ئىشىك يېنىك ئېچىلىپ ئاكام (مەندىن ئىككى ياش چوڭ) كىيىملىرى لاي پېتى كىرىپ كەلدى، ئوچاق بېشىدا گېزىت ئوقۇپ ئولتۇرغان دادام ئاكامدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىغىچە تاغام ئاكامدىن:

— نېمە بولدۇڭ؟ كىيىملىرىڭ نېمانچە لاي؟ بىرەرسى بىلەن سوقۇشۇپ قالدىڭمۇ ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، ئۆيگە كېلىۋاتسام، مۆيدۈن بوۋاي پېشىن نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە كېتىپ بارغان ئىكەن، كوچا دوقمۇشىغا كەلگەندە ئېھتىياتسىزلىقتىن تېيىلىپ يېقىلىپ چۈشۈپتۇ، يۆلەپ قوياي دەپ بېرىپ مەنمۇ تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشتۈم، — دېدى.

كىچىك چاغلىرىمىزدا ئۈرۈمچىدە قار ناھايىتى قېلىن ياغىدىغان. قار توختىغان ھامان ئۆگزىدىكى قارلارنى تام تۈۋلىرىگە، ھويلىلارغا چۈشۈرۈپ ئاندىن ھويلىدىكى قارلارنى زەمبىل، سېۋەت ياكى چانىلارغا بېسىپ ئۆيىمىزدىن يىراق بولمىغان كۆل ياقىسىغا ئەپچىقىپ تۆكەتتۇق.

بۇ دەل باھار كېلىپ ئەنە شۇ ئۆگزىلەردىن تام ياقىلىرىغا قارىتىپ تاشلىغان قارلار ئېرىپ سۇغا

ئايلىنىپ كوچىلاردا ئېقىۋاتقان، توپىلىق يەرلەر ئېرىگەن قار سۇلىرى بىلەن ئارىلىشىپ پاتقاق بولۇۋاتقان، كوچىلاردىكى پاتقاقچىلىق دەستىدىن مېڭىش تولىمۇ تەسكە توختايدىغان مەزگىللەر ئىدى. بۇنداق چاغلاردا ئادەم ئاۋايلاپ ماڭمىسا ئاسانلا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشەتتى.

دادام قولىدىكى ئوقۇۋاتقان گېزىتىنى يېنىدىكى ئۈستەلگە قويۇپ، مىستىن نەپىس ئىشلەنگەن موخوركا قۇتىسىدىن بىر چىمدىم موخوركا ئېلىپ يىرتىپ تەييارلىۋالغان موخوركا قەغىزىگە تەكشى قىلىپ يايدى-دە ئالدىرىماي يۆگەپ، كالپۇكلىرى بىلەن ھۆللىدى، ئاندىن يېنىدىكى يېنىپ تۇرغان مەشتىن قىسقۇچ بىلەن كىچىكرەك بىر چوغنى ئېلىپ ئوت تۇتاشتۇردى. بۇ دادامنىڭ تاماكا تاشلاش ئۈچۈن، كۆندە چېكىدىغان تاماكا قېتىم سانىنى ئازلىتىۋاتقان مەزگىللىرى ئىدى. دادام تۇتاشتۇرغان تاماكىسىنى قاتتىق بىر شوراپ، ئاغزىدىكى تاماكىنىڭ كۆكۈچ ئىسىنى تورۇسقا قاراپ پۈۋلىۋەتكەندىن كېيىن بىزگە قاراپ:

– ھەي، خەمىت، – دېدى، ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ، – مۆيدۈن بوۋاينىڭ مەسچىتكە كىرىپ چىقىشىنى قولايلاشتۇرىدىغان بىرەر ئامال يوقمىدۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ «كىمكى بىر قېرىنداشنىڭ ياردىمىدە بولىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ياردىمىدە بولىدۇ» دېگەن ئىكەن، – دېدى تاغامدىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي.

تاغامنى مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگىندەك ياخشى كۆرەتتى، چۈنكى تاغام ئۇستا رەسسام بولۇپلا قالماي توكچىلىق، رېمونتچىلىق ۋە ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى ياخشى بىلگەچكە مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئىشىك- دېرىزىلىرى بۇزۇلسا رېمونت قىلىپ توك، تۇرۇبا يوللىرى بۇزۇلسا ئوڭشاپ مەھەللىمىزدىكى ئوتتۇزدىن ئارتۇق ئائىلىلىكلەرنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ئېرىنمەي ھەل قىلىپ بېرەتتى، ئىشقىلىپ مەھەللىمىزدە كىمنىڭ قىيىنچىلىقى بولسا شۇنىڭغا ياردەم قىلاتتى، كىملا ئىزدەپ كەلسە ھاجىتىدىن چىقماي تۇرۇپ يولغا سالمايتتى. مەھەللىدىكىلەر ئۈچۈن كۈچىنى، ياردىمىنى ئايىمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن مەھەللىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تاغامنى تەدبىركار خەمىت دەپ چاقىرىشاتتى.

تاغام ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتتى، ئاندىن بىر نەچچە مىنۇت سۈكۈتكە چۆككەندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى-دە، قولىدىكى ياساپ بېرىملاپ قالغان كىچىك ماشىنا مودېلىنى ئۈستەلگە قويۇپ:

– يەشىن، ئەمىر، يۈرۈڭلار مۆيدۈن بوۋاي ئۈچۈن بىر ساۋاب ئىش قىلىپ كىرەيلى!– دېدى -دە، بىزنى باشلاپ قورۇغا چىقىپ، بىزگە خىزمەت تەقسىم قىلىشقا باشلىدى. ئاكامغا كۆمۈرخانىمىزنىڭ بىر چېتىگە تاشلاپ قويۇلغان بىلىكىمدىن سەل كىچىكرەك تومۇلۇقتىكى يەتتە-سەككىز ئورام ئارغامچىنى، ماڭا كۆمۈرخانىمىز بىلەن تۇتاش قىلىپ سېلىنغان كىچىك ئىسكىلاتتىن قاچانلاردىنكى بىر خالتىغا سېلىپ تاشلاپ قويۇلغان تۆمۈر ھالقىلارنى ئېلىپ دەرۋازا ئالدىغا چىقىشىمىزنى تاپىلاپ قويۇپ، قورۇ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى.

تاغام، مۆيدۈن بوۋاينىڭ ئۆيى بىلەن مەسچىتكىچە بولغان ئارىلىقنى، كوچا دوقمۇشلىرىنى، تەپسىلىي كۆزىتىپ چىقىپ، مۆيدۈن بوۋاينىڭ قورۇ تېمى بىلەن بىزنىڭ قورۇ تېمىمىزنىڭ دوقمۇشقىچە تام ياقىلاپ ماڭسا ھېچقانداق توسالغۇسىز مەسچىتكە يېقىن بارالايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن، قىينالماستىنلا مەسچىتكە كىرەلەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلدى. چۈنكى مەھەللىمىزدىكى ئۆيلەر ئاساسى جەھەتتىن ئۆگزىسى تۈز، چاسا شەكىللىك كېسەك ئۆيلەر بولۇپ ئۆگزىلىرى ۋە تاملىرى ئۆز ئارا بىر - بىرىگە تۇتاش ئىدى. پەقەتلا ئىقتىساد ۋە تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئوخشىماسلىق سەۋەبلىرى تۈپەيلىدىن بەزىلىرىنىڭ ئۆيلىرى چوڭراق، بەزىلىرىنىڭ ئۆيلىرى كىچىكرەك ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئاكام ئىككىمىز تاغامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تامدىن بىر مېتىر ئېگىزلىكتە قىلىپ ھەر ئون قەدەمگە بىردىن تۆمۈر ھالقا قېقىپ چىقتۇق. كېيىن ئۇ ھالقىلارغا ئۆيدىن ئېلىپ چىققان ئارغامچىلارنى ئۆتكۈزۈپ چىڭ قىلىپ باغلىدۇق. تاغام بىزگە تام تۈۋىدىكى دۆڭلۈكلەرنى تەكشىلەپ، ئويمان يەرلىرىگە تاش ياتقۇزۇشىمىزنى تاپىلىدى. بىز بىرەر قۇر تەييارلىقلىرىمىزنى تۈگەتكەندىن كېيىن مۆيدۈن بوۋاينىڭ ياغاچلىرى چىرىپ شالاڭلىشىپ ھويلا ئىچى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ياغاچ دەرۋازىسىنى قاقتۇق:

– كىم؟– ئىچىدىن مۆيدۈن بوۋاينىڭ ئايالىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

– مەن، خەمىت.

سەل قىيسىيىپ قالغان ياغاچ دەرۋازىنىڭ ئىشىكى غىچىرلاپ ئېچىلىپ، بېشىغا ئاق ياغلىق ئارتقان، ئۈستىگە ئۇششاق قار چېكىتلىك ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك، رەڭگى ئۆڭەپ كەتكەن قارا كەنجەر كىيگەن، بويى ئېگىز، ئورۇق، ئەللىك نەچچە ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئايال چىقىپ كەلدى. ئۇ ئايالنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولماسلىق سەۋەبىدىنمۇ ئېگىز، ئورۇق بەدىنى سەل مۈكچىيىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئايالى ئىشىكتىن چىقىپ دەقىقە ئىچىدىكى دېلىغۇللۇقتا ھەيرانلىق بىلەن بىزگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

– ۋوي، خەمىت سىلەركەنسىلەرغۇ؟ كىرىڭلار- كىرىڭلار، قېنى ئۆيگە مەرھەمەت، ھەي مۆيدۈن، ئازاتنىڭ ئىنىسى، خەمىت كىرىپتۇ،– دېدى -دە، بىزنى ئۆيگە باشلىدى.

مۆيدۈن بوۋاينىڭ زەي پۇراپ تۇرىدىغان بۇ ئۆيى تولىمۇ ئاددىي بولۇپ، ئۆي ئىچىدە ئانچە چوڭ بولمىغان بىر تاماق ئۈستىلى بىلەن ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنىڭ سىرلىرى چۈشۈپ كەتكەن كونا بىر ياغاچ كارىۋاتلار كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئۆيگە كىرىشىمىزگە، ئۇچىسىغا ئۇزۇن ئاق يەكتەك، بېشىغا كونىراپ كەتكەن ئاق شاپاق دوپپا كىيگەن مۆيدۈن بوۋاي ئوچاققا يېقىنراق قىلىپ قويۇلغان كارىۋات

ئۈستىدە، تامغا يۆلەنگەچ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ئىكەن. بىزنىڭ كىرگىنىمىزنى ئاڭلاپلا ئورنىدىن ئالدىراپ تۇرۇپ، كارىۋات ئۈستىدىن تام ياقىلاپ ئاستا چۈشۈپ ئىككى قولىنى كۆرۈشۈش ئۈچۈن بىزگە ئۇزاتتى-دە، تاغامنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ ئۆي ئىچىگە تارتتى. ئايالى بىزنى پۇتلىشىپ كەتمىسۇن دەپ ئويلىدى بولغاي، ئالدىراپ بېرىپ ئىشىك بوسۇغىسىغا يېقىنلا يەرگە قويۇپ قويغان ئاياق كوروپكىسىنى چەتكە ئېلىۋەتتى. كوروپكىنىڭ ئىچىدە ئۈچ-تۆت تال كىيىم-كېچەكلەردىكى ھەرقانداق داغنى ئېلىش خۇسۇسىيىتى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ياقتۇرۇپ،ئەتىۋارلاپ



ئىشلىتىشىگە ئېرىشىپ كەلگەن «كۇچا سوپۇنى» تۇراتتى.

تاغام باياتىن بېرى قىلىنغان ئىشلارنى بوۋايغا بىرەر قۇر سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن چىقىپ سىناپ بېقىشنى ئۆتۈندى. بوۋاينىڭ ئايالى ئۈچۈن مۇشۇنداق پاتقاقچىلىق كۆنلەردە يولدىشىنىڭ مەسچىتكە چىقىپ كىرىشى ئەڭ چوڭ باش قېتىقچىلىقى بولغاچقا، بوۋايدىن بەكرەك خۇشال بولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. بوۋاي خۇشاللىق بىلەن ئالدىراپ ئۈستىگە پېشى پۇتىنىڭ ھوشۇقۇغىچە ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ئۇزۇن قارا چاپىنىنى كىيىپ، بېشىدىكى مايلىشىپ كەتكەن شاپاق دوپپىسىنى چۆكۈرۈپ كىيدى -دە، دەرۋازا تۈۋىگە ئاۋايلاپ ماڭدى. بوۋاينىڭ سەل ھودۇقۇش ئىچىدە دەرۋازا ئالدىغا تۇنجى چىققان چاغدىكى كىشىنىڭ ئىچىنى سىرىلدۇرىدىغان بىچارە چىرايى مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. مەن ئاشۇ كەمگىچە ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىدىغان بۇ بىچارە بوۋاي توغرۇلۇق ھېچنېمە بىلمەيدىكەنمەن.

دادامنىڭ دەپ بېرىشىچە ئۇ بىچارە بوۋاينىڭ بىر تال يالغۇز ئوغلى، مەن تۇغۇلۇشتىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن كېسەل سەۋەبىدىن تۈگەپ كەتكەن ئىكەن. بوۋاي بالىسىدىن ئايرىلىپ قالغان كۈنى ئەس - ھوشنى يوقۇتۇپ، داد- پەرياد ئىچىدە ئۈن سېلىپ ئىچ-ئىچىدىن ئېزىلىپ يىغلاپتۇ. ئەتراپتىكىلەرمۇ بوۋاينىڭ بۇ نالىسىدىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈشكە ئۈلگۈرەلمەپتۇ. بىچارە بوۋاي ئەنە شۇ قېتىملىق قاتتىق زەربە تەسىرىدىن ئۆزىنى يۆتۈنلەي يوقۇتۇپ قويۇپتۇ. سالامەتلىكىمۇ بارغانسېرى ئاجىزلاپ، ئەسلىدىنلا ئاجىز بىر جۈپ كۆزى تولا يىغلىغانلىق سەۋەبىدىن بارا- بارا كۆرمەس بولۇپ قالغان ئىكەن.

ئۇ «جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامازنىڭ ساۋابى ئۆز ئالدىغا ئوقۇغان نامازدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدۇ» دىگەن ھەدىسكە ئەمەل قىلىپ، ھەر قېتىملىق نامىزىنى مەسچىتكە چىقىپ جامائەت بىلەن بىرگە ئوقۇيدىكەن ھەمدە ئاشۇ تۈگەپ كەتكەن ئوغلىغا ئاتاپ «يالغۇز ئوغلۇمنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلغىن» دەپ، ئۇزۇندىن ئۇزۇن دۇئا قىلىدىكەن.

جاھاندا بالىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئاتا-ئانىنىڭ دەردىدىن ئېغىر دەرد - ئەلەم بولمىسا كېرەك.

بوۋاي بىر قولى بىلەن ئاستا- ئاستا ئىشىكنىڭ قىرىدىكى يېڭىلا ئورنىتىلغان تۆمۈر ھالقىنى سىلاپ تاپتى- دە، ئاشۇ تۆمۈر ھالقىلارغا ئۆتكۈزۈلگەن ئارغامچىنىڭ ياردىمىدە تام تۈۋى بىلەن ئاستا ئاۋايلاپ مېڭىپ مەسچىتكە سالامەت يېتىپ بارالىدى.



مۆيدۈن بوۋاي ئاجىز قوللىرى بىلەن تاغامنىڭ قوللىرىنى سىقىپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا:

_ رەھمەت ساڭا.

ئۇ بۇ سۆزنى قىلىۋاتقان چېغىدا ئۇنىڭ مىسكىن چىرايىغا سەپ سالدىم، ئۇ خۇددى مىننەتدارلىقىنى تاغامنىڭ قولىنى چىڭ سىقىش ئارقىلىقلا ئىپادىلەۋاتقاندەك قىلاتتى.



# قۇرۇماس بانكا*

سەلىمە ئا. كامال (ئاۋستىرالىيە)

نىلقا ناھىيەسىدىن 100 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كۆك تېرەك يايلىقىغا مەن ئاجايىپ قاراڭغۇ بىر كېچىدە باردىم. تاغنىڭ كېچىسى مېنى خۇددى «يالماۋۇزنىڭ ئۆڭكۈرى»گە كىرىپ قالغاندەك شۈركەندۈردى. خۇددى كۆزلىرىم يوقتەك، كۆزلىرىمنىڭ گۆھىرى بىردەمدە كاردىن چىققاندەك... تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ماڭا كۆرسىتىشكەن قوشنىڭ ئىچىگە كىردىم ــ دە، سەرەڭگە ياندۇردۇم. ئوكتەي - توكتەي تاشلىنىپ تۇرغان يوتقان كۆرپىلەرنى ئانچە مۇنچە توغرىلاپ، ئۆزۈمنى تاشلىدىم.

قوشنىڭ تۈڭلۈكىدىن كۈن مارلىغاندا كۆزۈمنى ئېچىپتىمەن. چاچراپ تۇرۇپ، تالاغا چىقتىم. گۈل چېچەكلىك پايانسىز دالىغا، ئالدىمدىلا ئويناقلاپ ئېقىۋاتقان قاش دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدىكى تۇمانلىق تاغلارغا قاراپ بىردەم تۇرۇپ قالدىم. ئاندىن دەريا بويىغا چاپتىم. دەريا مېنى دۇغلاشقان سۈيى بىلەن بۇژغۇن چاچرىتىپ قارشى ئالدى. شەبنەم ھۆل قىلىۋەتكەن پۇتۇم مۇزلىدى، تاغنىڭ سوغۇق شاملى غولۇمنى قورىدى. ئىختىيارسىز شۇمشەردىم.

شۇچاغدا «قارس قۇرس!» قىلغان قامچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بېشىمنى كۆتۈردۈم: مەندىن 200 مېتىرچە نېرىدا قازاق يىگىت بىر توپ قويلىرىنى ھەيدەپ كېلىۋېتىپتۇ.

«مولچىلىق يىللاردا قۇشلار قوينىڭ دۈمبىسىگە ئۇۋۇا سالىدۇ» دەيدىغان مېنىڭ دادام. ھەقىقەتەن دۈمبىسى قۇش چاڭگا تىزغۇدەك تۈپتۈز، قۇيرۇقلىرى لىغىرلاپ تۇرغان پاقلانلار ئويناقشىپ سەكرىشىپ كېلىۋاتاتتى.

ــ بۇ قويلارنىڭ ھەممىسى ئۆزۈڭنىڭمۇ؟ تازا سەمرىپتىغۇ؟ ــ سورىدىم چوپان يىگىتتىن.

ــ ياق! «ئىلى تەڭرىتاغ» مەكتىپىنىڭ.

مەن بۇنداق جاۋابنى كۈتمىگەنىدىم. ئويلىغىنىمچە قوشقا قايتتىم. مەن چۈشكەن قونالغۇ كىچىك ساياھەت ئورنى بولغاچقا، ياۋا چېچەكلەر، ئوت چۆپلەر ئۈستىگە قويۇلغان ئاپپاق ئۈستەل - ئورۇندۇقلاردا بىر نەچچەيلەن ئولتۇرۇشۇپ، نانۇشتا قىلىۋاتاتتى. مەن ئوماققىنا قىزى بىلەن ئولتۇرغان ئاقسېرىق، ياش خانىمنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. ئۇلار چاينى ئىچىپلا ئورنىدىن تۇردى دە، نېرىراقتا ئاق بوزئات بىلەن تورۇق ئاتنى يېتىلەپ كېلىۋاتقان مالچىغا قاراپ ماڭدى. مەن قىزىقىپ سورىدىم:

ــ نەگە جابدۇۋاتىسىز؟

ــ مۇنۇ كىشى مالچىمىز ئىدى. تاغ ئىچىدىكى

*شىنجاڭ گېزىتى 2002 - يىل 16 -ئۆكتەبىر سانىدىن.

ماللىرىڭىزنى كۆرۈپ كېتىك دەپ تۇرۇۋالدى-غۇ!

– ھە، مېلىڭىز بار ئىكەن دە، بۇ تاغدا؟

– ھەئە. «تەڭرىتاغ» مەكتىپىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئازراق مال قىلىپ قويساق، تۆت يىلدا ئاۋۇپلا كەتتىغۇ!

خانىم ئاتقا ياماشتى، پۇتلىرىنى ئۈزەڭگىگە تىقىپ، ئاتنى بىقىنداپ، قامچىنى كۆتۈردى.

يەنە شۇ «تەڭرىتاغ» مەكتىپىنىڭ ئىشىكەنغۇ! قىزىق ئىش! قىسقىغىنا بىر چۆچەك ئاڭلىۋىدىم: ئاشىق يىگىت سۆيگۈنىنى ئىزدەپ شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئىتىزلارنى كېزىپ، تاغلارغا چىقىپتۇ. شۇچاغدا ئالدىغا ئاپپاق بۇلۇتتەك قوي پادىسىنى ھەيدىگەن چوپان يىگىت چىقىپ قاپتۇ.

– بۇ كىمنىڭ قويلىرى؟ – سوراپتۇ ئاشىق يىگىت.

– ئەھمەد باينىڭ قويلىرى، ھەممىسى مىڭ تۇياق، – دەپتۇ چوپان.

ئاشىق يىگىت يەنە بىر تاغدىن ئېشىپتۇ. بۇ يەردە پوتونلەي كۆمۈردەك قاپقارا قوي پادىسىنى ھەيدىگەن چوپاننى كۆرۈپتۇ.

– ۋاھ! بۇ كىمنىڭ قويلىرى؟ –دەپ سوراپتۇ.

– ئەھمەد باينىڭ قويلىرى. ھەممىسى ئىككى مىڭ تۇياق، – دەپتۇ چوپان.

ئاشىق يىگىت يەنە بىر تاغدىن ئېشىپ، ساپ قوڭۇر قوي پادىسىنى كۆرۈپتۇ. چوپاندىن ئوخشاش سوئال سوراپ، ئوخشاش جاۋاب ئاپتۇ...

مېنىڭ كۆز ئالدىمدىكى قويلار بولسا، چۆچەكتىكى قويلار ئەمەس ئىدى. ماڭا ھەمراھ بولۇپ تاغقا چىققان فوتوگراف ئادىل ئىسمائىلدىن سورىدىم:

– «ئىلى تەڭرىتاغ» مەكتىپى زامانىمىزنىڭ ئەخمەت بايلىرىدىن ئوخشىمامدۇ؟ ئۇ يېتىم، نامرات باللارنى تەربىيەلەيدىغان ھۆنەر كەسىپ مەكتىپىغۇ دېيمەن؟! مەكتەپنىڭ چارۋىچىلىقىمۇ ئېپى بارلىقىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن.

– مەكتەپ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى كۆپ تارتتى. ئەمما، تاقالمىدى. مەكتەپنى قۇرغۇچىلار ئۇنى پاتقاقتا پاتقان كۆتەك ھارۋىنى سۆرىگەندەك سۆرەپ ئون نەچچە يىلنى ئۆتكۈزدى. ئاخىرى ئىقتىساد مەنبەسىنى چارۋىچىلىقتىن تاپتى. بۇ يولنى مەكتەپنى قۇرغۇچى غوپۇر زاھىر ئاكىمىز ئاچقان.

– ئۇ كىشى نەدىدۇ، كۆرۈشسەم بوپتىكەن.

– يولدا ئۆتۈشۈپ كېتىپتۇق. بىز بۇيەرگە چۈشكەندە غوپۇر ئاكا يېڭىلا كەتكەن ئىكەن.

مەن بەك ئەپسۇسلاندىم.

ئەتىسى ھەمراھلىرىم بىلەن جىلغىلار، ئېگىز پەس تۆپىلىك، تاغلىقلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ، دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك كېپىنەك ئاپوللو( APOLLO) نى كۆرۈپ قالدىم. ئاپوللو «قۇياش ئىلاھى» دېگەن سۆز بولۇپ، قاناتلىرىنىڭ چوڭلۇقى ئالقانچىلىك كېلىدىغان كېپىنەكنىڭ بۇ تۈرىنى 1770 - يىلى گوللاندىيەلىك بىر بىيولوگ بايقىغان. ئۇنى تەڭرىتاغ يايلاقلىرىدا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. خۇشاللىقىمدا ئۇنى قوغلا قوغلا ئەگىشىپ يۈگۈرۈپ قارشى تەرەپتىكى كىچىكرەك بىر تاغقا چىقىپ قالدىم. بۇ يەردە ئاتنىڭ ئىككى بىقىنىغا قىمىز تولدۇرۇلغان چوڭ چوڭ ئىككى پىلاستىك قاچا باغلىغان بىر قازاق كىشى ئۇچراشتى.

ئۇ ھارغان ئۇسسىغان ئەلپازىمنى كۆرۈپ توختىدى، سالاملاشقاچ بىر قاچىغا قىمىز قۇيۇپ ماڭا سۇندى. مەن گۈپۈلدىتىپ بىر نەپەستە ئىچىۋەتتىم – دە:

–رەھمەت ئاغاي! بۇ قىمىزنى تۇلۇمغا ئەمەس، پىلاستىك قاچىغا قاچىلاپسىز، ئىسسىقتا ئېچىپ كەتمەسمۇ؟ – سورىدىم ئۇنى گەپكە سېلىش ئۈچۈن.

– كۆك تىرەكتە «ئىلى تەڭرىتاغ مەكتەپ»نىڭ ساياھەت ئورنى بار. بىزگە يېقىن. قىمىزنى شۇ يەردە ساتىمەن. ئىسسىق ئۆتكۈچە تۈگەپ بولىدۇ.

– نېمە؟ سىزمۇ «تەڭرىتاغ» مەكتەپ دەيسىزغۇي ئاغاي؟

– ھەئە، شۇ مەكتەپ بىزنى مالغىمۇ، پۇلغىمۇ ئىگە قىلدى. مەكتەپمۇ بىزمۇ نەپ ئالدۇق.

بۇ مەكتەپنىڭ تەسىرى ھەجەپ كېڭىيىپ كېتىپتۇ؟! خىيالدا تاغدىن چۈشۈپ كەتتىم.

– كېتەيلى، – دېدىم ئادىلغا، «تەڭرىتاغ» مەكتىپىنى مەنمۇ ئىزدىمىسەم بولمىدى.

غۇلجا شەھىرىدىكى «تەڭرىتاغ» مەكتەپكە ئەتىسىلا كەلدىم. سۇپىغا كونا كىگىز سېلىنغان بەكمۇ ئاددىي ئۆيدىن غوپۇر ئاكىنى تاپتىم. 65 ياشلىق غوپۇر ئاكىنىڭ چېچى تۆگەل ئاقارغان ئاق ئارىلىغان ئۆسكىلەڭ قاشلىرى بىلەن سىنچى كۆزلىرى يوغان رامكىلىق، يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆزئەينەكنىڭ ئىچىدە قالغانىدى. ئاسان ئېپادە سەزدۈرمەيدىغان مىس رەڭلىك يۈزى يوغان ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن قىسقىلا پاراڭلاشتىم. ئەپسۇسلۇق ئىچىدە قايتتىم. چۈنكى ئەتە سەھەردە ئۈرۈمچىگە قايتىشىم، خىزمەتكە بېرىشىم كېرەك.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى. ئەمما، «تەڭرىتاغ» مەكتىپىنىڭ قويلىرى يادىمدىن چىقمىدى. باشلىقىمدىن تەستە رۇخسەت ئېلىپ، 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئىلىقا تاغلىرىغا يەنە ياماشتىم. «غوپۇر ئاكا تاغدا» دەپ ئۇچۇر ئالغانىدىم. تەلىيىم يەنە تەتۈر كەلدى:

– غوپۇر مۇئەللىم تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، ئۇ تەرەپكە ماشىنا يولى يوق،– دېيىشتى.

– بولدى، ئۇ تەرەپلەرگە بارالمايمىز. مەن ئۇز ئىشىمنى پۈتتۈرۈۋېرەي، – ماشىنىسىدا مىنى ئالغاچ كەلگەن تۇرسۇن ئەپەندى رولنى كۆكخوتقور يېزىسىنىڭ چىرىمتوقاي يايلىقىدىكى مالچى بەمبى (موڭغۇل) نىڭ تۇرالغۇسىغا بۇرىدى. تۆپىلىككە سېلىنغان ئۆي يىراقتىن ئاسمانغا ئېسىپ قويغانىدەكلا كۆرۈنەتتى. جىلغىدىكى سويلاپ ئېقىۋاتقان سۇ بويىدىن گۈپۈلدەپ مېزىلىك يالپۇز پۇرىقى كېلەتتى.

ئېگىز بويلۇق، ئاقسېرىق، كۆپكۆك كۆزلۈك مالچى بەمبى بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. تۇرسۇن ئەپەندى ماشىنىسىدىن بىرنەچچە تاۋۇز ئېلىپ، ئايالىغا، باللىرىغا بەردى. ئاندىن:

– قېنى بەمبى ئاكا، غوپۇر مۇئەللىمنى يەنە تۇتالمىدۇق. توختام بويىچە ئىشىمىزنى پۈتتۈرۈۋېرەيلىمۇ، دېدى ھەمراھىمىز، مەكتەپنىڭ چارۋىسىغا مەسئۇل خادىمى مۇختەرگە.

مۇختەر توختامنامىنى، ھېسابات دەپتىرىنى ياىدى. بەمبى بۇلارنىڭ كېلىشىدىن خەۋەردار بولغاچقا، تاغدىن ماللارنى چۈشۈرگەن ئىكەن. قوي پادىلىرى تەرەپ تەرەپتىن قوتانغا كىرىشكە باشلىدى. ساناق تۈگەپ، قوزىلار ساغلىقلاردىن ئايرىلدى. شۇ ئەسنادا بىرى چاقىرىپ كەلگەندەك تۆت قاسساپ پەيدا بولدى.

– ناچار قوزىدىن ئوننى شاللىۋېتىمىز، قالغان ھەربىرىگە 250 يۈەندىن باھا بېرىمىز، دېدى. لىققىدە پۇل تىقىلغان ئايالىلار پايپىقىنى بەلباغ ئورنىدا بېلىگە باغلىۋالغان بىرى.

– بولمايدۇ، –دېدى بەمبى بىلەن تۇرسۇن پىچىر لىشىۋېلىپ .

– 255 يۈەن بولسۇن كېلىشىپ قالايلى، – قولىنى سوزدى قاسساپ.

– بولمايدۇ، پاقلانلارنىڭ سېمىزلىكىنى كۆرگەنسىز، – بەمبى چىڭ تۇرۇۋالدى.

– بوپتۇ، بەش يۈەن قوشتۇق، – يەنە قول سوزدى قاسساپ. ئىككىيلەن قول سىقىشتى.

بۇيىل ساپ كۆپەيگەن مال توختام بويىچە 86 % ھېسابلىنىپ، نەق مەيداندا 35 % نى مەبلەغ سالغۇچىغا، يەنى، تۇرسۇن خېلىلىغا، 8 % نى «تەڭرىتاغ مەكتەپ»كە، 43 % نى بەمبىگە بۆلۈندى. بەمبى ئوغلى بىلەن ئۆزىگە قالغان ماللارنى دەرھال قوتانغا سولىۋالدى.


سودىدىن مەمنۇن بولغان قاسساپلار ئالدىراش پۇل ساندى. مۇختەر مالچىغا قالغان قويلارغا ياخشى قاراشنى جېكىدى. تۇرسۇن خېلىل ئەپەندى باغلام باغلام پۇللارنى ماشىنىسىغا تاشلاپ، موتورنى ئوت ئالدۇردى. يايلاقتا كەچكى شەپەق يېيىلدى. ئەتراپنى كاللار موزايلارنىڭ مۆرەشلىرى، ھېلىلا قوزىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ساغلىقلارنىڭ مۇڭلۇق مەرەشلىرى بىر ئالدى. توپ توپ يىلقىلار گۈپۈرلىشىپ چېپىشقا باشلىدى.

قوي سودىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ئۇدۇل «تەڭرىتاغ مەكتەپ»كە كەلدىم. ئانچە چوڭ ئەمەس دەرۋازىغا ئېسىلغان ئاددىي تاختىغا مەكتەپ نامى چىرايلىق يېزىلغان ئىكەن.

غوپۇر مۇئەللىمنى سىنىپتىن چاقىرىپ چىقىشتى.

– ئۇھ! سىزنى ئاخىرى تاپتىم، – دېدىم سالامدىن كېيىن، – بۇ قېتىم ئۈرۈمچىدىن ئالايىتەن سىزنىلا ئىزدەپ كەلدىم. «چارۋىچىلىق ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇپ، تەرەققىي قىلىش» چاقىرىقى ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئەمدى چىقتى، سىز ئون يىل ئاۋۋاللا باشلاپ، نەتىجىلەر يارىتىپسىز، دەۋرداشلارغا ئۈرنەك قىلايلى، دەپ ئويلىغان ئىدىم.

– ئون يىل ئەمەس، ئون بەش يىل بولدى، مەن مۇشۇ كويىدا يۈرگىلى، –دەپ گېپىمنى توغرىلىدى ۋە ھارغىن كۆزلىرى بىلەن ماڭا بىرھازا تىكىلىپ قارىدى، – بۇ يول سىرلىق يول ئەمەس، ئاتىلار يولى، ئەجدادلار يولى. مەن ئاخىرى شۇ يولدا مېڭىپ مۇرادىمغا يەتتىم.



ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق مۇڭداشتىم: 50 يىللاردا ئىلى پېداگوگىكا مەكتىپىدە ئوقۇغان غوپۇر ئاكا 1955 - يىلى مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا، قايتىپ كېلىپ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا جەمى تۆت يىل تىل ۋە ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان. ئاندىن غۇلجىدىكى يالغۇز ئانىسىنى تاشلاپ، كەسپىي ھاياتىنى

قەشقەر خانئېرىق مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىقتىن باشلىغان.

– ئەجەب قەشقەردىن باشلاپسىز يۇ، داۋامى غۇلجىدا بولۇپ قاپتۇغۇ؟

– قەدىمكى دىيارىمىز قەشقەرنىڭ يىگىتلىرى باھادىر، قىزلىرى ۋاپادار. ئۇلارنى بىلىمدە ۋايىغا يەتكۈزۈش كېرەك. چولپاندەك كۆزلىرى بولسىمۇ، يورۇق دۇنياغا ئىشەنچلىك قارىيالماي، تور رومال ئىچىدە قالغان كۆزلەرنى ئاچىمەن... دەپ يىگىرمە يىل ھەپىلەشتىم. بىر كۈنى ھېيتگاھ جامەسى ئالدىدا بوينىغا قۇلۇلە قاپلىرىنى ئاسقان، سول قولىدا ساپايى چېلىپ، ئوڭ قولىنى كىشىلەرگە سوزغىنىچە، مەشرەپنىڭ غەزەللىرىنى غەمكىن ئاھاڭدا ئېيتىۋاتقان ئوقۇغۇچۇمنى تونۇپ قالدىم:

– ھەي، مەكتەپتىن قېچىپ، مېنى ئىزدەشكە سالغىنىڭ مۇشۇنىڭ ئۈچۈنما؟ قارا ئەپتىڭگە! ئوقۇغۇچى مۇشۇنداق قىلامدۇ؟

– مۇئەللىم ئەمدى ئوقۇمايمەن. مېنى ئىزدىمەڭ!

جاۋابىنىڭ ئالدىدا تېگىرقاپ تۇرۇپلا قالدىم. نەسىھەت ئۇنىڭغا كار قىلمىدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدىم: ئۇزاق يىللار ئىقتىسادتا نامرات قېلىش، ھەرقانداق خەلقتە قالاقلىق، قاششاقلىقنى يامرىتىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن جان بېقىش ئەڭ جىددىي مەسىلە. ئۇلارنى بىلىم بىلەن پۇل تېپىش يولىغا يېتەكلەش ئۈچۈن كەم دېگەندىمۇ ئىككى ئەۋلاد بەدەل تۆلىشى كېرەك. بۇ ھەركۈنى نان كويىدا ئۆتىدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ئۇزاق جەريان. ئۇلاردا بۇ ئۇزاق جەريانغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئىقتىساد بولمىغانىكەن، «بىلىم ئېلىپ، پارلاق ئىستىقبال يارىتىش» ئۇلار ئۈچۈن ئالدامچى چۈش!

ئۇنداقتا، ئۇلارنى تەربىيەلەشتىن ۋازكېچىش كېرەكمۇ؟ ئۇلارنى مائارىپنىڭ قايسى فورمۇلاسىغا سېلىپ تەربىيەلەش ئەڭ مۇۋاپىق؟ «مائارىپسىزلىق نامراتلىقنىڭ يىلتىزى. نامراتلىق بولسا ئىنساننى خاتا ئىش، خاتا يوللارغا باشلايدۇ».

قۇرۇق خىياللىرىمغا غوپۇر مۇئەللىمنىڭ پىداكارلىقى، ئۈنۈملۈك چارىلىرى چەك قويدى. غوپۇر مۇئەللىم ئۈمىدسىزلىك تە يۇرتىغا قايتقان. 1983 - يىلى ئۈرۈمچىدە غوپۇر نۇرنىڭ «ئىجتىمائىي ئالىي تېخنىكوم»نى كۆرگەندە جاۋابسىز قالغان سوئاللىرىغا جاۋاب تاپقان:

تېز ئەسقاتىدىغان ھۈنەر كەسىپلەردە تەربىيەلەش مەكتىپى قۇرۇش كېرەك. ئوقۇغۇچى مەنبەسى يېتىم، نامرات، مېيىپ باللىرىمىز بولسۇن. ئۇلارغا ئوقۇش پۇلىنى كەچۈرۈم قىلىش، يېرىم كەچۈرۈم قىلىش، تۆۋەنلىتىش... بىلەن مەدەتكار بولسام، ئۇلارنىڭ بىلىم-ھۈنەر كەسىپ بىلەن ئۆزىنى قۇتقۇزۇش قۇدرەت تاپقۇزۇش ئارزۇلىرىنى قاندۇرسام...

غوپۇر زاھىر ئاكا كۆڭلىدىكى ئارزۇ، قەغەزدىكى پىلان بىلەن يېتىۋەرمىگەن. 1984 - يىلى غۇلجىدا «ئىجتىمائىي ئالىي تېخنىكوم»نى ئاچقان. مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى قارا سۇ(شىخۇ) سوقۇشىدا «مىللىي ئارمىيە» نىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان، كېيىن مائارىپ ساھەسىدىمۇ ئىشلىگەن مەمتىمىن ئۆمەرۇپنى مۇدىرلىققا تەكلىپ قىلغان. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئېلانى چىقىشى بىلەن شىمال جەنۇبتىن ياشلار بەس - بەستە تىزىملانغان.

ئەپسۇس! «مەكتەپ» تېخى ئورۇن تاپالمىغان. غوپۇر مۇئەللىم 19 - باشلانغۇچنىڭ كەچلىك ۋاقتىنى ئىجارە ئېلىپ، دەسلەپتە خىتاي، رۇس، ئەرەب تىل دەرسلىرىنى باشلىغان. 1985 - يىلغىچە كەسىپ تۈرى 10 غا، ئوقۇغۇچىسى 1200 گە يەتكەن. ئەمما، مەكتەپ دىپلوم تارقىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشەلمىگەچكە تاقالغان. غوپۇر مۇئەللىم يېڭى ئامال ئىزدىگەن. غوجائەھمەت، غوپۇر سابىر قاتارلىق پېشقەدەم مائارىپچىلار بىلەن تاشكۆۋرۈك رايونىدا «كونسۇلتانىيە مەركىزى»نى قۇرغان. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىدىغانلاردىن 63 ئوقۇغۇچىنى يېزا چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەن تېخنىكا ئۆگىنىش كۇرسىغا قوبۇل قىلىپ، ھازىرقى «ئىلى تەڭرىتاغ مەكتەپ»نىگە ئۇل سالغان. مەكتەپ كۆپ قېتىم يۆتكىلىش تىرىلىش جەريانىدىن كېيىن، 1989 - يىلى 9 - ئايدا 12 - قېتىملىق كۆچۈشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بۇ جايغا ماكانلاشقان.

– ئەينى چاغدا بۇ ۋەيرانە بىر جاي ئىدى، – دېدى مۇئەللىم، – ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار ئىككى يىل ئۆزلىرى لاي ئېتىپ، كېسەك قۇيدى. ئاخىرى يەتتە سىنىپ، 2 ئاشخانا، 50 ئېغىزلىق ياتاق، ئىشخانا، كۇتۇپخانا قەد كۆتۈردى. بايلىرىمىزنىڭ ياردىمىدە پارتا ئورۇندۇق ئۈستەل كارىۋات تەل بولدى. 1992 - يىلىغا كەلگەندە ئاندىن «تەڭرىتاغ مەكتەپ» دېگەن نامغا ۋە تامغىسىغا ئېرىشتى.

مەن يەنە ئويلىنىپ قالدىم: مانا بۇ غايىنىڭ ئەقىدە بىلەن كۆكلىشى، ئۈزۈل-كېسىل رېئاللىششى ئىدى. دىيارىمىزدىكى نۇرغۇن مەنىۋى مەدەنىيەتكە، روھىي ئوزۇققا تەشنا كەمبەغەل، نامرات، مېيىپ ياش ئۆسمۈرلىرىمىز ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن ھىممەت ئىدى. ئاقارغان چاچلار، خورىغان ئەقىللەر بىلەن ھاياتلىق دەملىرى بەدىلىگە چېچەكلىگەن ئارزۇ ئارمان ئىدى. مەكتەپ تەرجىمانلىق، چەتئەل تىللىرى، سېستىرالىق، فوتوگرافىيە، مال دوختۇرلۇق، ئاشپەزلىك، رېمونتچىلىق...كەسىپلىرىدە تۈركۈملەپ ئوقۇغۇچى تەربىيەلەشكە باشلىغان. گەرچە مەكتەپنىڭ ھەققى باھادا يېرىم، نامراتلارغا ھەقسىز، مېيىپلارغا ئېتىبار باھادا بولسىمۇ، مەكتەپكە كېلىدىغانلار كۆپەيگەنسېرى ئىقتىسادنىڭ كەملىكى زور قىيىنچىلىق بولغان.

– 1993 - يىلى يازدىن باشلاپ ئوقۇتقۇچىلارغا مائاش تارقىتالمىدۇق. مەكتەپنىڭ دەردىنى تەڭ تارتىپ كەلگەن بىرقىسىم پىداكارلار دەرسلەرنى ئۆتتۈۋەردى. بەزىلىرى چېكىندى.

مۇئەللىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئەمدى ئوچۇق ھالدا

جەمئىيەتكە مۇراجىئەت قىلغان. ھەر تەرەپكە چېپىپ، چارە ئىزدىگەن. قىش كەلگەندە يېقىلغۇ يوق. مەكتەپ، ياتاقلار جىمجىتلىقتا چۆككەن. غوپۇر مۇئەللىم ئازغىنە پېنسىيە پۇلىنى قولغا ئالغان كۈنى كۆمۈر بازىرىدىن پارچە كۆمۈر سېتىۋالغان، يېتىشچە ھەر بىر سىنىپقا تارقاتقان. سىنىپلاردىن شاد كۈلكىلەر، مۇئەللىملەرنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىغان. گەرچە، بۇ ۋاقىتلىق چارە ئىكەنلىكىنى ھەممە بىلسىمۇ، كۆپچىلىككە بىر ئۈمىد، بىر ئىشەنچ بەرگەنىدى.

ئۇھ! مەن يەنە ئويلىنىپ قالدىم: مېنىڭچە، مەشلەردە كۆيۈۋاتقىنى كۆمۈر ئەمەس، پېشقەدەم ئۇستازنىڭ يۈرىكى ئىدى. مىللەتنى نامراتلىق نادانلىقتىن قۇتقۇزۇش ئارمىنى ئىسسىق ھارارەت، چەكسىز مېھرى مۇھەببەت يالقۇنى ئۇنىڭ يۈرىكىدىن چاراسلاپ ئېتىلماقتا. ئىلىم بىلەن ئاشۇ نامرات باللارنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئېتىقادى بۇ يەردە لاۋۇلداپ ۋولقانغا ئايلانغانىدى. ئۇ ئوت، بۇ ۋولقان بۇ زېمىندا يانغىلى ئەسىرلەردىن ئاشقان. ھۆرمەتلىك غوپۇر مۇئەللىمدەك سانسىز پىداكارلار بولغاچقا، ھەرقانداق توسالغۇلاردا، ھېچقانداق دەۋردە ئۆچمىگەن. ئەكسىچە، قىيىنچىلىق، بېسىم ئاشقانسېرى ئۇلغايغان.

مانا قاراڭ! «تەڭرىتاغ» مەكتىپىنى بىر پىداكار قانداق يۆلىگەن؟ ئابلىمىت جامال مەكتەپتە تۆۋەن مائاش بىلەن ئىشلەۋاتقان – پىداكار خىزمەتچى ئىدى. غوپۇر مۇئەللىمنىڭ سىنىپلارغا پارچە كۆمۈر توشۇپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ، ۋۇجۇدى تىترىگەن: مەنمۇ ياردەملىشىشىم كېرەك! ئابلىمىت يېقىن دوستىدىن ئۆتۈنگەن: «مۇشۇ قېتىم قۇتقۇزۇۋالمىساق، مەكتەپ تاقىلىپ قېلىشى مۇمكىن. ياردەم قىل دوستۇم!» دوستى يىغلىۋېتەيلا دەپ تۇرغان ئابلىمىتنىڭ قولىغا قولىنى بەرگەن:

–يۈر، ئاكامنىڭ قېشىغا!

ئۇنىڭ ئاكىسى ئابدۇرېشىت قادىر 90 - يىللاردىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە سودا قىلغان پۇللۇق، ديانەتلىك كىشى ئىدى. ئۇ يىگىتلەرنىڭ قىسقىچە چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلاپ، ئويلىنىپمۇ ئولتۇرماي:

– قانچىلىك پۇل لازىم؟ دەپ سورىدى. جاۋابنى كۈتمەيلا بىخەتەر ساندۇقنى ئاچقان، –قانچىلىك لازىم بولسا، شۇنچىلىك ئېلىۋېرىڭ!

ئابلىمىتنىڭ كۆز ئالدىغا مۇزلاپ كەتكەن قوللىرىنى ھورداپ ئىسسىتىپ يېزىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار، مائاش سورىماي، مۇزلىغان پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ ئۇرۇپ ئىسسىتىپ، بورنى چىڭ تۇتۇپ، دوسكا ئالدىدا دەرس ئۆتۈۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار كەلگەندە، يۈرىكى ئېزىلگەن. ئالدىدىكى مائارىپ ئۈچۈن بارلىق پۇلىنى بېرىۋېتىشكە تەييار تۇرغان مەردكە رەھمەت ئېيتاي دەپ تەمشەلگەن يۇ، تىلى گەپكە كەلمەيلا قالغان...

– نېمە ئۈچۈن بالدۇرراق كەلمىدىڭلار، ئېلىڭ، ئېلىڭ!

–قولۇمنى ئۇزىتالمايۋاتىمەن.

ئابدۇرېشىت بىر باغلام پۇلنى سانىمايلا ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزغان:

– يەنە قاچان، قانچىلىك كېرەك بولسا كېلىڭ. باللار ئۆزىمىزنىڭ. ئۇلار ئوقۇشسىز قالمىسۇن!

– باللار، مانا پۇل، غوپۇر ئاكا، پۇل، پۇل ئەكەلدىم!

ئابلىمىت پۇلنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگەنچە دەرۋازىدىن كىرىپلا سىنىپلارنى نەچچە ئايلىنىۋەتكەن...

شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە ئابدۇرېشىت قادىر، تۇرسۇن...قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر ئوغلانلار نەچچە قېتىم باغلام باغلام پۇللىرىنى مەكتەپكە بېرىپ، ھېيت بايراملاردا باللارغا ھېيتلىق تارقاتقان. يېڭى كىيىملەر كىيگۈزگەن...

تەكىتلىمىسەممۇ بولمايدۇكى، «ئىلىملىقلار ئاتىسىغا بېرىشكە قىيمىغان پۇلىنى مائارىپقا بېرىپ چىدايدۇ». باللىرىمىز تەربىيەسىز قالمىسۇن دەپ! ئىلىمنىڭ مائارىپ تارىخىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، مەكتەپلەرگە ئالتۇن-كۈمۈش بەرگەن، ئات كالا قوي بەرگەنلەر، يېرىنى بېرىپ، ئۆيلىرىنى مەكتەپ قىلىۋەتكەنلەر، ھەتتا، قەنت چاي، يوتقان كۆرپىگىچە تەقدىم قىلغانلار ساناقسىز. ئىلىملىقلار ئاشۇ ئەجدادلىرىدىن پەخىرلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۇدۇمى بىلەن ياشايدۇ. ئەگەر سەن: «مائارىپ ئۈچۈن!» دەپ بىر ياماقچى موزدۇزنىڭ ئالدىغا بارساڭ، ئۇمۇ قولۇڭنى قۇرۇق قويمايدۇ.

ئەمما، غوپۇر مۇئەللىم بىر مەكتەپنىڭ خىراجىتىنى جەمئىيەتكە، ئەمدىلا پۇل تېپىپ، باش كۆتۈرگەن شەخسلەرگە باغلاپ قويۇشنىڭ ئاساسلىق، مەڭگۈلۈك چارە ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. يېتىمچىلىكتە چوڭ بولغان غوپۇر زاھىرنىڭ كەچمىشى ئۇنىۋملۈك چارىنى ئۆگەتتى. ئۇ دېھقان چارۋىچىنىڭ بالىسى ئىدى. ئاتىسى چوڭ ئوغۇللىرىغا يەر سۇ بۆلگەن.كىچىكى غوپۇرغا 40 قوي بۆلۈپ، ئۆزىنىڭ ئىنىسىغا:

– غوپۇر چوڭ بولغۇچە، قويلار كۆپىيىپ كېتىدۇ. ئۇنى قويلارنىڭ كىرىمى بىلەن ئوقۇتقىن، – دەپ جېكىلەيدۇ. كىچىك ئاتىسى ئاكىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنداپ، ئۇنى تاكى ئالىي مەكتەپكىچە چارۋىنىڭ كىرىمى بىلەن ئوقۇتىدۇ. بۇ تەجرىبە مۇئەللىمگە يول كۆرسىتىدۇ:

– توغرا، مەكتەپ نامىدا چارۋا بېقىش ئەڭ ياخشى چارە. مەنمۇ شۇنداق قىلىمەن.

لېكىن...مۇشۇ «لېكىن» ئادەمنى رەللە قىلىۋېتىدۇ دە! پېنسىيە مائاشىنى ئالتە باللىق ئائىلىسىگە يەتكۈزەلمەي، سازلىقتىن قومۇش ئورۇپ، ئوتۇن يىغىپ سېتىپ قوشۇمچە قىلىۋاتقان كەمبەغەل مۇدىر دەسمايىنى نەدىن تاپار؟

ئۇ پىلانىنى مەكتەپ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا قايتا قايتا مۇزاكىرىگە سالغان، دوست بۇرادەرلىرىگە

ئېيتىپ مەسلىھەتلەشكەن. مۇشۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەت تاپقان موڭغۇل قىز ئۆزىنىڭ دادىسى مالچى ئىدى. ئۇ غوپۇر مۇئەللىمگە:

– قىزىم ئازغىنە پۇل بىلەن مەكتەپلەردە ئوقۇپ، كادىر بولدى. ياخشىلىقلارغا ياخشىلىق قايتۇرغۇم بار. مال ئالساڭلار بېقىپ، كۆپەيتىپ بېرەي، دېگەن. مۇئەللىمنىڭ پىلانىغا ئۈمىد قوشۇلغان. غوپۇر مۇئەللىم بىرنەچچە ئوقۇغۇچىسىنى ئېلىپ، موڭغۇلكۈرەگە بارغان. ئەمما، بىر نەچچە كۈن ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ بىر «چىشقاق قوزا»نىمۇ ئالالمىغان. كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلمىغان. مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئىككى كۆزى، قورۇق ئىككى قولىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق بۇ كىشىنىڭ يېتىم، نامرات، مېيىپ بالىلار ئۈچۈن ساماندەك سارغىيىپ يۈرگەنلىكىنى ئۇلار چۈشىنەلمىگەن.

مۇئەللىم تاكى 1990 - يىلغىچە مال قىلىش ئۈچۈن مەكتەپنىڭ ئىشىنچا پۇلىغا ئېرىشىش پەيتىنى كۈتۈپ يۈرگەن. ئاخىرى 20 موزاي سېتىۋالغۇدەك پۇل ئاشقان. ئۇ موزايلارنى بىر مالچىغا تاپشۇرۇپ، بىر يىلدىن كېيىنكى كۆپەيگەن كالىلارنى بارماقلىرىنى پۈكۈپ ئېچىپ سانىغانچە قايتقان. ئەمما، ئىككىنچى يىلى مالچى بەش موزاي تاغدىن غۇلاپ ئۆلدى، مانا تېرىسى، قالغىنى مانا، دەپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان 15 تۇياقنى قايتۇرۇپ بەرگەن. كېيىنكى يىلى بىر ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئاتىسىغا ئىشىنىپ 200 تۇياق قوينى تاپشۇرغان. ئەمما، ئىككىنچى يىلى «بىر تالمۇ قوزىلىمىغان» قويلار مەكتەپكە قالغان. غوپۇر مۇئەللىم ئامالسىز قالغان. ئۈچىنچى قېتىمدا ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىغا ئىشىنىپ ماللارنى تاپشۇرغان. ئەپسۇس، بۇ قېتىمقى ئەلەم ھەممىدىن قاتتىق بولغان. غوپۇر مۇئەللىم ئۇدا ئۈچ قېتىم «قىلتاق»قا چۈشكەن.

ھە، ئەسلىدە «يولۋاسنىڭ زوڭزايغىنى سالام قىلغىنى ئەمەس» ئىكەن دە! ئاقكۆڭۈل مۇئەللىم ئاچچىق ساۋاقنى شۇنداق يەكۈنلىگەن. مەغلۇبىيەتنى دەرس قىلىپ، ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنى، بايلارنى مەكتەپكە تەكلىپ قىلىپ، ئۇلار بىلەن مۇشۇ مەسىلىدە كېڭەشكەن. ئاخىرى مالچى بىلەن مەكتەپ ئارىسىدا توختام، مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاش قاتارلىق نىزامنامىلەر تۈزۈلگەن. ئابدۇرېشىت بىلەن تۇرسۇن باشلامچى تەۋەككۈلچىلەر بولغان. تاغلارغا چىقىپ، قىممەت بولسىمۇ نەسىللىك ساغلىق سېتىۋېلىشنى باشلىغان.

ئۆمرىدە تاغنىڭ ئىشى تۈگۈل، باغنىڭ ئىشىنىمۇ قىلىپ باقمىغان شەھەرلىك يىگىتلەر بەزىدە ئاچ قالغان، بەزىدە دالىدا تۈنىگەن. لېكىن، بۇ سەپەر ئۇلارنىڭ مائارىپنى يۆلەش، مىللەتنى روناق تاپقۇزۇشقا تىرىشىۋاتقان مۇئەللىمگە ياردەمچى بولۇشقا ئاتلىق ئاۋاز قوشقان سەپەر بولغاچقا، ھەممىگە چىدىغان. بەش كۈندە 300 ساغلىقنى جەم قىلىپ مەكتەپكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. مالچى بىلەن مەكتەپ، مالچى تۇرۇشلۇق كەنت بىلەن مەكتەپ، مال باشقۇرغۇچى بىلەن مەكتەپ ئوتتۇرىسىدا مۇكەممەل توختام تۈزۈلگەن. 300 تۇياق قوي ھەر يىلى كۆپىيىۋەردى.

توختام بويىچە: مەكتەپ، مەبلەغ سالغۇچى، مالچى مەنپەئەتلەنگىلى 9 يىل بولدى. ئۈچ تەرەپ نەپ ئېلىش چارىسىنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرگەن نۇرغۇن كىشى بەس بەستە مەكتىپىمىز بىلەن شېرىكلەشتى، – غوپۇر مۇئەللىم سۆزىنى مەمنۇنلۇقتا داۋام قىلدى، – ھازىر مەبلەغ سالغۇچىمىز 34 كە، مالچىمىز 110 غا يەتتى. يەنە بىرمۇنچە مالچىلار، مەبلەغ سالغۇچىلار شېرىكلىشىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

– ئەڭ مۇھىمنى ئاشكارىلىمىدىڭىز، قويلار كۆپەيمىدىمۇ؟ – سورىدىم مەن.

– 10 مىڭ تۇياقتىن ئېشىپ كەتتى، – دېدى ئۇ يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆزئەينەكنى قولىغا ئېلىپ كۈلۈمسىرىگىنىچە، – مۇشۇ سۈرئەتتە كۆپەيسە، يەنە تۆت يىلدا 50 مىڭ تۇياققا يېتىدۇ. ھازىر مەكتىپىمىزدە 200 ئوقۇغۇچى بار. 20 سى ھەقسىز ئوقۇيدۇ. 50 بالا يېرىم ھەق تۆلەيدۇ. تولۇق ئوقۇش پۇلى 700 يۈەن .يەنە تۆت يىلدىن كېيىن يىلىغا 5000 تۇياق قوزا قوشۇلسا، ھەر بىر تۇياقنى ئەڭ تۆۋەن باھادا 200 يۈەندىن ھېسابلىغاندىمۇ، يىلىغا بىر مىليون يۈەن كىرىم بولىدۇ. ئەنە شۇچاغدا مېنىڭ ئىلىمگە تەشنا نامرات، يېتىم، مېيىپ بالىلىرىم ئۆزلىرىنى ئىستىقبالدىن مەھرۇم قىلىۋاتقان پۇل غېمىدىن قۇتۇلىدۇ. چۈنكى، چارۋىدىن كىرگەن بارلىق كىرىمنى ئاشۇ بالىلارغىلا ئىشلىتىمىز. بىز سەرسانلىق، موھتاجلىقتا مەكتەپ ئاچقان 14 يىلدا 3000 ئوقۇغۇچى تەربىيىلىدۇق. ئۇلاردىن خەمىت ئابلاخان مۆيۈنگۈزەر (كۈيتۇن) شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بولدى. ئادىل 64 مەيداننىڭ تەشكىلات باشلىقى بولدى. ئوقۇغۇچىلىرىمىزدىن؛ مال دوختۇرخانا ئىگىلىرى، سېسترا يازغۇچىلار...يېتىشىپ، جەمئىيەتتە ئورۇن تۇتتى. كېيىنكى ئون يىلدا مۇشۇ 3000 ئوقۇغۇچىمىز 6000 بالىسىنى ئوقۇتالايدۇ. يەنە 50 يىلدىن كېيىنكى زور ساپالىق قوشۇنىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز تەس ئەمەس!

– تاغ يولىدا تۇرسۇن خېلىل بىلەن پاراڭلاشقاندىم. ئۇ غۇلجا شەھەرلىك بانكا مەكتىپىنى سېتىۋېلىپ، «ئىلى تەڭرىتاغ» مەكتىپىگە تەقدىم قىلماقچى ئىكەن ھە؟

– بۇ يىگىتلىرىمىزنىڭ مائارىپنى يۆلەپ، مىللەتنىڭ دەردىنى يېنىكلىتىش، ساپاسىنى كۆتۈرۈش يولىدىكى پىداكارلىقلىرى نەتىجىسىدۇر. ئۇلار خەلقنىڭ قەلبىگە يېزىلىدى. سىز ئۇلارنىڭ نامىنى تارىخقا يېزىڭ. ئەگەر تۇرسۇننىڭ يەنە ئىقتىسادىي بەدەل تۆلىشى بىلەن ئاشۇ كەڭ زامانىۋى ئوقۇتۇش بىناسى قولىمىزغا كەلسە، بۇ يىلنىڭ ئاخىرى ئوقۇغۇچى سانىنى 500 گە يەتكۈزىمەن. ئەمدى يەنە «يەتتە ئۆلچەپ، بىر كېسىپ»ئولتۇرمايمەن. تاغدا «قۇرۇماس بانكا» قۇرۇۋالدۇق. كىرىمىمىز بۇنىڭغا تولۇق يېتىدۇ.

– يەنە ئارمانلىرىڭىز بارمۇ غوپۇر مۇئەللىم؟ – سورىدىم ئاخىرقى سوئالىمنى.

– ئارمانسىز ياشاش مۇمكىنمۇ؟ ئۆمۈر بويى ئىشلىگەنلىرىمنى كېيىنكى 10 يىلغا تەڭ قىلمايمەن. 13

مۇ باغنى مەكتەپكە سېتىۋالدۇق. ئۇيەردە بىر يەسلى قۇرسام، ئاندىن يەنە «SOS » قۇرغۇم بار. مەن ھېچبولمىسا ئاساس سالسام، قالغىنىغا مۇختەردەك ئىشەنچلىك ئىز باسارلىرىم بار. ئۇلار ئاجايىپ ئۇلۇغۋار ئىشلارنى تەۋرىتىدۇ.

مۇلاھىزە:

يانچۇقىدا پېنسىيە پۇلىدىن باشقا ھېچنىمىسى يوق خەلق ئوقۇتقۇچىسىنىڭ 10 مىڭ تۇياق چارۋىسى بار، يىللىق ساپ كىرىمى ھازىرچە 200 مىڭ يۈەنگە يەتكەن «ئىلى تەڭرىتاغ مەكتەپ»نى قۇرۇپ چىقىشىنى مۆجىزە دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ. مائارىپ تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى چەت يېزا قىشلاقلار ۋە شەھەرلەردىكى نامرات، يېتىم ، مېيىپ ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ مائارىپ تەربىيەسى ئېلىشىدا ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ئىقتىسادى ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدى. ئۇلارنىڭ بىلىم ئېلىش ھوقۇقى ئاتاقتىلا بار، نەچچە مىڭ يۈەنلىك ھەقنى كۆتۈرگۈچىلىكى يوق ئىدى. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئۆزلىرىنى ئىقتىساد ۋە مېھىر مۇھەببەت بىلەن يۆلىشىگە موھتاج ئىدى. دەل شۇ ئاچچىق رېئاللىق، دەل شۇ موھتاجلىق بىر تۈركۈم زىيالىيلارنىڭ، بولۇپمۇ غوپۇر زاھىر ئۇستازنىڭ 14 يىل تىرىششى بىلەن ئىلىدا قىسمەن بولسىمۇ يېنىكلىدى. بۇ مەكتەپكە خوتەن، قەشقەر، ئاقتۇ، توقسۇ، پەيزىئاۋاتلاردىنمۇ ئىلىم ئىزدىگەن ياشلار كېلىپ ئوقۇماقتا. مەكتەپنىڭ يۈكى ئېغىرلىدى. پىداكارلارنىڭ مەسئۇلىيىتى كۈچەيدى. شۇڭا، مەكتەپنىڭ «چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۈچ تەرەپ مەنپەئەتلىنىش» پىلانىنى ئورۇنداشتا ھەممىدىن بەك غوپۇر مۇئەللىم مالنىڭ تۇياق سانىنى تېز كۆپەيتىشكە كۈچەيدى. بەزى ملىچمال سۆدىگەرلىرىمىزنىڭ بېسىلىپ قالغان ماللىرىنى تاغلارغا يۆتكەپ سېتىپ قويغا تېگىشىپ بېرىپ، ئۇلارنى ھەمكارلاشقۇچىلارغا قوشتى. بەزىدە مالچىلار بىلەن مال ئىگىلىرىنىڭ چىگىش ماجىرالىرىغا «سوتچى»، بەزىسىگە «ئادۋوكات» مۇ بولدى. بەزىدە چوققىلاردىن ئېشىپ مالچىلارنى، ماللارنى يوقلىدى. ئاتا بوۋىلار مال چارۋا بېقىپ، تىرىكچىلىك قىلىپ باياشات ياشىغان گۈل چېچەكلىك يايلاقلار، بەرىكەتلىك تاغلاردىن يېتىم نامرات، مېيىپ ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ نېسىۋىسىگە ئېرىشىش ئاسانغا توختىمىدى.

غوپۇر مۇئەللىمنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشتا خەيرى ساخاۋەتكە تايىنىشتىن قۇتۇلۇپ، «قۇرۇماس بانكا» قۇرغانلىقى دىيارىمىزدا تۇنجى قېتىملىق، كېڭەيتىشكە ئەرزىيدىغان ياخشى تەدبىر. بۇ تىرىشچانلىقلار-ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشتەك ئۇلۇغ ھەم ئېغىر مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغانلىقىنى تۇپ مەنىسىدىن چۈشىنەلمىگەن بەزى مەكتەپلەرنىڭ ئەتراپىدا رېستوران ئېچىپ، ھاراق سورۇنى قۇرۇپ، «قوشۇمچە كىرىم»قىلغان، «ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرگەن» ئاتالمىش تەدبىردىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان، ئۈزاققىچە ئۈنۈم بېرىدىغان تەدبىر ئەمەسمۇ؟!

ئەگەر تۆت يىلدىن كېيىن مەكتەپنىڭ كىرىمى بىر مىليون يۈەن يەتسە، ئون يىلدىن كېيىنچۇ؟ مال دېگەن ئەجىر قىلىپ باقساڭ كۆپىيىۋېرىدۇ. خۇددى پومزەكچىلىك قارنى دومىلىتىۋەرسەڭ ئۆيدەك بولۇپ كەتكەندەك. يەنە مۇھىم تەرىپىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. كىشىلەر، بولۇپمۇ تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى كىشىلەر يېمەك ئىچمەكتە تەبىئي - ساپ بولۇشنى تالىشماقتا. شۇنداق ئىكەن، تەبىئي يايلاقلاردا «ئوتنىڭ ئۇچىنى يەپ، سۇنىڭ سۈزۈكىنى ئىچكەن»، ماللارنىڭ باھاسى قوتانغا سولاپ بېقىلغان ماللار باھاسىدىن ھەسسىلەپ يۇقىرىلىشىدا گەپ يوق. شۇ چاغدا، ئەنە شۇ چاغدا غوپۇر مۇئەللىمنىڭ مائارىپسىزلىقنى تۈگىتىش يولىدا ئىجاد قىلغان «چارۋا مال بېقىپ، ئۈچ تەرەپ مەنپەئەت ئېلىش» ئىستراتېگىيەسى تېخىمۇ ئىستىقبال تاپىدۇ. كىرىم مۆلچەردىكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

شۇچاغدا، ئەنە شۇچاغدا «ئىلى تەڭرىتاغ مەكتەپ»نىڭ ھازىرقى ئاددىي كېسەك سىنىپلىرى ئورنىغا زامانىۋى بىنا قەد كۆتۈرىدۇ. يۈرۈشلەشكەن ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى دۇنياۋى ئىلغار سەۋىيەگە سەپلىنىدۇ. مەكتەپ دىيارىمىزدىكى بارلىق نامرات، يېتىم، مېيىپ ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ بىلىم باغچىسىغا ئايلىنىدۇ!

قېنى ئېيتىڭا، بۇنى مۆقەررەرلىك ئەمەس، دېيەلەمسىز؟

*ئادەم ئۆلسىمۇ، نامىنىڭ ياخشىلىقى ئۆلمەيدۇ.*
*ئادەم ئىشنى بىلىم بىلەن باشلىسا، ھەممە ئىشىدا تىلىكىگە يېتىدۇ.*
*ئادەم بالىسى كارۋانغا ئوخشىشىدۇ، قونالغۇدا (ئۇزاق) تۇرالماس.*

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابدىن ئېلىندى

# ھېسسىيات ئىقتىدارى - ئۇتۇق كاپالىتى

خۇرشىدەم ئىزىمووۋا (قازاقىستان)



1991 - يىلى 7 - ئىيۇلدا ئالمۇتا ۋىلايىتىنىڭ پانفىلوۋ ناھىيەسىگە قاراشلىق تۆۋەنكى پەنجىم يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. دەسلەپتە ئاتالمىش يېزىسىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە بىلىم ئالغان. 2010 - يىلى ياركەنت گۇمانىتارلىق-تېخنىكىلىق كوللېجىنىڭ (بۇرۇنقى ياركەنت پېداگوگىكىلىق كوللېجى ) فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن. كېيىن ئالمۇتا شەھرىدىكى «قايىنار» ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پېداگوگىكا-پسىخولوگىيە فاكۇلتېتىدا تەھسىل كۆرگەن. ئوقۇش جەريانىدا، مەكتەپتە مۇئەللىم كېيىن «مىر» نەشرىياتىدا تېخنىكىلىق مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن.

2016 - يىلدىن باشلاپ ھازىرغىچە ئالمۇتا شەھرىدىكى 16№ دوختۇرخانىدا پسىخولوگ بولۇپ ئىشلىمەكتە. شۇنداقلا جۇمھۇرىيەتلىك ئەدەبىي-پۇبلىتسىستىكىلىق، ئىلمىي-ئاممىباب «ئىجادكار» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل كاتىپى ۋە تېخنىكىلىق مۇھەررىرىدۇر. «ئۇيغۇر ئاۋازى»، «ئاسىيا بوگۇن» قاتارلىق مىللىي گېزىتلىرىمىزدا پسىخولوگىيالىق، پۇبلىتسىستىكىلىق ماقالىلىرى داۋاملىق ئېلان قىلىنىپ تۇرىدۇ

پسىخولوگىيە ساھەسىدە «ھېسسىيات» مۇرەككەپ تېمىلارنىڭ بىرى. چۈنكى، ھېسسىيات ئادەم ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينايدىغان پسىخىكىلىق ھالەت.

بىز كۈندىلىك ھاياتىمىزدا ئىجابىي ۋە سەلبىي ھېس - تۇيغۇلارغا بېرىلىمىز. يەنى، ھېسسىياتلىرىمىزنى سېزىمىز. مېڭىمىزدە يۈز مىليارد نېۋرون، تىرلىيۇنلىغان ھۈجەيرىلەر بىلەن باغلانغان. ئەلۋەتتە، بۇ تەبىئىي نەرسە. نېرۋابىئولوگلارنىڭ قارىشىچە: «ھېسسىيات پەقەت ئەسەب سىستېمىمىزنىڭ رېئاكسىيەسىلا ئەمەس، شۇنداقلا قابىلىيەتىمىزنىڭ مۇھىم بىر بۆلىكى» ئىكەن. ھەتتا، بىزنىڭ ھەرقانداق ئىش-ھەرىكىتىمىزمۇ ھېسسىياتقا باغلىق. مەسىلەن، كوچىدا مېڭىۋاتقىنىمىزدا تۇيۇقسىز ئالدىمىزغا يوغان، غالجىر ئىت چىقىپ، قاتتىق قاۋاپ، ئېتىلىپ كەلسە، ئادەمنىڭ مېڭىسىدە دەرھال سېزىم ئەزالىرى ئويغىنىپ، قورقۇنچ تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن «قاچ» ياكى «ئۇر» - دېگەن پىكىر شەكىللىنىدۇ.

گاھىدا ئادەملەر بىر-بىرى بىلەن جېدەللىشىپ، سەلبىي ھېسسىياتلىرىنى باشقۇرالمايدۇ. ئاغزىغا كەلگەن كەلسە-كەلمەس ناچار سۆزلەرنى ئېيتىپ، بىر-بىرىنى رەنجىتىدۇ. كېيىن دېگەن سۆزلىرىگە پۇشايمان قىلىشى مۇمكىن. زىددىيەتلەر بېسىلىدۇ، بىراق يۈرەكلىرىنى يارىلىغان سۆزلەرنى ئۇنتالماي، كەچۈرەلمەي ئۆمۈر بويى دۈشمەن بولۇپ يۈرگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئادەم سەلبىي ھېسسىياتقا بېرىلگەندە، ئەقىل ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ، ساغلام ئوي-پىكىردىن مەھرۇم قالىدۇ.

تارىختا كۆز يۈگۈرتسەك، بۇرۇنقى زاماندا گىرېكلار «ئەقىللىك ئادەم» دەپ، ئەقىل-ئوي، مەنتىقە، ھېسسىياتقا ئوخشاش ئۈچ ئامىلنى بىرلەشتۈرەلەيدىغان شەخسنى ئېيتقان ئىكەن. ھېسسىيات ئىقتىدارى بىلەن چوڭقۇر ئويلاشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان.

ھېسسىيات مەسىلىسى تا بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئاممىباب تېمىلارنىڭ بىرى. نېمىشقا؟ ئومۇمەن، ھېسسىيات ئىقتىدارى دېگىنىمىز نېمە؟ «ھېسسىيات ئىقتىدارى» دېگەن ئۇقۇم قۇلاققا بىر تۈرلۈك ئاڭلىنىدۇ. ئىقتىدارنى بىز بۆلۈپ قاراشتۇرمايمىز. مىسالغا، ئۇ ئەقىللىق ئادەم دەيمىز. بىراق ئۇ ئائىلىسىنى تاشلاپ كەتكەن رەھىمسىز ئاتا ئىكەنلىكىنى

بىلمەيمىز. شۇنداق ئادەملەر باركى، ناھايىتى باي بىراق ئەمەلىيەتتە بېخىل، ئادىمىي خىسلەتلىرى ناچار بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ھازىرقى ۋاقىتتا ھېسسىيات ئىقتىدارى يېتەكچى ئورۇننى ئىگەللەيدۇ . سەۋەبى، ئۇ ئارقىلىق ئادەم سەلبىي ھېس -تۇيغۇلىرىنى باشقۇرۇپلا قالماي، ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزگىلەر ھېسسىياتلىرىنىڭ تۈپ تومۇرىنى چۈشىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنى، ھېسسىيات ئىقتىدارى دېگىنىمىز - ھەرقانداق ۋەزىيەتنى قوبۇل قىلىپ، ھېسسىياتنى باشقۇرۇشتۇر.

بۈگۈنكى دەۋردە ئادەمزات ئىلىم-بىلىمگە، ئەقىللىق بولۇشقا ئېتىبار بېرىلماقتا. بۇنىڭغا بارلىق شارائىت بار. بىلىمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تور بەتلىرىدە مەلۇماتلار، تور كۇرسلار يېتەرلىك. بىراق، شۇ ئەقىلنى باشقۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىمىز. بۇ ئارقىلىق خۇددى ئەقىللىق ھايۋاناتلارغا ئوخشاپ قېلىۋاتىمىز. چۈنكى، مېڭىمىزنى ئىلىم-بىلىمگە تولدۇرۇۋېلىپ، قەيەردە توختاشنى، بۇرۇلۇشنى بىلمەيمىز. ئەگەردە ئەقىلنى، ھېسسىياتنى توغرا باشقۇرمىساق ئاپەتكە ئۇچرايدىغىنىمىز ئۇخلىساقمۇ چۈشىمىزگە كىرمەيدۇ. ھېسسىياتنى نازارەت قىلىش ئارقىلىق، ئەقىل بىلەن ئۆزىمىزنى باشقۇرۇش ئەۋزەل. ئەقىل-ئىدراك (كوئېففىتسېنتى - IQ) بىلەن ھېسسىيات ئىقتىدارىنى (كوئېففىتسېنتى - IQ) بىللە باغلاشتۇرۇش غالىبىيەتكە يەتكۈزىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇتۇقتا، بايلىقتا، پىسخىكىلىق سالامەتلىككە ئېرىشىمىز. مەسىلەن، ئىش بەرگۈچى ئىشچىلارنىڭ ئەقىل- -پاراسىتىگە، قابىلىيىتىگە، سالاھىيىتىگە قارايدۇ. بىراق ئەقىل دەرىجىسى يۇقىرى ئادەمنىڭ كۆپچىلىك بىلەن تېز تىل تېپىشى، كۆڭۈل-كۈيىنى باشقۇرالماسلىقى ئېھتىمال. چەت ئەللەردە كۆپلىگەن چوڭ شىركەتلەر ھېسسىيات ئىقتىدارى يۇقىرى مۇتەخەسسىسلەرنى ئىشقا ئېلىشقا تىرىشىدۇ. ھەقىقەتەن، ھېس - تۇيغۇسى تۇراقلىق، ھەرقانداق مەسىلىنى مەنپىي ھېسسىياتقا بېرىلمەي، ئۈنۈملۈك ئىشلەيدىغان مۇتەخەسسىس ھەممىسىگە كېرەك. مۇنداق ئىنسانلار ھەممىنى ئاسان قوبۇل قىلىپ، مەسىلىلەرنى ئىجابىي جەھەتتىن ھەل قىلىشقا قابىلىيەتلىك بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىدۇ. «مۇمكىنچىلىكلەرنى پايدىلىنىپ كۆرمىسەڭ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايسەن»، — دەپ ئۇتۇقتا ۋە نەتىجىگە ئىنتىلىدۇ. سىناپ كۆرىدۇ، ۋە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىدۇ. تەكىتلەش كېرەككى، ھېسسىيات ئىقتىدارى بۇ تۇغما تالانت ياكى ئالىي بىلىم ئەمەس.

ھېسسىيات ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بىرنەچچە ئامىللار تەسىر قىلىدۇ. بىرىنچى قەدەمدە تۆۋەندىكىلەردىن قۇتۇلۇش لازىم:

1. ئۆز-ئۆزىگە ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىگە ئىشەنچسىزلىك.
2. ئۆز-ئۆزىنى ھەددىدىن تاشقىرى كەمسىتىش.
3. ئەتراپتىكى ئادەملەر بىلەن تىل تېپىشنى بىلمەسلىك.

ھېسسىيات ئىقتىدارى تۆۋەن ئادەملەردە باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش قىيىن بولىدۇ. ھەتتا ھەرقانداق ۋەقەلەرگە تېز ئىنكاس بېرەلمەيدۇ.

ئاتاقلىق ئالىم ك.پېترىدېس ھېسسىيات ئىقتىدارىنى تەتقىق قىلىپ، بىباھا ئىلمىي ئەمگەكلەرنى يازغان. ئۇ ھېسسىيات ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ بىرنەچچە ئۇسۇلىنى تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئادەم ئەڭ ئالدى بىلەن «مەن كىم؟»، «مەن نېمىنى سېزىۋاتىمەن؟»، — دەپ ئۆزىگە سوئال قويۇشى لازىم. ئۇسۇلنىڭ مەنىسى - ئىنسان ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى تۇيغۇنى ھېس قىلىشتۇر. شۇنىڭدىن كېيىن ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھېس-تۇيغۇ ئىنكاسلىرىنى تەھلىل قىلىپ، ئۆگەنگەن توغرا. بىراق ھەممىنى بىراقلا بىلىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس. « ئادەملەر ئۆمۈر بويى بەختنى سىرتتىن ئىزدەيدۇ. سىرتقى مۇۋەپپەقىيەت - بايلىقتا ئاپىرىدىغان ئامىل دەپ ئويلايدۇ. ئادەملەر مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئاندىن ئالىي بىلىم ئېلىپ، بىرەر مۇتەخەسسىس ئىگەللەپ، يۇقىرى مائاشلىق خىزمەت ئىزدەيدۇ. ئەڭ ياخشى يەرنى، قىممەت ماشىنا ۋە ئۆينى ئارمان قىلىدۇ. ئۇ ھەر دائىم ئۆزىنىڭ ئوي-خىيالىدىكى نىشانغا يېتىشكە تىرىشىدۇ. بىراق، ئۇ مۇمكىن ئەمەس. سەۋەبى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى ئېھتىياجىنى چۈشەنمەيدۇ. ھەممىنى سىرتقى ئامىللارغا باغلاپ قويىدۇ. ئەگەر شۇ پەللىگە چىقالمىسا، دەرد-ئەلەمگە چۆكۈپ، ئۆزىنى بەختسىز ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. ھەتتا شۇنداق ئىنسانلار باركى، سىرتتىن كۆڭۈللۈك، باي بولۇپ كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئىچكى دۇنياسىنى قاراڭغۇ تۈتەك بېسىپ، چۈشكۈنلۈككە چۈشۈپ كەتكەن»— دەيدۇ ئالىم.

شۇڭا ئادەملەر رېئاللىقتا مۇۋاپىق ياشاشقا ئىنتىلىش كېرەك. سەلبىي ھېسسىياتقا بوي سۇنماي، ئىجابىي ھېس -تۇيغۇنى چىقىرىپ، ئىچىدىكى «مەن»نى ئىزدەشكە تىرىشىش كېرەك. مەنپىي ۋە ھېس -تۇيغۇ ئادەمنى باشقۇرسا ئىنسانغا سەلبىي تەسىرى بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا يول بەرمەي، ئەكسىنچە ھېسسىياتنى كونترول قىلغان مۇھىم. ئەگەر ئادەم ئىچىدىن ھەممىگە تەييار بولسا، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش يوق. ئىچىدىكى «مەن»نى يەنى «ئۆزلۈك»نى يوقىتىش، ئۆمۈرنىڭ مەنىسىنى يوقىتىش دېمەكتۇر.

ئەگەر كەيپىياتىمىزغا ئىگە بولالمىساق، پسىخوتېرروررىستلار ھېسسىياتلىرىمىزغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىنىدۇ. ئۆزگىلەرنىڭ ئوييۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قېلىشقا يول بەرمەسلىك، پەقەت ئۆزىمىزنىڭ قولىدا.

خۇلاسىلەپ ئېيتسام، بىزگە مەكتەپتە ئوقۇشنى، يېزىشنى، ھېسابلاشنى ئۆگىتىدۇ. ئەگەر ئىنسانغا مەكتەپ پارتىسىدىن باشلاپ، قوشۇمچە ھېسسىيات ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئۆگەتكەن بولسا، بىزنىڭ ھايات شەكلىمىز باشقىچە بولاتتى. ئادەملەر بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەپ، جېدەل - ماجىرا ئاز بولۇپ، بەختلىك ئائىلىلەر، دوستلار كۆپ بولۇپ، ھاياتمۇ مەنىلىك ئۆتەر ئىدى. بولمىغۇر ھېس- -تۇيغۇلار كېسەللىرىدىن پەيدا بولىدىغان پسىخوسوماتىكىلىق ئاغرىقلارغا دۇچار بولمايتتى. چۈنكى، ھېسسىيات ئىقتىدارى ئۇتۇقتا يېتىپ، غالىبىيەت قازىنىش ئامىللىرىنىڭ بىرى.

# ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر تۈركىيەدە

ئابدۇۋەلى ئايۇپ (نورۋېگىيە)

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 20 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تالانتلىق، كۆپ قىرلىق، ئۆرنەكلىك يازغۇچى ۋە ئەل سۆيگەن شائىرلارنىڭ بىرى. شۇنداقلا ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تونۇلغان ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى، جامائەت ئەربابى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتچىسىدۇر. ئۆتكۈرنىڭ 1946 - يىلى 23 يېشىدا يېزىپ لەنجۇدا نەشر قىلدۇرغان «يۈرەك مۇڭلىرى» ۋە 1948 - يىلى ئۈرۈمچىدە نەشر قىلدۇرغان «تارىم بويلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلاملىرى ئۇنى ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۈكەر يۇلتۇزىغا ئايلاندۇرغان. شائىرنىڭ ئۇ يىللاردا يازغان شېئىرلىرىدىن زامانىنىڭ زۇلمى، ئاۋامنىڭ زارى، دەۋرنىڭ دەرد ھەسرەتلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. مەرھۇمنىڭ ئائىلە خەلقچىخان ئانىمىزنىڭ يەتكۈزىشىچە ئۆتكۈر 1949 - يىلى سابىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىبى بولغان. شۇ مەزگىلدە شاھىد بولغان زۇلۇم، تەڭسىزلىك، چىرىكلىك ۋە ناھەقچىلىكلەرگە چىدىماي خىزمەتتىن ئىستېپا بەرگەن ئىكەن. شائىر ئەينى زاماندا زالىم ھاكىمىيەتنىڭ خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپلا قالماي يەنە ئۇلارنىڭ زۇلۇمىنى شېئىرلار ئارقىلىق جاھانغا پاش قىلغان. شۇ مەزگىلدىكى ھېسلىرىنى «خەجلە خائىنلار خەجلە» ماۋزۇلۇق شېئىرىدا مۇنداق ئىپادىلىگەن.

خەجلە، خائىنلارەي خەجلە، بۇ ئەلنىڭ مېلىنى خەجلە،
يېتىشمەي قالسىلەر ئۇ ھەم ئېلىپ سەن جېنىنى خەجلە.

خېنىمغا ئۇسما دەپ خەجلە، بېگىمگە تاسما دەپ خەجلە،
تالان-تاراجدىن قالغان پارچە نېنىنى خەجلە.

دېھقانغا ئاچقۇزۇپ بوزنى، دۇكانغا توقۇتۇپ بۆزنى،
سېلىپ ئالۋاننى يۈز قاتلاپ، ئىچىپ سەن قېنىنى خەجلە.

كۆلدە بېلىقى كۆپ دەپ، يەر ئاستى بايلىقى كۆپ دەپ
قەدەمدە مىڭ تېپىپ ھىيلە، ئېچىپ سەن كانىنى خەجلە.

پالانى ئاقچىدۇر، كۆكچى، بۇ ئۆتكۈرمۇ يامان دوقچى،
دەپ پارچىلاپ بۇ مىللەتنى، سېتىپ ۋىجدانىنى خەجلە.

شائىر 1950 - يىللاردىن كېيىن تەقىب قىلىنىپ ئەسەر ئېلان قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالغان. ئۇ تا 1956 - يىلغىچە بىر مەزگىل نازارەت ئاستىدا تەھرىرلىك ۋە تەرجىمانلىقتا ئوخشاش خىزمەتلەرگە سېلىنغان. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قېلىپلىشىشى ۋە يېڭى ئاتالغۇلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تېگىشلىك ھەسسە قوشقان.

مەسىلەن، شۇ مەزگىلدە ۋە كېيىن مودا قىلىنغان ھەر قايسى ساھەلەر بويىچە «سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش» ھەرىكىتى جەريانىدا كۆپ قوللىنىلغان سۈنئىي ھەمراھ سۆزىنى ئۆتكۈر ئەپەندىم ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئاتالغۇ دەل جايىدا ۋە ۋاقتىدا ياسالغانلىقى ئۈچۈن تېزلا ئومۇملىشىپ كەتكەن. مەرھۇمنىڭ خانىمىنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە ئۆتكۈر ئەپەندى 80 - يىللارغىچە بولغان تۈرلۈك تۈمەن بېسىم، زۇلۇم ۋە قىيىنچىلىقلار ئىچىدە ئۆزىنى ۋە ئەتراپىدىكىلەرنى ئۈمىدلەندۈرۈپ تۇرغان ئىكەن. مەرھۇملۇق يىلسېرى زورايغان ۋە ئېغىر كۈلپەتلەر، تۆھمەتلەر، ھاقارەتلەرگە ئۇلىشىپ يۈرەكلەرنى زېدەلىگەن بولسىمۇ شائىر نىشاندىن ھېچ تايمىغان. شائىر بۇ يىللاردىكى ھەسرەتلىرىنى:

قەلەم سۇندى، ئەلەم ئەزدى دىلىمنى،
شامال دارىپ كېكەچ قىلدى تىلىمنى.
قولۇم تۇتماس، پۇتۇم باسماس پالەچمەن،
نېمە بىرلە رازى قىلاي ئېلىمنى.

دېگەن مىسرالىرى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. شائىر ئۆزىنىڭ كېلەچەك ئىستىقبالغا بولغان قەتئىي ئىشەنچىنى «باھار چىللايمەن» ماۋزۇلۇق شېئىرىدا باھار تىمسالى ئارقىلىق مۇنداق يازغان:

ئۇنى كۈيلەيمەن زىمىستاندىمۇ،
تىلىم زەنجىردە باغلانغاندىمۇ،
كۆكرەككە نەيزە قادالغاندىمۇ،
ئىسسىق قېنىمدىن باھار چىللايمەن.

شائىرنىڭ 1980 - يىللاردىن يېزىپ نەشر قىلدۇرغان «قەشقەر كېچىسى»، «ئۆمۈر مەنزىللىرى»، «ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» ناملىق يىرىك ئەسەرلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئۆلمەس ئابىدەلەرگە ئايلاندى. كۈنىمىزدە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى چەتئەللەردە، بولۇپمۇ تۈركىيەدە تەرجىمە قىلىنىپ ھەر جەھەتتىن تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ. تۈركىيەدىكى چاغداش تۈرك تىللىرى فاكۇلتېتلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىل ئەدەبىياتى دەرسىدە ئۆتكۈر شېئىرلىرى ئۆتۈلمەكتە. تۆۋەندە بىز ئۆتكۈرنىڭ تۈركىيەدىكى تەسىرى ھەققىدە توختىلىمىز.

تۈركىيەدە تۇنجى قېتىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ رومانلىرى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزگەن كىشى ئابدۇلكەرىم باقى ئىلتەبىردۇر. ئۇ 1991 - يىلى يازغان «بۈگۈنكى ئۇيغۇر تارىخى رومانلىرىدا ئازادلىق تېمىسى» ناملىق ماقالىسىدە

ئابدۇرەھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» رومانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىق كۈرەشلىرىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. گۈلزادە تانرىداغلى خانىم 1996 - يىلى مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەييارلىغان «20 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر رومانچىلىقى» ناملىق دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسىدە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ رومانلىرىنى تەھلىل قىلغان. مەرھۇم شۈكۈر تۇران 1998 - يىلى يازغان «ئۇيغۇر تۈركلىرى ئەدەبىياتى» ناملىق ئەسىرىدە ئۆتكۈر قاتارلىق كۈرەشچان شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە توختالغان. 2007 - يىلى ئەگە ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىسى ئۆزگۈر ئاي، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» رومانى توغرىسىدا دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسىنى يازغان. ئەنقەرە گازى ئۇنىۋېرسىتېتى تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىسى ھۈليا قاساپوغلۇ چەنگەل خانىمنىڭ «ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ شېئىرلىرى» ناملىق ئىككى توملۇق كىتابى تۈركىيە مىللىي مائارىپ مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇلاردىن باشقا تۈركىيەدىكى ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى فاكۇلتېتلىرى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ شېئىرلىرىنى ۋە رومانلىرىدىن ئارىيەلەر ئوقۇتماقتا، باكلاۋۇرلۇق ۋە ماگىستىرلىق ئىلمىي ماقالىلىرى يازدۇرماقتا. بۇلاردىن باشقا ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ 1947 - يىلى يېزىپ قالدۇرغان «ئۇچراشقاندا» ناملىق شېئىرى تۈرك ناخشا چولپانلىرى تەرىپىدىن سەھنىدە ئېيتىلىپ، مىڭلىغان تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. 2005 - يىلى ھىندىستان باش مىنىستىرى مودى قازاقىستاندىكى خەلقئارالىق مۇنبەردە شائىرنىڭ «ئىز» سەرلەۋھىلىك شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئالقىشقا ئېرىشتى. يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئۆتكۈر ئەسەرلىرىنىڭ تۈركىيەدە ۋە تۈركچەنىڭ ۋاستىسى بىلەن دۇنيادا تونۇلغانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دۇنيادا تونۇلىشىغا زور تۆھپە قوشقان ۋە قوشۇۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

نۆۋەتتە تۈركىيەدىكى ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر تەتقىقاتىدا ئەڭ ئاكتىپ ۋە ھوسۇللۇق تەتقىقاتچى ھۈليا قاساپئوغلى چەنگەل خانىمدۇر. يەنە گۈلزادە تانرىداغلى، ئۆزگۈر ئاي قاتارلىق تەتقىقاتچىلارمۇ بۇ سەپنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزىمەتلىرىدۇر.

ھۈليا خانىم تەتقىقاتىدا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ شېئىرلىرى تۈركىيە تۈركچەسىگە تەرجىمە قىلغاندىن سىرت مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن تەھلىل قىلغان. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ھۈليا خانىم ئۆتكۈر شېئىرلىرىدىكى كۈرەش، ھۆرلۈك، ۋەتەن ۋە سۆيگۈ تېمىلىرىنى تەپسىلىي تەھلىل قىلىپ مەخسۇس ماقالىلەرنى يازدى. ھۈليا خانىم تۈركىيەدە ئېچىلغان بىر قانچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئۆتكۈر ئەسەرلىرى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىنى سۇنغاندىن باشقا شائىر ۋاپات بولغانلىقىنىڭ 20 - يىللىقى مۇناسىۋىتى مەخسۇس ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى تەشكىللىدى.

ئۆتكۈر ئەپەندى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات قىلغان يەنە بىر ئىزدەنگۈچى دوكتور ئۆزگۈر ئايدۇر. ئۇ ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ «ئىز» رومانىنى تېكىستشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىپ، تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ چىققان ۋە بۇ ھەقتە دوكتورلۇق ماقالىسى يازغان. ئۆزگۈر ئاي ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ «ئىز» رومانىنى مەخسۇس تەتقىق قىلغان. ئۇ مەزكۇر ئەسەر ھەققىدىكى بىر ماقالىسىدە ئابدۇرەھىم ئۆتكۈرنى تۈركىيەنىڭ تانزىمات دەۋرى ئەدەبىياتىدىكى ۋەكىللىك ئەدىب ئاھمەت مىتھاتقا تەققاسلايدۇ. ئۆزگۈر ئاي ماقالەلىرىدە «ئىز» رومانىدا رومانچىلىق ھۈنەرلىرىنىڭ جايىدا قوللىنىلمىغانلىقىنىمۇ تىلغا ئالىدۇ. رومانىدا دىداكتىك ئامىللارنىڭ موللىقى، ئاپتورنىڭ چىنلىقنى يېزىش تەرەپدارى بولغانلىقى سەۋەبلىك ئەدەبىيلىكنىڭ يېتەرسىز قالغانلىقىنى مۇلاھىزە قىلىدۇ.

ھۈليا خانىم تەشكىللىگەن 2015 - يىلى 18 - دېكابىر كۈنىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا تۈركىيە باش مىنىستىرلىق تارمىقىدىكى تۈركىي مىللەتلەر ھەمكارلىق ۋە تەتقىقات ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دوكتور سەردار چام، ب د ت پەن مەدەنىيەت مائارىپ تەشكىلاتىنىڭ تۈركىيەدىكى مەسئۇلى ئۆجال ئوغۇز، غازى ئۇنىۋېرسىتېتى مۇدىرى بەربەروغلۇ، داڭلىق تۈركولوگ پروفېسسور دوكتور ئەھمەت بىجان ئەرجىلاسۇن ئەپەندى، تونۇلغان تۈركولوگ ئوسمان فىكرى سەرتقايا ئەپەندى، ئالاھىدە تەكلىپ بويىچە يىغىنغا ئىشتىراك قىلغان تونۇلغان تۈركولوگ مىرسۇلتان ئوسمانوف ئەپەندى، پروفېسسور ئابدۇررائۇف پولات ئەپەندى قاتناشتى. يىغىندا يەنە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر ئىلىم ئادەملىرىدىن پروفېسسور ئالىمجان ئىنايەت ئەپەندى، دوتسېنت دوكتور ئەركىن ئەكرەم ئەپەندى ۋە تۈركىيەدە ياشاۋاتقان، ئەنقەرەدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلەردە تەھسىلدە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار قاتناشتى. گېرمانىيە گۆتتۈڭگەن ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى دوكتور ئابلەت سەمەت، نەۋشەھىر ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى دوكتور ئادەم ئۆگەر، دوكتور ئاھمەت قارامان، دوكتور گۈلزادە تانرىداغلى، دوكتور ئايسىمە مىرسۇلتان، دوكتور رىدۋان ئۆزتۈرك، دوكتور ئايسۇن دەمىرەز گۈنەرى، دوكتور كونۇر ئالىپ ئەرجىلاسۇن، دوكتور دەريا ئەرسۆز قاتارلىق تۈركىيەدە ئۇيغۇرشۇناسلىق بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان زىيالىيلار ئىشتىراك قىلدى ۋە ئىلمىي دوكلاتلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى.

يىغىن تۈركىيەدىكى مەتبۇئاتلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىنى تۈرك جامائىتىگە كۆرەك قىلدى. ھۈليا خانىم بۇ مۇناسىۋەت بىلەن تاراتقۇلاردا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. بۇ تۈركىيەدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بويىچە ئەڭ كۆپ تەتقىقاتچى يىغىلغان، ئەڭ قىزغىن داۋاملاشقان ۋە ئەڭ كەڭ ساھەدىكى ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلەرنى بىر يەرگە جەم قىلغان بىر يىغىن بولدى. يىغىن تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلار بىلەن قازاقىستاندىن كەلگەن ئۇيغۇر زىيالىيلارنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇشىغا تېپىلماس بىر پۇرسەت ياراتتى.

يىغىنىنىڭ ھاياجانلىق مىنۇتلىرى قازاقىستاندىن كەلگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ھۈليا خانىمغا تون كىيدۈرۈشى بىلەن يۇقىرى پەللىگە چىقتى. مەشھۇر ئۇيغۇر

شائىرى مۇھەممەدئىمىن ئوبۇلقاسىموۋ، دوكتور رۇسلان ئارزىيېۋ قاتارلىقلار قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ سالامى ۋە ھۆرمىتى سۈپىتىدە ئۇيغۇرچە تونىنى ھۈليا خانىمغا كىيدۈرگەندە ئۇيغۇر ۋەتىنىدىن كەلگەن ئىشتىراكچىلارنىڭ كۆزلىرىدىن ھاياجان ياشلىرى ئەگىدى. ئەنقەرەدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ۋاكالىتەن ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتى دوكتور ئوقۇغۇچىسى ئاسىيە ئۇيغۇر خانىم ھۈليا خانىمغا رومال ئارتتى. يىغىندا مۇھەممەدئىمىن ئوبۇلقاسىموۋ ئەپەندى ئۆتكۈر ئەپەندى بىلەن يېزىشقان بارلىق مەكتۇپلىرىنى ھۈليا خانىمغا ھەدىيە قىلدى. ئۆتكۈر ئەپەندىمىنىڭ شىۋېتسىيەدە ياشاۋاتقان قىزى زۇلھايات ئۆتكۈر خانىم دادىسىنىڭ مەنىۋى مىراسلىرىنىڭ مىللەت قايغۇسى بولغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتتى. ھۈليا خانىم سۆھبەتلىرىدە ئۆتكۈر ئەپەندىمىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىسىنى 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا قىياسلىدى.

يىغىندا ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىق بولغىنى ئۆتكۈر ئەپەندىمىنىڭ زاماندىشى بولغان مىرسۇلتان ئوسمانوۋ ئەپەندىنىڭ ئۆتكۈر ئەپەندى ھەققىدىكى ئەسلىملىرىنى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىنماسلىقى بولدى. يىغىندا باشتىن ئاخىرى ئىززەتلەنگەن بۇ تەۋەررۈك بوۋاينىڭ ئۆتكۈر ھەققىدىكى بايانلىرىنى ئاڭلىيالمىغانلىقى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىدا بولۇپمۇ ئۇيغۇر قاتناشقۇچىلارنىڭ قەلبىدە بىر ھەسرەت بولۇپ قالدى.

ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر تەتقىقاتى تۈركىيەدە ھازىر كەڭلىكتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ يۈزلەندى. دەسلەپكە تەتقىقاتلاردا ئۆتكۈرنىڭ شېئىرلار توپلاملىرى، رومانلىرى ھەققىدە ئومۇمىي مەلۇماتلار بېرىلگەن بولسا نۆۋەتتە ئۇنىڭ ئايرىم نەزمىلىرى ھەققىدە تەتقىقاتلار ئوتتۇرىغا چىقماقتا. مەسىلەن، رىدۋان ئۆزتۈرك ئەپەندىنىڭ ئۆتكۈرنىڭ «ئۇچراشقاندا» ماۋزۇلۇق شېئىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتى شۇنداق چوڭقۇرلاشقانلىقىنىڭ مىسالىدۇر.

رىدۋان ئەپەندى تەتقىقاتىدا 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرزۇرۇمدا ياشىغان، تۈركىيەدە ئەرزۇرۇملۇ ئەمراھ دېگەن ئات بىلەن مەشھۇر بولغان بىر شائىرنىڭ «ياق، ياق» ماۋزۇسىدىكى شېئىرى بىلەن ئۆتكۈرنىڭ «ئۇچراشقاندا» دېگەن شېئىرىنى سېلىشتۇرۇپ مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ. بۇندىن باشقا دوكتور ئاھمەت قارامان ئەپەندىنىڭ «قەشقەر كېچىسى» داستانى ھەققىدىكى تەتقىقاتىمۇ ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدىكى ئىنچىكە ئىزدىنىشلەرنىڭ قانات يېيىۋاتقانلىقىغا مىسال بولىدۇ. ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ مۇشۇنداق كۆپىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ شائىرنىڭ ئەسەرلىرى بۇندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى چېكىشى مۇمكىن.

# بىزگە نە سۆز، نە بىر خەۋەر بەردىلەر

يۇنۇس ئەمرە


يالغانچى دۇنيادا ياشاپ كەتكەنلەر،
بىزگە نە سۆز، نە بىر خەۋەر بەردىلەر.
قەبرىسىدە ھەرخىل ئوتلار ئۈنگەنلەر،
بىزگە نە سۆز، نە بىر خەۋەر بەردىلەر.

تۇپراققا كۆمۈلگەن نازۇك تەنلىرى،
سۆزلىمەيلا قالغان تاتلىق تىللىرى.
كېلىڭ ، دۇئادا ئۇنتۇمايلى بۇلارنى.
بىزگە نە سۆز، نە بىر خەۋەر بەردىلەر.

كىملەرنىڭ ئۈستىدە قۇرۇغان بۇ ئوتلار،
كىملەرنىڭ بېشىدا رەت-رەت چىنارلار.
كىمى مەسۇم، كىمى گۈزەل يىگىتلەر،
بىزگە نە سۆز، نە بىر خەۋەر بەردىلەر.

يۇنۇس دەركى؛ كۆر، بۇ تەقدىرنىڭ ئىشلىرى،
تۆكۈلمۈشتۇر كىرپىكلىرى قاشلىرى.
باشلىرىنىڭ ئۈستىدە قەبرى تاشلىرى،
بىزگە نە سۆز، نە بىر خەۋەر بەردىلەر.

تۈركچىدىن تاھىر تاشقىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان



# تۆت خاتالىق

رابىندرانات تاگور (ھىندىستان)

شام نېمە ئۈچۈن ئۆچۈپ قالدى؟
چۈنكى شامالدىن ئەمىن جايدا تۇتۇش ئۈچۈن تونۇم بىلەن ئورىۋالغان ئىدىم.
شۇڭلاشقا ئۆچۈپ قالدى...
مانا بۇ دەل يەڭگىلتەكلىك...

گۈل نېمىشقا توزۇپ كەتتى؟
ئىشتىياق ۋە تاقەتسىزلىك ئىلكىدە باغرىمغا باسقان ئىدىم.
شۇڭلاشقا توزۇپ كەتتى...
مانا بۇ دەل ساختا سۆيگۈ...

دەريا نېمىشقا قۇرۇپ كەتتى؟
ماڭىلا خىزمەت قىلسۇن دەپ توسما سېلىۋالغان ئىدىم...
شۇڭلاشقا قۇرۇپ كەتتى...
مانا بۇ دەل شەخسىيەتچىلىك...

دۇتارنىڭ تارى نېمىشقا ئۈزۈلدى؟
چۈنكى ئەڭ يۇقىرى ئۇرغۇدا چېلىش ئۈچۈن زورلىغان ئىدىم.
شۇڭلاشقا ئۈزۈلدى...
مانا بۇ دەل تەكەببۇرلۇق...

ئەرەبچىدىن كەۋسەر تەرجىمىسى (تۈركىيە)

# شېئىرلار

پاتىگۈل مەخسەتوۋا (قازاقىستان)

## كۈتتۈڭمۇ سەن مېنى دۆڭدىكى جىگدە؟

كۈتتۈڭمۇ سەن مېنى دۆڭدىكى جىگدە،
بۇ يىل باھاردا كېلەرمىكىن دەپ؟
ھىدىڭنى پۇرىدىم يىراق شەھەردە،
كەچۈرگىن، بارمىدىم تۇرمۇش غېمىن يەپ.

پارقىراپ كۈمۈشتىن ئاسقاندەك تەڭگە،
ياپرىقىڭ شىلدىرلاپ كۈتكەندۇ مېنى؟
خۇش پۇراق ھىدىڭنى تارىتىپ دۆڭگە،
مەن بولۇپ شاماللار سۆيگەندۇ سېنى؟

ئولتۇرغان كۈنلىرىم خۇشال سايەڭدە،
ئاكاملار قېشىمدا ئىدى جۇغى-جەم.
ئېھ، جىگدە! كۆرسەڭدى بۈگۈن كۆزۈمدە،
پارقىرار ياپرىقىڭ كەبى كۈمۈش نەم...

## نېچۈن كەلمەس مەن كۈتكەن بايرام؟

سەن سەكراتتا ياتقاندا بۈگۈن،
مەن نېمىگە شادلىنىپ كۈلەي؟..
بوغۇلسىمۇ ئەلەمدىن ئۈنۈم،
ئاي يۈزۈڭنى بىر كۆرۈپ ئۆلەي.

يۈرگىنىمدە مۇقەددەس سۆيگۈ،
لاۋۇلدايدۇ ئوتلىرى ئۆچمەي.
يىراقلاردا سەرگەردان تۇيغۇ،
ياشار، جېنىم ، سېنىڭدىن كەچمەي.

قولۇمدىكى ئۈمىد كومپاسى،
ئارمانلارغا باشلار تېنەتمەي.
ئۇزاپ بارار ھايات كېمىسى،
سېغىنىشتىن سارغايدىم نېتەي؟..

كۆز يېشىم بوپ ئاقىدۇ ئىلى،
دەردلىرىمگە چىلاشتى سايرام.
نەدە قالدى ئۇيغۇرنىڭ ئېلى؟
نېچۈن كەلمەس مەن كۈتكەن بايرام؟

## سەن كۈلمەي

مەن سېنى ئىشقىمغا باغلىدىم مەككەم،
سەن مېنىڭ قەلبىمدە باش قويغان مەككەم.
يۈرىكىم ھىجراندىن كەتسىمۇ چاۋرىپ،
ئېگەلمەس مەيلىمنى ئازابلار چەككەن.

مەن سېنى ناخشامدا كۈيلەيمەن دائىم،
سەن مېنىڭ دىلىمنى يورۇتقان ئايىم.
ئۈنلىرىم كەتسىمۇ بوغۇلۇپ، پۈتۈپ،
ئېيتىمەن ناخشامنى، يېمىگىن ۋايىم.

مەن سېنى ھەر كۈنى كۆرۈشكە خۇمار،
سەن مېنىڭ بوينۇمغا ئېسىلغان تۇمار.
كېلەرمۇ باغرىڭغا باغرىمنى يېقىپ،
شۇ بىر كۈن ئارمانسىز كۆزۈمنى يۇمار.

مەن سېنى يىراقتا سېغىنغان قاياش،
سەن مېنىڭ مېھرىمگە تۆكۈلگەن قۇياش.
چاچرىغان قېنىڭدا بويالدى ئىلھام،
سەن كۈلمەي مېنىڭمۇ كۆزلىرىمدە ياش.

## ئىشقىڭ ھەسرىتى

ئىشقىڭ ھەسرىتى كۆيدۈردى مېنى،
كۈندە چۈشۈمدە كۆرۈمەن سېنى.
قۇچاقلاپ سۆيۈپ، باغرىمنى يېقىپ،
ئىسسىق قوينۇڭدا ئۆلسەمدى، قېنى؟..

كۆزلىرىم تالدى قاراپ يولۇڭغا،
ئىنتىزار قەلبىم تولدى زۇلۇمغا.
سەرگەردان بولۇپ تېنىگەن بەختىم،
قونارمۇ قايتىپ مېنىڭ قولۇمغا؟؟؟

ئۈنلىرىم بوغۇق، شېئىرلار گۇڭگا،
چىلىنىپ تۇرۇپ يۈرىكىم مۇڭغا.
تەشنالىق دەردى – ئوڭۇم-چۈشۈمدە،
ھالىم ئاياندۇر چۆلدە يۇلغۇنغا.

ئارزۇلار كېكەچ، ئارمانلار قارىغۇ،
بىللە يۈرۈشكە كوچىلار تارغۇ.
ئېيتىلىپ ئىچتە تۈگىمەس ناخشا،
كېلىدۇ قۇرۇق تاراقلاپ ھارۋا.

ئويلىرىم پىنھان، يۈرەكلەر زېدە،
سىرىم بۆلۈشەر يالغۇز تۈپ سېدە.
دەردىمگە داۋا ئىزدەپ يىراقتا،
ئەلەم ياشلىرىم تۆكۈلدى يەرگە.

مېنىڭ پىغانلىق كۆڭلۈمگە بولا،
قۇياشمۇ مۇڭلۇق چاچىدۇ شولا.
تەڭرىم ياراتقان تەڭرىتاغلىرى،
سىرغا چۆكمەستىن كۆڭلۈمنى ئۇلا.

ئەللەر ئىچىدە ئاتالسا ئىسمىڭ،
يۈرمەيتتىم يىغلاپ مەن چەتتە مىسكىن.
ۋىسال دەملىرى ئۆچكۈن ئوت بولۇپ،
يېنىپ كەتسىمۇ مەيلىدى جىسمىم.

ئىشقىڭ ئوتىدا بولدۇم پەرىشان،
خۇددى سەراپتۇر كۆزلىگەن نىشان.

پىلدىرلاپ يېنىپ يورۇتار قەلبىم،
ئۆمىد ئوتىدىن تۇتاشتۇرغان شام.

ھالىمنى كۆرۈپ كۆرمەيدۇ جاھان،
ئاھۇ-زارىمنى ئاڭلىماس بوپ پاك.
ئېيتقىن جانانىم، كېلىپ بىر چاغلار،
سېنى قۇچاقلاپ ئۇيغىتارمۇ تاڭ؟..

# ئىككى شېئىر

ئىبراھىم تەنەكەجى (تۈركىيە)

## ئىنساننىڭ بولمىغان

بىرمۇ دوستۇم قالمىدى، سىلەرنىڭ قالدىمۇ؟
دەيدۇ، تاشلىنىۋېتىلگەن بىر سەھرادا
يېرىمى كۆيگەن باغدا.

شۇ ئالىمۇ ماغدۇرسىزلىنىپتۇ خېلى
ھەتتا مېۋىلىرىنىمۇ تويغۇزالماپتۇ تېخى
تىرىشىپ تىرمىشىۋاتىدۇ ئەمما
چۈنكى ھەممىگە يېتىشمەكچى

ھېچكىم بولمىسىمۇ،ئەزان گۈلى
نېمانچە ياخشى ئىشلەيدۇ ئۆي تاپشۇرۇقىنى

مانا، بىر دېرىزە ئالدىدا
بىر چاغلار تەشتەك بولغان تۈنىكە:
مەيىنەت ئايالمۇ،يېتىم بالىمۇ؟
كىم بىلىدۇ نېمە بارلىقى ئۇنىڭ ئىچىدە

مانا، سۇلىرىڭ ئاۋۇ تەرەپكە، دەرەخلىك يەرگە
دۇنياغا ئەمەس گويا جەننەتكە
ياخشى كۆرۈپ سەھەردىكى سايراشلىرىنى قۇشلارنىڭ
ئۆي ساپتۇ ، ئىگىلىرى نەدە؟

## ھايات شەرتلىرى

قىينىمۇ، ئەلۋەتتە قىيىن، تۈنجى كۈنلەردە
تويماي تۇرۇپ تېخى ئۆزۈڭگىمۇ
ئالغا بېسىش، بىر قەدەم ئالغا...

ساغلام كىشىلەر ، مەيلى قىز بولسۇن ياكى ئوغۇل
نەپەسسىز قالىدۇ قىسقا ۋاقىتتا:
بۇ جان نەدىن يۇقتى ماڭا !

زېرىكىش ئىشكىدۇر بۇ، ھەممىگە ئوچۇق.
كۆز ئالدىمدا تۈنۈگۈنكىدەك؛
دېگەنتى چوڭ دادام،ئىنساننىڭ جېنى
ئوخشىمىغان نەرسىلەرنى چېكىدۇ بەزىدە

ئىنسانسىلەر مانا، چۈشىنىسىلەر
گەپ قىلىغان قول، تىركىشكەك كۆز، پۈرسەتپەرەس لەۋ
كېتىدۇ بۇلار،سىلەر قالىسىلەر....
....

قۇشلارنى كۈزەتتىم قار يېغىۋاتقاندا
تۈيۈقسىز بالىلىرىم كەلدى كاللامغا
تەخىرسىزلىنىۋاتىدۇ چوڭ بولۇش ئۈچۈن
كەلمەڭلار، بۇ يەر چوڭقۇر!

تۈركچىدىن ئىمران سادائىي تەرجىمىسى

# شېئىرلار

نۇرمۇھەممەت ھېيت (ئامېرىكا)

## ئانىلار بولسۇن مەڭگۈ سالامەت

ئەللەيلەپ بۆشۈككە بىزنى بۆلگەن،
بالام دەپ ئۇيقۇسىز كېچە تۈنىگەن.
بىر تاۋاق ئېشىنى ئىسسىق يېمىگەن،
ئاغرىسا تەنلىرى بىزگە دېمىگەن،
پەرىشتە ئانىلار بولسۇن سالامەت.

پەرزەنت دەپ غەم يېگەن سوغۇق تۈنلەردە،
تونۇرنىڭ بېشىدا تومۇز كۈنلەردە،
ھارغىنلىق ھەم قاقشاش يوقتۇر ئۈنلەردە،
خوشلۇقى كۈلىدۇ قىزىل گۈللەردە،
جاپاكەش ئانىلار بولسۇن سالامەت.

بالام دەپ قازاندا ئاشنى ساقلىغان،
ئاغرىساق چىدىماي كۆزنى ياشلىغان،
دەردىنى ياتلارغا ھەرگىز ئاچمىغان،
بىزنى دەپ ئۆزىنى ئوتقا تاشلىغان،
شۇ ئۇلۇغ ئانىلار بولسۇن سالامەت.

ئانىلار بىز ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئامەت،
ئانىسىز بۇ ھايات بىزلەرگە ئاپەت،
بالام دەپ كۆرگەن ئۇ نۇرغۇن كارامەت،
ئانىسىز جاھاندا بۇلار قىيامەت،
مېھرىبان ئانىلار بولسۇن سالامەت.

تۇرمۇشنىڭ غەملىرىنى قىلسا مالامەت،
تىز پۈكمەي ياشايدۇ مەغرۇر ئالامەت.
ئاتىلار ئۈچۈن ئۇ بۈيۈك ئامانەت،
قۇياشتەك دىللارنى يورۇتار ئەبەد،
قەھرىمان ئانىلار بولسۇن سالامەت.

(2020 -يىلى 9 -ماي)

## كۆز تەگكەن شەھەر

قەدىمدىن تىللاردا نامى بار شەھەر،
بىر تىمتاس سۈكۈتكە چۆكۈپتۇ بۈگۈن.
شوخ كۈلكە ئاۋازى ئۆچكەن بۇ يەردىن،
يولۋاسلار قەپەسكە قىلىندى سۈرگۈن.

تۆت كوچا ئېغىزىدا شامال ھۇۋلايدۇ،
مەشرەپلەر ساماسى ئۇچتى نەلەرگە.
گۇگۇمدا يىغلايدۇ غېرىب مەزلۇملار،
تەگدى كۆز ئۇزاقتىن ئۇشبۇ ئەللەرگە.

ھەقىقەت ئېگىلدى سۇنمايدۇ ئەمما،
يۈرەكلەر داغلاندى بىگۇناھ بەندە.
قاپقانلار بەك ھەيۋەت، ئاسمىنى كەڭ تور،
كىمنىڭدۇر باغرى قان جاراھەت تەندە.

تۇلپارلار يىقىلدى ھالسىز قەدەملەر،
تەۋرەشتىن توختىدى جانلىق قەلەملەر.
ھالىغا ۋاي شۇ تاپ باي ھەم گادايىنىڭ،
دىللارغا قان زەرداب پاتقان ئەلەملەر.

باشلىرى ئىگىلگەن ،تىللار سۆزلىمەس،
يۈرەكتە قان يىغلار ئاق كۆڭۈل ئاۋام.
ھۆرلۈكنىڭ كۆزىگە قادالدى خەنجەر،
شۇ سەۋەب شەھەردە قۇترايدۇ قاۋان.

بىر قارا كېچىگە ئايلاندى زېمىن،
تۇماننىڭ قوينىدا قالغاندەك سەھەر.
نەغمە ھەم ناۋاغا رايى يوق ئەسلا،
نىجاتلىق قۇياشى كۈتكەن بۇ شەھەر!

(2018 - يىلى 5 - يانۋار)

## ئەلەم دېغى

قارلار ياغدى زېمىننى قاپلاپ،
يالغۇز قالدى بوۋاي- مومايلار.
ئوتۇن كەسلەپ بىرەر يىگىت يوق،
قارانچۇقسىز چارۋا ھەم ماللار.

تۇل خوتۇنلار ئوتۇن كەسلەيدۇ،
ياردەمگە زەپ بولىدۇ موھتاج.
ئاڭلىمايدۇ ھېچكىم ئاھىنى،
ياندا يوقتۇر ھەمراھقا يولداش.

خامانلاردا ھۆل بولدى ئاشلىق،
ئۇسۇپ ئالار يىگىتلەر نەدە.
ئانا ئېغىر بىتاپ بولسىمۇ،
ئوغلى ئۇنىڭ بۈگۈن قەيەردە؟

كۆڭلى سولغۇن ئاۋۇ بالىنىڭ،
دادام نېچۈن كەلمەيدۇ دەيدۇ.
كېچىلەردە ئويغۇنۇپ ھەر كىم،
ئەركەكلەرنىڭ غېمىنى يەيدۇ.

ئاڭلىمايدۇ قۇلاقلار گاس پاڭ،
دېھقان غەمدە كۆزلىرى نەمدە.
تىرىك تۇرۇپ دىدارلارغا زار،
بۈگۈن ئەلنىڭ باغرى ئەلەمدە...

(2017 - يىلى 20 - دېكابىر، ئامېرىكا )

# ئازارلاما غۇنچىنى كۆڭۈل

بەستانى يازگام (تۈركىيە)

خۇشال ياشا گۈلشەنلەر ئارا،
ئازارلىما غۇنچىنى كۆڭۈل.
بىر-يېرىمتال مېۋە قەستىدە،
ئازارلاما شېخىنى كۆڭۈل.

نېسۋىسىز قالما سۆيگىدىن،
ئىشچان بولكى تاپ بولما كۆڭۈل.
سۆيگەنلەرگە بولمىغىن تىكەن،
ئازارلاما گۈللەرنى كۆڭۈل.

تاقاشسىمۇ بېشىڭ ئاسمانغا،
كۆزۈڭ نۇرى يەتسىمۇ ھەرجايغا.
كىبىر بىلەن غادىيىپ يۈرۈپ،
ئازارلاما يوللارنى كۆڭۈل.

رەھمان بەرسە چېكىڭدىن ئاشما،
ئالغىنىڭدا زارلاپ قاقشىما.
ئىس قويىدى دەپ ئوچاقنى بۇزۇپ،
ئازارلاما كۈللەرنى كۆڭۈل.

غەيرىتىڭگە توسقۇنلۇق قىلما،
ھېكمىتىڭگە ئاقىللىق قىلما.
ياراتقانىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن،
ئازارلاما قۇللارنى كۆڭۈل.

تۈركچىدىن تاھىر تاشقىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان

# قولۇمنى تۇت

ئابدۇرەھىم كاراكوچ (تۈركىيە)

پىلىسراتتىن ئىنچىكە سەۋدا كۆۋرۈكى،
ئۆتەيلى بىز باراۋەر تۇت قوللىرىمنى.
نىيەت ئاق كەپتەر، ۋىسال كۆك ئاسمان.
ئۇچايلى بىز باراۋەر تۇت قوللىرىمنى.

كۆڭۈلدىكى بىرلىك قالقاندۇر سىرتقا،
ئالدىرىما قىيداشقا، گازغا شامالغا.
كېتىپ قالغان باھارغا ئەتىكى قىشقا،
كۆچەيلى بىز باراۋەر تۇت قوللىرىمنى.

بىرلىشش ئالدىدا سۈبھى ۋە شەپەق،
ھەر ياندادۇر بۇ ئۆلۈم سۈرئىتى بەرق.
خالاپ قالسا بۇ كۆڭۈل زەھەر يا ئەرەق،
ئىچەيلى بىز باراۋەر تۇت قوللىرىمنى.

چاقىرغىن خىياللارنىڭ ئەڭ نېرىسىنى،
يېقىندىن ئاڭلايسەن ئاشىق تىۋىشىنى.
ئەبەدىلئەبەد بەختىنىڭ دېرىزىسىنى،
كەل باراۋەر ئاچايلى تۇت قوللىرىمنى.

خاتىرلاكى ئۇنۇتقان گۈزەل كۈنلەرنى،
ئالماستىنمۇ جۇلالىق ئۆتكەن تۈنلەرنى.
دەۋر داشقاللىرىدىن ئايرىپ ئۇلارنى،
كەل باراۋەر تاللايلى تۇت قوللىرىمنى.

شۈبھە باشلانمىشتۇر قارار ناھايەت،
زامانىي-زامانغا قىلما شىكايەت.
قۇتۇلۇش دېسەڭ قېچىشنى شايەت،
كەل باراۋەر قاچايلى تۇت قوللىرىمنى.

تۈركچىدىن تاھىر تاشقىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان

# شېئىرلار

ئالىمجان مەتقاسىم (غەمناكى)

## يېڭى تاۋۇسئەللەيىن

مۆكچىيىپ ماڭغان كىم؟
تاشلاپ ئۆزىنى يېڭى ئىراغا.
قەدەم باسار شۈنچىلىك ئېغىر،
دەردىتىن ئاچچىق دەردلىك دۇنياغا.

تۇتاش كەتكەن شەپەق نۇرىدا،
بارا -بارا بىرلەشتى سايە.
مەن ئۆزۈمنى كۆردۈم كېچىدە،
كۆرەلمىدىم قۇياش بار يەردە.

بوياپ چىقتىم رەڭگىمنى قارا،
رەڭدىن بەتتەر قەلبىمدۇر قارا.

## مەن ئۆزۈمنىڭ زۇلـمەت كېچىسى

ئايسىز بىر كېچە
يولىدىن ئاداشقان بىر زىندىق بەندە.
قۇچاقلاپ ماڭىدۇ ئۆزىدىكى چەكسىز
تەنھالىقنى
هەم قورقۇپ ئۆزىنىڭ كۆلەڭگۈسىدىن

سەنسىز بىر كېچە
يۇلتۇزغا هەمراھ بىر ئاسىي بەندە.
ئېغىر تاشلاپ قەدەملىرىنى
يىغلاپ يۈرەر قولىدا تەقدىر

جىمجىت بىر كېچە
سامالارغا مەهكۇم بىر بەندە.
ئىزدەپ غۇۋا مەۋجۇتلۇقىنى
ئۇچۇپ يۈرەر قاناتلىرى قان

زۇلـمەت بىر كېچە
قارچۇقلاردا قاتقان بىر بەندە.
چوقۇپ ئۆزىنىڭ مەۋھۇم تېنىنى
قۇربان قىلـماقچى غېرىب ۋەتەنگە.

## مەن ۋە تام

مۇدھىش قاراڭغۇ
ئۆزىگە تىكىلگەن مەن بىچارە.
كۆزلىرىمدە پىچىرلىغان سۈرەت
سۆزلەپ بىرەر تامغا هېكايە.

زىناقلىرىم هۆلمۇ بىلمىدىم،
يول-يول ئېقىن كەتكەن يۈرەككە.
هېچكىمگىمۇ مەنسۇپ بولمىغان
قەلبىم مېنىڭ تەسەددۇق كىمگە؟

قوللىرىم مۇز،ياشلىرىم مۆلدۈر،
ئاقار زۇلمەت ئىچىدە ماڭا.
يۇلتۇزلاردا يۈزۈمنى يۇيۇپ،
كىرىپ كېتىمەن شۇ گۈزەل تاڭغا.

## كىم سەن ؟

ئۈمىدمۇ يوق ئاشىقلىقىڭغا،
هېچ نۇرمۇ يوق قارا زۇلمەتكە.
پەرىشانمۇ قەلبىڭ هەر زامان،
ئاچچىق هەسرەت جاندىن ئۆتكەچكە.

بىر تاڭمۇ سەن غەمكىن دىللارغا،
ئاتەشمۇ سەن ياكى بىر چىنار.
زادى كىم سەن ئېيە،نازىنىن يار؟
شۇ سۈبھىگە بۇنچە ئىنتىزار.

قارمۇ سەن يا ئايئاق دىللارغا،
شەبنەممۇ سەن ئاھۇ كۆزلەرگە؟
زىناقمۇ سەن قىزنىڭ يۈزىدە،
ياكى تامچە بىر مەسۇم باهار.

زادى كىم سەن يۇلتۇزۇم مېنىڭ،
ئايمۇ هەم سەن،قۇياشىم هەمدە.
بىر هىلال سەن،بىر كۆپكۆك ئاسمان،
ياكى تەندە ئېچىلغان غۇنچە.

زادى كىم سەن مەهزۇن بىناۋا،
زادى كىم سەن قان رەڭگى تۇپراق.
گۈل بەرگىدە تىترىگەن كۆڭۈل،
خازان بولغان ئاخىرقى ياپراق.

بۇلبۇلمۇ سەن ئۆلگەن بىۋاپا،
ياكى گۈلگە قونغان كېپىنەك .
يا قەلبىمگە كۆمۈلگەن قەبرە،
يا مەڭگۈگە ئاشىق بىر يۈرەك.

## مەسۇم يالغان

ئاھ,سېنىڭ قەدەر مەسۇم بولالمىدىم
هەم سېنىڭ قەدەر ۋەهشىي ۋە يالغان.
بىر چۈشنىڭ ئىچىدە بىناۋا ئىدىم،
قەلبىمگە ئۆزۈممۇ تىرىك قامالغان.

ئاھ,سېنىڭدەك مەسۇم بولالمىدىم
گۈل بەرگىدە تىترىگەن ياشتەك.
مەن ئاسىي ئۆزۈمگە تىغ كۆتۈردۈم،
يۇمران كۆڭلۈمنى قىلىپ بىر تاشتەك.

هەممىنى كۆرمەستىن ئۆتەلەيتتىم،
ۋە بولالايتتىم تاتلىق بىر يالغان.
يىللار كۆزۈمدىن بىر غۇنچە ئۈزدى
هەم قويدى ئىسمىنى چىرايلىق هىجران.

## سېغىنىش

روهىمدىكى ئۈنسىز بىر غوۋغا،
مۇجۇپ مېنى قىينايدۇ هەر كۈن.
سېغىنىشنىڭ ئاچچىق ئەلىمى،
ئىسيان قىلار كۆزۈمدە هەر تۈن.

پىغانىمدا ئۈزۈپ يۈرگەن ئاي،
قىسمىتىمنى يورۇتمايدۇ هېچ.
مىسكىن دىلغا چۈشكەن شۇ ياپراق
كۆز ياشلاردا ئېقىپ يۈرەر تىنچ .

قاپقاراڭغۇ غېرىب خانەمدە،
يۈرۈكىمنى يامايمەن جىمجىت.
مەڭزىمدىكى دەريالار ئارا،
پىچىرلىشىپ كېلىدۇ ئۈمىد.

# ئىككى شېئىر

ئىمران سادائىي (تۈركىيە)

## يۇرتۇم قالدى

مەن چوڭ بولدۇم،يۇرتۇم قالدى،
قارلىق،مۇزلۇق تاغلار قالدى،
چىمەنزارلىق باغلار قالدى،
يۈرەك - باغرىم شۇ يەردە قالدى.

يۇرتۇمنىڭ شەھەرلىرىدە،
يېزامنىڭ ئۆستەڭلىرىدە،
ئاياغ باسقان يەرلىرىمدە،
يۈرەك باغرىم شۇ يەردە قالدى.

ئېگىز تاغنىڭ تۆپىسىدە،
نۇر كۆرمىگەن ئۆڭكۈرىدە،
شېئىر يازدىم سايىسىدە،
يۈرەك - باغرىم شۇ يەردە قالدى.

جىمجىت ئايدىڭ كېچىلەردە،
يۇلتۇزلارنى ساناپ كۆكتە،
يارالتتۇق دوستلار بىلەن بىرلىكتە،
يۈرەك - باغرىم شۇ يەردە قالدى.

كۆكسىگە بايراق لەپىلدەر،
«ھەق» نىڭ بۆركۈتلىرى قەيسەر،
كەتكىنىمدە ياشلاپ كۆزلەر،
جانجىگىرىم دوستلار قالدى.

يۇرتۇم شەرقى تۈركىستاندا،
قالدى بەختىم،قالدى تەختىم.
مىنىڭ بوستان ماكانىمدا،
يۈرەك - باغرىم شۇ يەردە قالدى.

تۈركچىدىن خەندان ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (تۈركىيە)

## تۈنۈگۈندىن قالغانلار

شامال‌لار قېرىماس پوچتىكەش
ئەسلىمىلەر توشۇيدۇ مەڭگۈ
كۆڭۈل تارىغا بولۇپ تەڭكەش.
تەلپۈنگەن كۆزلەر دائىم نىسپىسىز
قالمايدۇ دەيمەن تەن بەرمەي
چۈنكى ئۈمۈتلەر مەۋج ئۇرىدۇ
ياساپ ئەبەدىي ئۆركەش .

خىيال‌لار ھارماس ھارۋىكەش
كەچمىشىنىڭ قارا ئوتتۇنلىرىنى كۆيدۈرۈپ
كەلگۈسىگە پەقەتلا كۈلنى توشۇيدۇ.
دېھقانلار سامان دەپ سورىيدۇ خۇشال كالللىسىدا
ھېچكىشى بىلمەيدۇ بىر بالا
كۈلگەندە نېچۈك باقىدۇ قىيا
ئۇھسىنغاندا پىنھان
كۆزلەر نېمىشقا ئاسماندا؟

# قەلبىم قورۇلۇپ قاپتۇ

بۈلۈت

قەلبىم قورۇلۇپ قاپتۇ،
بىر يۇتۇم دەرد،
ئىككى تامچە ياشمۇ سىڭمەيدۇ.
پاراققىدە كۈلۈپ قويساممۇ،
چىڭقىلىپ ئاغرىيدۇ.
بۇرۇنقىدەك،
كۆتۈرۈشچان، «ئىشتىھالىق» كۈنلەرنى
تاپقىلى بولمايدۇ.

ھايات ئۇستام، شۇڭا ئەمدى
ئازراق سالغىن دورا- دەرمەكنى،
ئاچچىقلىرىڭ تىلنى يارغۇدەك
گالدىن ئۆتمەيدۇ،
پەقەت ئۆتمەيدۇ!
ئاز يەپ ئاسان تىرىل دەپ،
ئارتۇقنى كۆڭۈل تارتمايدۇ.

2017 - يىلى 5 -ئاينىڭ 4 - كۈنى

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە مەسىلىلەر*

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت (شىۋېتسىيە)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئۇيغۇرلار تارىختا ئۆزىگە خاس ئىسىم - فامىلىگە ئىگە مىللەت بولسىمۇ، ئەمما قاراخانىيلاردىن باشلانغان تىل - يېزىقنىڭ ئەرەبلىشىش ھادىسىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسىدە ئاز بولمىغان ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر ئاخىر ھېسابتا ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلىسىز قېلىشى بىلەن نەتىجىلەندى. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ ئاندىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىشقا، تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. گەرچە بۇ جەرياندا بىر قىسىم نەتىجىلەر قولغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم-فامىلە سىستېمىسىدا يەنىلا ئاز بولمىغان مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بىز بۇ ماقالىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم فامىلىسىدا نېگىزلىك ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەر ھەققىدە ئانالىز يۈرگۈزدۇق.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئىسىم -فامىلە، ئۇيغۇرلار، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ھەققىدىكى ئويلىنىش ۋە تەتقىقاتلار 80 - يىللاردىن كېيىن باشلاندى دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىدىن ئىلگىرى بۇ ھەققىدە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغانلىقىغا دائىر ھېچقانداق يازما مەنبەلەرگە ئىگە ئەمەسمىز. مۇتەللىپ سىدىق قاھىرىنىڭ1992 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى» ناملىق كىتابى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلە تەتقىقاتىدا تاشلانغان تۇنجى قەدەم دېيىشكە بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىسىم ۋە فامىلە ھەققىدە ئويلىنىش، باش قاتۇرۇش ۋە ئىزدىنىشلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار مەخسۇس مۇشۇ ساھە بويىچە ئىزدىنىپ، بىر قىسىم ئىلمىي ئەمگەكلەرنى ياراتتى. «ئىسىمنى قانداق قويۇش كېرەك»، «ئىسىم قويۇش قوللانمىسى»، «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى»، «ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇرلاردا فامىلە»، «ئۇيغۇر ئىسىم - فامىلىلىرى»، «خەزىنىلەر ئاچقۇچى»، «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى قامۇسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر قىلىنىشى دەل ئاشۇ ئىلمىي ئەمگەكلەرنىڭ جەۋھەرلىرىدۇر.

بۇ ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بۇ ساھەدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرغاندەك قىلسىمۇ ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلە سىستېمىسىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئاجىز ئىدى. بۇنىڭغا يەنە بۇيرۇق خاراكتېرلىك مەمۇرىي ھۆججەتلەرمۇ كېرەك ئىدى. بۇ شەخسلەرنىڭ تەتقىقاتى ئاساسىدا تەييارلانغان كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تەكلىپ لايىھەلىرىگە موھتاج بولاتتى. گەرچە بۇ خىزمەتلەر 1986 - يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئورنىدىكى ئىبراھىم مۇتىئى، ئېلى ئابىت، مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئامىنە غاپپار، غەنىزات غەيۇرانى، ئابلىز ياقۇپ، ئابدۇرېشىت سابىت، پەرھات جىلان قاتارلىق بىر قىسىم ئىلمىي خادىملارنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە تۆمۈر داۋامەت، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق رەئىسلەرنىڭ قوللىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىزمەتلەرنىڭ ئاخىرى چىقمىدى. بۇ خىزمەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم-فامىلىلىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى ۋە تەلەپپۇزى دەسلەپكى قەدەمدە قېلىپلاشتۇرۇلغان «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى قائىدىسى قوللانمىسى» ناملىق كىتاب نەشرىدىن چىققان بولدى. بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى گەرچە ئۇيغۇرلار ھازىر ئىشلىتىۋاتقان ئىسىم فامىلىلىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى ۋە تەلەپپۇزىدىكى قىسمەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلغان بولسىمۇ لېكىن تەلەپتىن بەكلا يىراق ئىدى. بۇنىڭ يەنە ئۆزىگە تېگىشلىك بىرقىسىم ئەگەشمە كېسەللىكلىرى بار ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلىلىرىدىكى مەسىلىلەرنى مەيلى ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتى نۇقتىسىدىن كۆزەتەيلى، مەيلى ئىلمىي تەتقىقات ۋە شەخسلەرنىڭ ئىستەكلىرى نۇقتىسىدىن كۆزەتەيلى يەنىلا كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان بىر تالاي مەسىلىلەر دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يەنىلا ئالدىمىزدىكى مۇھىم ۋە ۋەزىپە ۋە بۇرۇچلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتىدىن شەرھلىيەلىشكە بولىدۇ.

(1) ھازىرغىچە ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلە نامى قوللىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك بۇيرۇق خاراكتېرلىك ھۆججەت چۈشمىدى. ئەلۋەتتە بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلە نامى قوللىنىشنى قانۇنىي ئاساسقا ئىگە قىلىدىغان ۋە مەجبۇرىي ئىجرا قىلىنىدىغان يولدۇر. ئەمما بۇ ئانچە ئاسانغا چۈشمەيدۇ، داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە،

* ئاپتورنىڭ «ئانامنىڭ ئەسلىمىلىرى» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىدىن ئېلىندى.

بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن بۇ يەردە بىر مەسىلىنى تەكىتلەش زۆرۈركى، تېخى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا فامىلىنىڭ ئىسمىنىڭ قەيەرىدە بولۇشى كېرەكلىكى ۋە ئاتىسىنىڭ نامىنى ئېلىش ياكى ئالماسلىقى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن بىر كۆز قاراش يوق. بەزىلەر «فامىلە نام كىشى ئىسمىنىڭ بېشىدا كېلىش كېرەك» دېسە، بەزىلەر «كىشى ئىسمى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئىسمىنىڭ ئارىسىدا كېلىش كېرەك» دەيدۇ، يەنە بەزىلەر «كىشى ئىسمى، ئاتىسىنىڭ ئىسمى، فامىلە نامى شەكلىدە بولۇشى كېرەك» دەيدۇ. ھازىر زىيالىيلار قاتلىمىدا بىر قەدەر ئومۇملاشقىنى كىشى ئىسمى، ئاتىسىنىڭ ئىسمى، فامىلە نامى شەكلىدۇر. مېنىڭچە «كىشى ئىسمى، فامىلە نام شەكلى» بىر قەدەر مۇۋاپىق دەپ قارايمەن، بۇ شەكىل خەلقئارادا بىرقەدەر ئومۇملاشقان شەكىلدۇر.

(2) ئۇيغۇرلاردا ئومۇميۈزلۈك فامىلە نامى قوللىنىش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش ۋە زۆرۈرىيەتى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. «ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش قەدىمدىن تارتىپ ‹ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىي مىللەتلىرىدىن› دەپ تونۇلۇپ كېلىۋاتقان بىر مىللەت ئەزالىرىنىڭ مۇشۇنداق فامىلىسىز كېتىۋېرىشى، بىر تەرەپتىن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسىگە خىلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ قاتارىدا ئىسىم - نەسەبلىك بىر مەدەنىي مىللەت بولۇشىمىزغىمۇ نۇقسان يەتكۈزىدۇ»[1]. ئەلۋەتتە بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىمۇ يەنە نۇرغۇن مۈشكۈلاتلار بار. ھازىرقى رېئاللىقىمىزدا قوللىنىۋاتقان بولغان فامىلە نامىمىزنى قانۇنلۇق ھۆججەتلەرگە ياپدۇرۇشىمىز قىيىن، ئەمما بۇنى يېڭىدىن تۇغۇلغان باللىرىمىزدىن باشلىساق بىر قەدەر ئاسان بولۇشى مۇمكىن.

(3) كىملىك، پاسپورت، دىپلوم ۋە باشقا قانۇنىي ھۆججەتلەردىكى ئىسىم - فامىلىلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسى. بۇ ئىككى نۇقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىرى خىتاي تىل - يېزىقىدا قېلىپلاشتۇرۇش، يەنە بىرى لاتىن يېزىقىدا قېلىپلاشتۇرۇش. مەن 2003 - يىلى چەتئەلگە چىققىچە بولغان ئارىلىقتا مېنىڭ ئىسمىمنىڭ خىتايچە يېزىلىشى تۆۋەندىكىدەك شەكىللەردە بولدى.

阿布都许库尔. 买买提库尔班
阿不都西库尔. 买买提
阿布都. 西库
阿布都旭库尔. 买买提
阿布都苏库尔. 买卖提
买卖提. 阿不都苏库尔

گەرچە 2002 - يىلى «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى قائىدىسى قوللانمىسى» ناملىق كىتاب نەشر قىلىنىپ، بۇنىڭدىكى بەزى مەسىلىلەر ھەل قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن پاسپورتتىكى ئىسىم - فامىلە ئورنىنىڭ ئالمىشىپ قېلىشى، ئۇيغۇرچىدىكى ئوخشاش بىر تاۋۇشنىڭ خىتايچىدا ئوخشىمىغان ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلىنىشى ۋە «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى قائىدىسى قوللانمىسى» دا بولمىغان ئىسىملارنىڭ تىزىمغا ئېلىنماسلىقى قاتارلىق يەنە بىر قاتار مەسىلىلەر ساقلانماقتا. ھازىر ياۋروپادا نۇرغۇن ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرى توختىي، مەيمەيتىي، يىبۇلايمۇ دېگەندەك ئىسىملار بىلەن چاقىرىلماقتا.

ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ پاسپورت، كىملىك، دىپلوم ۋە باشقا قانۇنىي ھۆججەتلىرىگە خىتايچە ئىسىملار بىلەن تەڭ لاتىن يېزىقىدا ئىسىم - فامىلىرىنى يېزىشى زۆرۈر ئىدى. بۇنداق بولغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلىرىنىڭ خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەردە توغرا ئاتىلىشىغا مۇمكىن بولاتتى. لېكىن بىزدە ھازىرغىچە ئۇيغۇرچە تىل تاۋۇشلارنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بىرەر لاتىن ھەرپى لايىھەمىز يوق. تۈركچە ھەرپلەرمۇ تولۇق ئىپادىلەپ بېرىشكە قادىر ئەمەس. ھەتتا تۈركچە چىقىدىغان گېزىت - ژۇرناللاردىمۇ ئۇيغۇر ئاپتورلارنىڭ ئىسىم - فامىلىلىرى خىتايچە پىنيىن بويىچە يېزىلىۋاتىدۇ. بىزدە ئالدى بىلەن بۇ مەسىلە ھەل بولماي تۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ئۇيغۇرلارنىڭ لاتىن يېزىقىدىكى ئىسىم - فامىلىسىنى خەنزۇچە ئىسىملار بىلەن پاراللېل يېزىش تەكلىپىنى بېرىشىمۇ قىيىن بولىدۇ.

(4) ئىسىم - فامىلىلەردىكى مىللىي تۈسنىڭ ئاجىزلىقى. ئىسىم - فامىلىنىڭ تاللىنىشى ۋە قويۇلۇشى شەخسنىڭ ئىرادىسى ۋە تاللىشىغا باغلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ قانداق شەكىلدە ئىپادىلىنىشى يەنىلا ئۆزى تەۋە بولغان توپلۇقنىڭ مىللىي تۈس ۋە خاسلىقىغا تەۋە بولىدۇ. بولۇپمۇ بۇ ھادىسە ياۋروپا مىللەتلىرى بىلەن تۈركىيە تۈركلىرىدە ئالاھىدە گەۋدىلىكتۇر. گېزىت - ژۇرناللاردىن ۋە تېلېۋىزور قاتارلىق تاراتقۇلاردىن بىرەر ئادەمنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى كۆرسەك ئۇنىڭ شىۋېت ياكى تۈرك ئىكەنلىكىنى ياكى ھېچ بولمىسا تۈركىيەلىك ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئىسىم - فامىلىرىدە ئىپادىلەنگەن قويۇق مىللىي تۈسنىڭ بىزگە بەرگەن ئۇچۇرىدۇر.

«ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، كىشى ئىسىملىرىدە بىر قەدەر زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، بۇرۇنقى شامان دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنىغا خاس ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئورنىنى ئىسلامىيەتكە خاس بولغان ياكى ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەرەبچە ياكى پارسچە ئىسىملار ئىگەللىدى. بارا- بارا مۇنداق ئىسلامىي ئىسىملار ھەتتا بىر قىسىم ئەسلى ئۇيغۇرچە بولغان ئىسىملارنىمۇ سىقىپ چىقاردى.

ھازىرقى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى ئەنە شۇنداق ئىسلام دىنى تەسىرىدە پەيدا بولغان ئىسىملاردىن ئىبارەت»[2].

دېمەك «كۈنىمىزدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈرك تىللىق خەلقلەردىن ئۇيغۇر، ئۆزبېك، ئەزەربەيجان، تۈركىيە تۈركلىرى (جۇمھۇرىيەتنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە

1 . ئىبراھىم مۇتئىي، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى ۋە تىلى ھەققىدە، 654 - بەت.
2 . ئىبراھىم مۇتئىي، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى ۋە تىلى ھەققىدە، 647 -بەت.

بولغان دەۋردە)، بالقان تۈركلىرى ۋە ئىران، ئىراق، سۈرىيە تۈركمەنلىرىدە ئەرەبچە - پارسچە ئىسىملارنىڭ نىسبىتى ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىدىن، ئۇلارنىڭ تۈرك تىللىق مىللەتكە مەنسۇپلىقىنى بايقاش ناھايىتى تەس ئىدى. لېكىن قىپچاق تۈركلىرىنىڭ كىشى ئىسىملىرى (قازاق، قىرغىز، تاتار، باشقۇرت، نوغاي، قاراچاي) يۇقىرىقى ئوغۇز تۈركلىرى ۋە ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن تۈركچە ئۆزگىچىلىكىنى مۇھاپىزەت قىلغان.»[3].

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئىشەنگەن مىڭ يىلدىن بۇيان گەرچە ئەرەب، پارس تىللىرىدىن نۇرغۇن ئىسىملارنى ۋە سۆزلۈكلەرنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىسىملارنى تەدرىجىي ھالدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇندۇرۇپ، تەلەپپۇزىغا ماسلاشتۇرۇپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىخچاملاپ باردى. بۈگۈنكى كۈندە ئىسىم - فامىلىلىرىمىزدە قوللىنىلىۋاتقان نۇرغۇن ئىسىملار ئەسلىدىكى ئەرەبچە ۋە پارسچە ئىسىملاردىن كۆپ ئىخچاملانغان ۋە ئۆزگەرگەندۇر. بۇ خىل ئىخچاملاشلار مەلۇم بىر كۈچنىڭ پىلانلىشى ياكى مەجبۇرلىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ئىرادىسى، تاللىشى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەبىئىي راۋاجى بىلەن شەكىللەنگەندۇر. مەسىلەن: مەمەت، سەمەت، ئابلا، ھېمىت ،خەمىت، ئابلەت، رىشىت، مىنەۋەر، پەرىدە، زۇلپىيە، مەتسەيدى قاتارلىقلار.

بۇ خىل باشقا مىللەتلەردىن كىرگەن ئىسىم ۋە سۆزلەرنى ئۆز تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىش ۋە ئىخچاملاش پەقەت ئۇيغۇر تىلىغا خاس ھادىسە بولماستىن، ھەممە مىللەتلەردە ئۇچرايدىغان ئورتاق ھادىسەدۇر. مەسىلەن:

محمد (ئەرەبچە )
مۇھەممەد (ئەرەبچىنىڭ ئۇيغۇرچە يېزىلىشى)
مۇھەممەت (ئەرەبچىنىڭ يەنە بىر خىل ئۇيغۇرچە يېزىلىشى)
مەمەت (ئۇيغۇرچە)
مەتتوختى (ئۇيغۇرچە)
مەھمەت (تۈركچە)
مۇخامېت ( قازاقچە)
مۇھاممۇدا (بېنگال )
مۇخاماد (ئىنگلىزچە ، شۋېتچە )
穆罕默德 (خىتايچە)
ماخوما (ئىسپانچە)

دېمەك، ئىسىملاردىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر ئاشۇ تىللارغا تەۋە بولغان فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلەر تەرىپىدىن بەلگىلەنگەندۇر.

بىز بۈگۈن ئىشلىتىلىۋاتقان ئىخچاملانغان ۋە ئۆزگەرگەن ئىسىملىرىمىزدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى، ئۇيغۇر تىلى شەكىللەندۈرگەن مەدەنىيەتنىڭ روشەن ئالامەتلىرىنى كۆرەلەيمىز. ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر قىسىم كىشىلەر، ھەتتا ئوقۇغان زىيالىي قاتلامدىكى بىر قىسىم بىلىم ئىگىلىرىمۇ ئىسىملىرىنىڭ ئەسلى ھالىتىگە قايتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلماقتا ھەم نەچچە ئون يىللاردىن بېرى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئىسىم فامىلىسىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىپ ئەسلىدىكى ئىخچام ئىسىملىرىنى ئۇزارتىپ، مىللىي خاسلىقتىن يىراقلاشتۇرماقتا. مەسىلەن:

خەمىت رىشىت (ئەسلىدە ئىشلەتكىنى)
ئابدۇلھەمىد ئابدۇرەشىد ( ئەسلىگە قايتۇرغىنى)
غوپۇر ئابلا (ئەسلىدە ئىشلەتكىنى)
ئابدۇغوپۇر ئابدۇللاھ ( ئەسلىگە قايتۇرغىنى)
جاپپار مىجىت (ئەسلىدە ئىشلەتكىنى)
ئابدۇلجەببار ئابدۇلمەجىد ( ئەسلىگە قايتۇرغىنى)

ئەگەر مىسال ئالساق بۇنداق مىساللارنى تۈركۈملەپ كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن. كېيىپ ئېيتىشقا بولۇدىكى ئەسلىگە قايتۇرغان بۇ ئىسىملاردىن بىز بۇ ئىسىملارغا تەۋە كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالمايمىز ھەم ئۇيغۇرلۇقىغا ئىشەنمەيمىز. مېنىڭ تەشەببۇسۇم، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىگە ماس كەلگەن ئىخچاملانغان ئىسىملارنى ساقلاپ قېلىش.

(5) ئىسىم - فامىلەرنىڭ ئىملاسىدا ساقلانغان مەسىلىلەر. ئۇيغۇرلار ھازىر قوللىنىلىۋاتقان ئىسىم - فامىلىلىرىنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم ئىسىملارنىڭ بىرقانچە ۋارىيانتلىرى بولۇپ، ئېغىز تىلىدا قانداق ئېيتىلغان بولسا يېزىق تىلىدىمۇ شۇنداق يېزىلىۋاتىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە پەقەت ئىملا جەھەتتىكى خاتالىقلار بولۇپ، ئۇنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىسىم - فامىلىلىرىمىزنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ تەقەززاسىدۇر. مەسىلەن:

ئىبراھىم، ئىبرايىم، ئورايىم
ھىمىت، يىمىت
ئابدۇراخمان، ئابدۇرەھمان
ئابدۇرەھىم، ئابدۇرېھىم
سەلىم ،سېلىم
تۇرسۇنگۈل،تۇسۇنگۈل

(6) ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلىلىرىدىكى «ف» تاۋۇشىنىڭ ئاكسىز ھالدا قايتۇرۇلۇپ كېلىنىش مەسىلىسى. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان قاراخانىيلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەب يېزىقىنى تەڭ ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ئەمما كېيىنچە پۈتۈنلەي ئەرەبچە ھەرپلەرگە كۆچۈپ كەتتى. چاغاتاي تىلى دەۋرىدە قاراخانىيلاردىن قالغان ئەرەبچە ھەرپلەر بىرقانچە قېتىملىق ئىسلاھات ۋە ئۆزگەرتىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئەرەبچە تىل تاۋۇشى ۋە ھەرپلەرنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىدى. 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن، بولۇپمۇ 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلى باشتىن كەچۈرگەن تەرەققىياتلار ئۇيغۇر تىل- يېزىقىنىڭ ھازىرقى

3 . ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق، تۈركلەر ۋە كۈنىمىز ئۇيغۇرلىرىدىكى كىشى ئىسىملىرى ئۈستىدە تەتقىقات).

هالىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ جەرياندا ئەسلىدىنلا ئۇيغۇر تىلىغا تەۋە بولمىغان «ف» ھەرپىگە ئوخشاش بىر قىسىم ھەرپلەر ئۇيغۇر تىلىدا ناھايىتى كەمدىن - كەم سۆز تەركىبىگە كىرگۈزۈلىدىغان بولدى. شۇڭا 80 - يىللاردىن باشلاپ نەشر قىلىنغان كىلاسسىك ئەسەرلەردە ئۇچرايدىغان ئادەم ئىسىملىرىدىكى «ف» ھەرپىنى «پ» ھەرپى بىلەن ئىپادىلەپ، نەشر قىلغانىدى. گەرچە بۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن بولسىمۇ، ئەمما ئىلمىيلىك نۇقتىسىدىن تەتقىقات پرىنسىپلىرىغا ئانچە ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. بۇ نۇقتىنى نەزەرگە ئالغان تەتقىقاتچىلىرىمىز يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بىرى كىلاسسىك ئەسەرلەردە كىشى ئىسىملىرى قانداق يېزىلغان بولسا شۇ بويىچە ئىشلىتىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرغا قويدى ۋە شۇ بويىچە بىر قىسىم ئىسىملارنى ئۆزگەرتىپ نەشر قىلغان بولدى.

بۇنىڭ تىپىك مىساللىرىنىڭ بىرى «يۈسۈپ خاس ھاجىپ» نامىنىڭ «يۈسۈف خاس ھاجىپ» قىلىپ ئۆزگەرتىلىشىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئەمما بۇ ھازىرقى دەۋرىدە، ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى مۇھىتىدا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسىدىكى «پ» ھەرپىنى «ف» ھەرپىگە ئۆزگەرتىشلار دېگەنلىك ئەمەس ئىدى. كىلاسسىك ئەسەرلەردىكى ئىسىملارنىڭ ئەسلىگە سادىق بولۇش بىلەن ھازىرقى تىل مۇھىتىمىزدىكى ئىسىملارنى ئىشلىتىش ئوخشىمىغان باشقا- باشقا نەرسىلەردۇر.

بۇنداق مىساللار باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

شىۋىت تىلىدا ئۇچرايدىغان«Carl» دېگەن نام شىۋىتچە كىلاسسىك ئەسەرلەرنى نەشر قىلغاندا ئۆز پېتى ئېلىنسا، «كارل» ئىسىملىك ھازىرقى دەۋردە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىسمى ھازىرقى شىۋىت تىلىغا ماس ھالدا « Karl» دەپ يېزىلىدۇ.

بىزدىكى قىزىق مەسىلە شۇكى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىسمى «يۈسۈف» خاس ھاجىپقا ئۆزگىرىشى بىلەن ئىسىمىدا «پ» ھەرپى بار نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىز بىر كېچىدىلا ئىسىملىرىدىكى «پ» ھەرپىنى « ف» ھەرپىگە ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىپ يۈرۈشىدۇ. مەسىلەن:

يۈسۈپ - يۈسۈف،
پەرىدە-فەرىدە،
پەتتار-فەتتار،
پەرۇق-فەرۇق،
زۇلپىيە-زۇلفىيە،
پەرھات-فەرھات.
پەتىمە- فاتىمە (يەنە بەزىلەر: فاتىما)

مېنىڭچە بۇ ئانچە توغرا بولمىغان ھادىسە، بۇ مەسىلىنى ئۇيغۇر تىلىغا مەسئۇلىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ياخشىراق ئويلاپ بېقىشى كېرەك.

ئۇيغۇر تىلى پەيدا بولغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە نۇرغۇنلىغان تەرەققىيات جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈردى. بۇندىن كېيىنمۇ داۋاملىق تەرەققي قىلىدۇ. تىلنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرگە قولايسىزلىق ئەكېلىشنى مەقسەت قىلماستىن بەلكى قولايلىق بولۇشنى، راۋان بولۇشنى نىشان قىلىشى كېرەك.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم -فامىلىسىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ناھايىتى كۆپ، مەن بۇ يەردە پەقەت ئۆزۈم ھېس قىلغان بىرقانچە نېگىزلىك مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم.

## پايدىلانغان مەنبەلەر

1. ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى ۋە تىلى ھەققىدە، ئىبراھىم مۇتئىي، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2013 - يىلى 9 - ئاي، 1 - نەشرى.

2. ئۇيغۇرلاردا فامىلە، ئۇيغۇرلاردا نەسەبنامە، ئەنۋەر سەمەد غەربىي، شىنجاڭ خەق نەشرىياتى، 2002 - يىلى 12 - ئاي، 1 - نەشرى.

3. «تۈرۈكلەر ۋە كۈنىمىز ئۇيغۇرلىرىدىكى كىشى ئىسىملىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق. ئوكيان توردا ئېلان قىلىنغان.

*ئادەمگە كېسەللىك ۋە بىئاراملىق گاللىدىن كېلىدۇ، ئۇنىڭ دورىسى، داۋاسىمۇ گاللىدىن بولىدۇ.*

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى



# سىردىشىش!

(نەسر)

دىلفۇزا روزىېۋا (قازاقىستان)

**دىلفۇزا روزىېۋا** 1985 -يىلى ئۇيغۇر ناھىيەسىنىڭ كىچىك دىھقان يېزىسىدا تۇغۇلغان. 2014 - يىلى «باللار شېئىرىيتى: ئەنئەنىلەر ۋە گارمونىيە (قازاق، ئۇيغۇر ۋە ئىنگلىز ئەدەبىياتى ئاساسىدا)» ماۋزۇسىدا چەت ئەل فىلولوگىيەسى مۇتەخەسسىسلىكى بويىچە دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەنى ئۇتۇقلۇق پوتتۇروپ، پەن ساھەسى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان. باللىق دەۋرىدىن ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، «ياش ئەۋلاد»، «يېڭى ئەۋلاد»، «ئانا مەكتەپ»، «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتلىرىدە، «ئاخبارات » ۋە «مەرىپەت» قاتارلىق ژۇرناللىرىدا ھەر خىل تېمىلاردىكى ماقالە، شېئىر ، ھېكايىلىرى نەشر قىلىنغان. 2007 - دىن 2010 - يىلغىچە قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ جۇمھۇرىيەتلىك مەدەنىيەت مەركىزى يېنىدىكى ئىستۇدېنتلار بۆلۈمىنىڭ رەئىسى سوپىتىدە ياشلار مەسىلىلىرى بويىچە پائال خىزمەت قىلغان. شۇ يىللىرى «تىل»، «تاپقىر دوستار»، «سۆز مېرگېن» قاتارلىق تېلېپروگراممىلىرىغا ئۇيغۇر ياشلىرىغا ۋاكالىتەن قاتناشقان. ھازىر چەت ئەل فىلولوگىيەسى نۇتۇق تەجرىبىسى كافېدراسىنىڭ يېتەكچىسى بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇ ئوتتۇزغا يېقىن ئىلمىي ماقالە، بىر مونوگرافىيە، ئۈچ كىتابنىڭ ئاپتورلار توپى ئىچىدە مۇئەللىپى. «ۋارىس» ئەدەبىي ئىجادىي بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى.



ئاپتورنىڭ دادىسى

دادا! قەدىرلىك دادا!

كۆپتىن كۈتكەن، ساغىنىپ ئىنتىزار بولۇپ كۆپ قېتىم ئارمان قىلغان، خۇشاللىقىم بىلەن سىرداشماقچىمەن. مەن phd دوكتورى بولدۇم. ياق، مەندىن كۆرە، سەن كۆپ ئارزۇلىغان ئۇتۇققا قول يەتكۈزدۇم . بۇ ئالدى بىلەن سېنىڭ، ئاپامنىڭ ۋە ماڭا ئۈمىد ئىشەنچ بىلەن قارىغان، ئىشەنگەن قېرىنداش، ئاكا-ھەدىلىرىم ۋە خەلقىمنىڭ ئۇتۇقى!

بىلەمسەن، كىچىكىمدىنلا ساڭا بار ياخشىلىقنى، ھەر بىر بالا ئاتا-ئانىغا كۆرسىتىشكە پەرز بولغان ئۇتۇق، خۇشاللىق ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇلارنى ھەدىيە قىلىشقا تىرىشتىم، چۈنكى ئاپام ئىككىڭلار بىز قىزلىرىڭلارغا بار ئۈمىد ئىشەنچ ، كۈچ-غەيرىتىڭلارنى بېغىشلىدىڭلار، بىزگە ھەر بىر بالا ئارمان قىلىدىغان ئىناق-ئىجىل ئائىلە، بەخت، كۈلكە، خۇشاللىققا تولغان باللىق چاغ بەردىڭلار.

سەن مىللەتپەرۋەر مەرىپەتچى بولۇپلا قالماي، ئۆمۈر بويى ئەدەبىيات ۋە ئىلىم ساھەسىنى چەكسىز

سۆيۈپ ئۆتتۈك، كۆپلىگەن تالانتلىق شائىر، ئالىم ۋە ياكى يازغۇچىلار بىلەن ئۈلپەت بولۇپ، ئۇلارنى بۆلەكچە ھۆرمەتلەپ ئۆتتۈك، «ئۇلۇغ بولساڭ كىچىك بول» دېگەن ئىبارىنى ئۆز ھاياتىڭدا ئۆمۈر بويى ئۈلگە كۆرسىتىپ ئۆتتۈڭ. مېھنەتكەش دېھقان، چېۋەر سەنئەتچى، ماھىر مېخانىزاتور، كەبى يېزا ئادەملىرىنىمۇ ئۆز ماقالىلىرىڭدا يورۇتتىڭ.

سەن تالانتلىق ئادەملەرگە خاس دىلىڭ تازا، ئاق كۆڭۈل ۋە روھىي دۇنيارىڭ نازۇك ئىنسان ئىدىڭ. يىللار ئۆتتى...، سەن بارلىقىڭنى، ياخشىلىق، ئۈمىد ۋە ئىشەنچىڭنى بىز پەرزەنتلىرىڭگە ۋە شاگىرتلىرىڭغا ئاتىدىڭ،بەكمۇ كۆيۈمچان قېرىنداش ئىدىڭ قولۇڭدىن كەلگىچە ھەر بىرىگە قول ئۇچۇڭنى بېرىپ ئۆتتۈڭ، ئاجىزلارغا بولسا مەدەت بەردىڭ.

ھايات داۋانلىرىڭدا كۆپلىگەن بوران، شاۋقۇن، قۇيۇن، ھەسرەتلەرنى باشتىن كۆچۈرسەڭمۇ، ئۇلار سېنىڭ ئىرادەڭنى، ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىڭنى ھېچ بىر سۇندۇرالمىدى، روھىڭنى ئېگەلمىدى، سەن يەنىمۇ قەددىڭنى رۇسلاپ، ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىدىڭ!



ئاپتور ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە

بىز قىزلىرىڭنى كىچىك كۆرمەي، ھەر بىر مەسىلىدە ئويىمىز بىلەن سانىشىپ، كىچىكىمىزدىن مۇستەقىل ئوي پىكرىمىزنىڭ يېتىلىشىگە زەمىن بولدۇڭ ۋە بىزنى چوڭ ھاياتقا تەييارلىدىڭ. سېنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىڭ، بەئەينى تەسىرلىك كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىمىزدا، ئالتۇنغا قىيماس پەندى-نەسىھەتلىرىڭ، ئەقىل ئۈنچىلىرىڭ دائىم قۇلاقلىرىمىزدا تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. مەتبۇئات بەتلىرىدە يورۇق كۆرگەن ماقالىلىرىڭ بىز پەرزەنتلىرىڭ ۋە كېيىنكى ئەۋلادلىرىڭ ئۈچۈن تۈگىمەس خەزىنە.

«مېنىڭ ئىلىم يولىغا چۈشۈش ئارمىنىم بار ئىدى، ئۇستازىم ماڭا ئاسپىرانتۇراغا يوللانما بەرگىنىدە، ئائىلە شارائىتىگە باغلىق، ئانامنى قولۇمغا ئېلىش ئۈچۈن ئانا يۇرتۇمغا قايتىپ كەلگەن ئىدىم. ئاغىنىلىرىمنىڭ ئالدى ئاكادېمىك، كەينى كاندىدات بولدى، مۇمكىن مەنمۇ شۇلار قاتارىدىن ئورۇن ئالار ئىدىم» دېگەن سۆزلىرىڭنى ئاڭلاپ، كىچىكىمدىن ھاياتىمنى ئىلىم بىلەن باغلاشنى مەقسەت قويغان ئىدىم . ئۆز سۆزلىرىڭدە دائىم : «قىزلىرىم، بىز سىلەرگە بىلىم ئېلىپ، ئىلىم چوققىسىغا چىقىشقا بار مۇمكىنچىلىكلەرنى يارىتىمىز، ئىلىم يولىغا چۈشۈڭلار، مەن يەتمىگەن پەللەلەرگە سىلەر كۆتۈرۈڭلار» دەپ بىزگە ھامان مەسلىھەت بېرەتتىڭ.

سېنىڭ ئارمىنىڭ خۇدايىمنىڭ قۇلىقىغا چېلىقىپ، بۇ يول ماڭا بۇيرىدى. ھېلى ئېسىمدە ئۈچ يىل قاتارىدىن ئىمتىھان تاپشۇرۇپ، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن دەسلەپكى يىلى بېرىلگەن phd دوكتورانتۇرىسىغا گرانتقا ئوقۇشقا چۈشكىنىمدە خۇشاللىقىمىزنىڭ چېكى بولمىدى، ھە سېنىڭ كۆزلىرىڭدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى.

ئانام ئىككىڭلار ھېچ كىمگە يامانلىق قىلماي، داغدام يولدا يۈرگەچكە بىز قىزلىرىڭلارنىڭ يولى ئوچۇق بولدى، شەخسەن مېنىڭ ھايات يولۇمدا ئۆز قارا كۆزلىرىمىزدىن سىرت، قازاق، رۇس، تاتار، تۈرك، ئىنگلىز ۋ.ب. مىللەت ۋەكىللىرى بىر سۆز بىلەن ئېيتقاندا ياخشى ئادەملەر ئۇچرىشىپ، ماڭا ھەر تەرەپتىن قوللاپ كەلمەكتە. خەلقىمىزدە ئۈچ قىزنى تاپقان ئادەم جەننەتكە بارىدۇ دەيدىكەن، بىزنى بېقىپ قاتارغا قوشقان ئاتام ئىمانىڭ يولداش بولۇپ، روھىڭ جەننەتتە ئارام ئالسۇن!

ھەر بىر ئىشتا سېنىڭ پىكرىڭنى ئېلىپ، مەسلىھەتلىرىڭ بويىچە رويابقا چىقىراتتىم، ھە بۇ كۈنلەردە سېنىڭ ئويۇڭنى بىلىش ئۈچۈن خىيالەن سېنىڭ بىلەن مۇڭدىشىمەن...

سۈرىتىڭگە تويماي قارايمەن ئاتا،
خىيالەن مۇڭداشتىم سەن بىلەن مانا،
ئېيتقان سۆزلىرىڭ بىردىن بىر توغرا،
كېلەچەكنى كۆرگەن كۆرۈپكەل گويا.

سىرداشقۇم كەلدى، ئېچىپ قەلبىمنى،
ساقلىنىپ قالغان تالاي سىرىمنى.
ھايات يولۇمدا چىراغ بوپ دائىم ،
مەڭگۈگە يېنىمدا بولساڭ قېنىدى؟!

ھىجران يۈرەكنى تىلىپ تاشلىدى،
ئاڭا تېپىلماس ھېچ بىر چارىسى،
تۇغۇلماقنىڭ ئەسلى ئۆلمىكى بارغۇ،
تەقدىر ساقچىسىدىن قۇتۇلغان بارمۇ؟!

ئارمىنىڭ كۆپ ئىدى ، غەمگۈزار ئاتا،
تىرىشىپ يۈرىمىز ھامان ئاقلاشقا،
مىللەت شەنىنى قوغداپ ساقلاشتا،
خىزمەت قىلىمىز مەڭگۈ ھاياتتا.

ئالمۇتا شەھىرى



# تونۇلغان ئۇيغۇر رەسسامى، رۇسىيە رەسساملار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى ئازات مەمەدىنوف (1952 - 2020)*

پاتىمە مەمەت

رۇسىيە رەسساملار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى ئازات مەمەدىنوف (1952 - 2020) رۇسىيەنىڭ سانكىت-پېتربورگ شەھرىدە رەسساملىق ساھەسىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن، تونۇلغان ئۇيغۇر رەسسامى، رۇسىيە رەسساملار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى ئازات مەمەدىنوف 2020 - يىل 24 - ئاپرېل 68 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

ئازات مەمەدىنوف ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تونۇلغان رەسساملاردىن كۈرەش زۇلپىقاروف، رۇسلان يۇسۇپوف، ئەخمەتجان ئەھەد، ئەركىن زۇلپىقاروف ۋە ھاشىمجان قۇربانوفلار بىلەن دەۋرداش ھەم كەسىپداش داڭلىق رەسسام ئىدى.

ئازات ئاباس ئوغلى مەمەدىنوف 1952 -يىل 12 - مارت ۋەتىنىمىزنىڭ غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، 1962 - يىلى ياۋرادا ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە ئالمۇتاغا كېلىپ يەرلەشكەن. دەسلەپكى ئوقۇش ھاياتىنى ئالمۇتادا تاماملاپ، گېرمانىيەدىكى سوۋېت ئارمىيىسىدە خىزمەت قىلغان ئۈچ يىل جەريانىدا، شەھەرلىك «ئەسكىري شۆھرەت مۇزېيى» نىڭ بېزىلىشىگە قاتناشقان.

ئازات مەمەدىنوف 1977 - يىلى شۇ ۋاقىتتىكى لېنىنگراد، يەنى ھازىرقى سانكىت-پېتربورگ شەھرىدە بىناكارلىق-قۇرۇلۇش مەكتىپىنى، ئاندىن 1984 - يىلى مۇخىنا نامىدىكى ئالىي بەدىئىي-سانائەت ئىنستىتۇتىنى تاماملاپ، ئالمۇتادىكى ئائىلىسىگە قايتقان. بىر ئايلارچە خىزمەت كۈتۈپ، كېيىن ئائىلىسىنىڭ رۇخستى بىلەن يەنە لېنىنگرادقا قايتىپ، شۇ جايدىكى شىمالىي قۇتۇپ-ئانتاركتىكا ئىنستىتۇتىدا خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن قىلىپ قالغان.

ئازات مەمەدىنوف ھاياتىدا بىلىم تەتقىقات ئىنستىتۇتى، AANYA بىناسى ،ئانتاركتىكا دوستلۇق ئۆيى، ئانتاركتىكا بېللىنگسگاۋسېن ئىستانسىسى، ئانتاركتىكا ADM كابىنىكا ئىستانسىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ

*بۇ ماقالە «ئەركىن ئاسىيا» توربېتى ئىلان قىلىنغان خەۋەرگە ئاساسەن كېڭەيتىپ قايتىدىن يېزىلدى.

بېزىلىشىگە قاتناشقان ھەمدە 1987 - يىلى لېنىنگراد -kujbyševskogo رايونىنىڭ سەنئەتكارى سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن.

ئۇ 1992 - يىلى رۇسىيە رەسساملار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنىپ، «ماستېر-كلاس» لايىھەسىنىڭ ئاپتورى سۈپىتىدە كۆپلىگەن كۆرگەزمىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ كەلگەن. ئۇ يەنە سانكت-پېتربورگ شىمالىي لايىھە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، رۇسىيە ۋە چەتئەللەردىكى كۆپلىگەن كۆرگەزمىلەرنىڭ ئەزاسى ۋە 1992 - يىلدىن بېرى خەلقئارالىق سەنئەت بايرىمى پائالىيىتىنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى بولغان. 1993 -يىلى مەركىزىي مەھەللە رايونى سەنئەت ئورنى تەرىپىدىن سانكت-پېتربورگ بىناكارلىق كومىتېتىغا قوبۇل قىلىنغان.

2002 - يىلدىن بېرى، ئۇ شەھەرلىك ئىلان ۋە سەنئەت لايىھە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ شەھەر مۇھىتى گۈزەللىك باشقارمىسىدا خىزمەت قىلغان. 2010 - يىلدىن بېرى، يادىكارلىق سەنئىتى ساھەسىدە مۇتەخەسسىس، كېيىنكى يىللاردا، 1993 - يىلى قۇرۇلۇپ بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «خەلقئارالىق يۇقىرى دەرىجىلىك سەنئەت بايرىمى» پائالىيىتىنىڭ باشلىقى بولغان.

سانكت-پېتېربۇرگ شەھىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر پائالىيەتچىسى ھەمراجان زايىتوف ئەپەندىنىڭ ئېيتىقىنىدەك، ئازاد مەمەدىنوفنىڭ ۋاپاتى پەقەت رۇسىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر جامائىتى ئۈچۈنمۇ ئېغىر مۇسىبەتتۇر.

ئازات مەمەدىنوفنىڭ رەسىملىرى ھازىرمۇ ياۋروپادىن ئاسىياغىچە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، ئىسپانىيە خان جەمەتى، ۋاتىكان، دالاي لاما، ئىتالىيەدىكى پىروفېسسور مانىگېتى مەركىزى، ئاۋستىرىيە ھازىرقى زامان سەنئەت مۇزېيى قاتارلىق مۇھىم ئورۇنلاردا ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئۆز كەسپىگە بولغان قىزغىن ئىشتىياقى ھەم سىڭدۈرگەن ئەجرى يۇقىرى باھالارغا ۋە نۇرغۇن مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

ئازات مەمەدىنوفنىڭ دۆلەت ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار تەرىپىدىن ئېرىشكەن مۇكاپاتلىرى:

- ئىتالىيە فولىگنو شەھىرى «كۈمۈش چەۋەنداز مۇكاپاتى» تەرىپىدىن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن (1993)
- ۋاتىكان مېداليونى (1999)
- «سەنئەت چەۋەندازى» ئىشارىتى ۋە ئۇنۋانى (2000)
- سانكت-پېتربورگ 300 يىللىق خاتىرە كۈنى مېداليونى (2004)
- بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن بېرىلگەن شۇ يىللىق «تىنچلىق» مېداليونى
- گېرمانىيە خانوۋېر شەھىرى ياۋروپا ئاكادېمىيەسى تەرىپىدىن «سۆيگۈ ۋە ساداقەت» مېداليونى(2013)

قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئازات مەمەدىنوف يەنە نۇرغۇن داڭلىق رەسساملارنىڭ رەسىملىرىنى يىغىپ، داۋاملىق رەسىم كۆرگەزمىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، بۇ كۆرگەزمە ئورۇنلىرى شۇ ئەتراپتىكى ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ ئۆز-ئارا كۆرۈشۈپ، ئىلمىي سۆھبەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان جايىغا ئايلانغان، ئەسلىدە بۇ يىل مارت ئېيىغا ئورۇنلاشتۇرۇلماقچى بولغان كۆرۈشۈش كورونا ۋىرۇسى سەۋەبىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاچقا، ئازاد مەمەدىنوفنىڭ يېقىنلىرى ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى قېتىملىق كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن قايغۇغا چۆمگەن.

ئازات مەمەدىنوفنىڭ ئايالى سېمىيونوۋا تامارامۇ رەسسام بولۇپ، ئېرمىتاژنىڭ باش مىنىستىرى پىئوتروۋسكىي، دۆلەت دۇماسى ئەزاسى گوۋورۇخىن، ئازاد مەمەدىنوف ۋە تامارا سېمىيونوۋالارنىڭ بىر يەرگە كېلىشى بىلەن تۆت كىشىلىك چوڭ ئۇيۇشما قۇرۇلغان.

گوۋورۇخىن ھەم پىئوتروۋسكىيلار ئۇيغۇرلار ئۈچۈن كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلغان، ئۇلار ئازاد مەمەدىنوفنىڭ ئاكىسى ۋەققاس مەمەدىنوف بىلەن ھەمكارلىشىپ بىر فىلىم ئىشلەپ چىققان.

ئازات مەمەدىنوفنىڭ سىڭلىسى گۈزەل مەمەدىنوۋامۇ ئاكىسىنىڭ ئىزىدىن مېڭىۋاتقان بولۇپ، ھازىر ئۇ قازاقىستان دۆلەت ئاكادېمىيىلىك ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ باش رەسسامى سالاھىيىتىدە خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە.

*ئادەم تۇغۇلىدۇ، ئۆلىدۇ، باقىنىكى ئۇنىڭ سۆزى قالىدۇ، ئىنسان ئۆزى كەتسىمۇ نامى قالىدۇ.*

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابدىن ئېلىندى



# ياپونىيە داڭلىق شائىرى ناكاخارا چۇيا (1907 ـ 1937)ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى «بۇلغانغان ھەسرەت»ھەققىدە

مۇقەددەس نۇر (ياپونىيە)

1907 - يىلى نەچچە ئەۋلاد داۋاملاشقان باي دوختۇر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ياپونىيە ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىدىكى ئەڭ داڭلىق شائىرلاردىن بىرى. گەرچە 30 يىللا ئۆمۈر كۆرگەن بولسىمۇ، ياپونىيەدە ئۇنىڭ شېئىرلىرى ۋە ئىسمىنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق دېيىش مۇمكىن. ئۇ ئېغىز تىلىدىكى ئاددىي ۋە ماھىيەتلىك سۆزلەر بىلەن لىرىكىلىق شېئىر يازىدىغان شائىر. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ماڭا قاپىيەلىرى ئاجايىپ قاملاشقان ئۇيغۇر قوشاقلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

1937 -يىلى، ئەمدىلا 30 ياشقا كىرگەن ناكاخارا چۇيا ئۆزىنىڭ «ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ كۈيلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ يېزىلىپ پۈتكەن ئارگىنالىنى يېقىن دوستى بولغان داڭلىق ئەدەبىيات ئوبزورچىسى كوباياشى خىدېوغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ. ناكاخارا ھاياتىنىكى ھەر خىل ئېچىنىشلىق يوقىتىشنى بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە شۇ ئازابلارغا چىدىغان، شېئىرغا ۋە ھاياتى بىلەن دو تىكىپ ياشىغان ۋە دەۋر زامانىنى قۇچقان ياپونىيە تارىخىدا بەك ئاز كۆرۈلگەن تۇغما تالانتلىق بىر شائىردۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ روھىيىتىنىڭ ئىزناسىنى يۇقىرىقى توپلامدا خاتىرىلىگەن.

بۇ يازمىدا ناكاخارا چۇيانىڭ 30 يىللىق ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك دۇنياغا داڭلىق ئەسىرى «بۇلغانغان ھەسرەت»نىڭ ياپونچە ئۇيغۇرچىسىنى بىرلىكتە ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمەن. ياپونچىدىن بىۋاستە تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچىسىدىن ياپونلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئوخشايدىغان ھەسرەت مۇڭ كۈيلىرىنى ھېس قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.


ناكاخارا چۇيا 1907 - يىلى ياپونىيە ياماگۇچى ئۆلكىسىدىكى يۇدا ئارشىگى مەھەللىسىدە ناھايىتى باي بىر دوختۇر ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا 1910 - يىللىرى ياۋروپادا باشلانغان دادىزىم (كېيىنكى ھالقىما رېئالىزم ) سەنئەت ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىرى ئۆزىنىڭ دوختۇر بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان ئائىلە تاۋابىئاتىنىڭ تەلەپلىرىدىن ئىنتايىن يىراق ھالدا ئەدەبىيات ۋە شېئىرىيەتنىڭ ئىچىدىلا ئۆتىدۇ. ئائىلىسى ئاخىرغىچە ئۇنىڭ ئەدەبىيات يولىغا مېڭىشىنى خالىمايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ئۇ گەرچە ئۇ باي ھەم تۇغما تالانتلىق شائىر بولسىمۇ ئۆزىنىڭ جەمەتىنىڭ قوللىشىغا ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ ھەسرەتنى ناكاخارا بەزىدە «غازاڭغا چۈشكەن قۇرۇتتەك» دەپ تەسۋىرلىسە بەزىدە «ھەسرەتنىڭ ئۆزى مېنىڭ سۆڭىكىم» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. شەخسىي ھاياتىدا بولسا ئۆزى سۆيگەن ياپونىيە شائىرەسى خاسېگاۋا ياسۇكو بىلەن بىر-بىرىنى چەكسىز ياخشى كۆرگەچكە سۆيگۈ سەۋەبلىك ئۆزىنى يوقۇتۇشتىن ئەنسىرەپ ئايرىلىپ كېتىدۇ ۋە باشقا بىر قىز بىلەن توي قىلىدۇ. لېكىن توي قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا تۇغۇلغان ئوغلىمۇ بىر ياشتا تۈگەپ كېتىشتەك ئازابلىق كەچۈرمىشلەر بىلەن ياشايدۇ. شۇنداقلا 30 يېشىدا مېڭە تۇبېركۇليۇزى ياللۇغى سەۋەبىدىن بەكمۇ نەۋقىران چېغىدا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن«ئوغلاق ناخشىسى»، «رانبۇ شېئىرلىرى»، «ئۆتكەن كۈيلەرنىڭ كۈيلىرى» قاتارلىق توپلاملىرى بار. بۇ قېتىم ياپونچىدىن بىۋاستە تەرجىمە قىلىنىپ ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنۇلغان «بۇلغانغان ھەسرەت» ناملىق شېئىرى ئۇنىڭ ۋەكىللىك شۇنداقلا ياپونىيە شېئىرىيىتىدىكى داڭلىق بىر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئەسەرنى مەن 10 يىل بۇرۇن تۇنجى قېتىم ئوقۇغاندا ئالدى بىلەن تېمىدىن چۆچۈپ كەتكەن ئىدىم. بۇلغانغان ھەسرەت دېگەن قانداق ھەسرەتتۇ؟ ياكى ھەسرەتكىچە بۇلغىنىپ كېتىدىغان ھەسرەتلىك بىر ھاياتنى ياشىغان ئادەم ئۇنى قانداق بايان قىلغاندۇ؟ 10 يىلدىن

كېيىنكى بۆگۈندە بولسا بۇ دەسلەپكى سوئاللاردىن هالقىپ شائىرنىڭ ئۆزى «مېنىڭ سۆڭكىم» دەپ تەرىپلىگەن هەسرىتىنى كۆرگەندەك بولىمەن. هەسرەت ئەمەلىيەتتە تۇغۇلۇشتىن ئۆلۈمگە ماڭغان هايات مۇساپىمىزدە هەممىمىزگە هەمراھ. هەسرەتنى مەن بەزىدە بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزدىكى تارازىنىڭ تېشىدەك بىر ئېغىرلىق دەپمۇ هېس قىلىپ قالىمەن. ئاشۇ ئېغىرلىق بولغاچقا بىز ئاللاهنىڭ شاپائىتىدە كۈننىڭ سېرىقنى كۆرۈۋاتقان بەختىمىزنى ۋە رىزقىمىزنى هەقىقي هېس قىلىۋاتقاندەك ئويلايمەن.

شېئىر توغرىسىدا كۆپ مۇنازىرە قىلىش مەلۇم مەنىدە نادانلىق. «بۇلغانغان هەسرەت» سىز ئوقۇرمەننىڭ قەلبىدە ياپونلارنىڭ هاياتنىڭ بۇلۇڭ پۇشقاقلىرىغىچە بولغان ئۆتتەك قىزغىن سۆيگۈسىدىن ئۇرغۇغان ئەستايىدىللىق ۋە ئالىيجاناپلىقىدىن باشقا يەنە دۆلىتىمىز، تىلىمىز، مىللىتىمىز هەتتا ياشىغان دەۋرىمىز ئوخشىمىسىمۇ ئاللاھ بىزگە بەرگەن هەر خىل هېسسىياتلارنىڭ قەدىمدىن هازىرغىچە هەر ئىنساندا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ئۆزىمىزنى سۆيىدىغان، هاياتىمىزنى قەدىرلەيدىغان ۋە شۇ توغرىلىق ئويلىنىدىغان بىر دەقىقە ئاتا قىلالىسا دېگەن ئۈمىدتىمەن.

تەرجىمە قىلىنغان بۇ شېئىر 2018 - يىلى نەشر قىلىنغان «ناكاخارا چۇيانىڭ بارلىق شېئىرلىرى» ناملىق توپلامدىن ئېلىندى. ياپونىيەدىكى ئۇيغۇرشۇناسلارنىڭ مىسرامۇ مىسرا پايدىلىنىشى ئۈچۈن ياپونچىسىمۇ بىرلىكتە بېرىلدى.




بۇلغانغان هەسرەتكە
بۈگۈنمۇ ئازراق قار ئۇچقۇنلار
بۇلغانغان هەسرەتنى
بۈگۈنمۇ غۇر-غۇر شامال ئۇرار.

بۇلغانغان هەسرەت
تۈلكە تېرىسى تۇلۇمى،مىسالەن
بۇلغانغان هەسرەت
قاردا قالسا كىرىشەر،مۇقەررەر.

بۇلغانغان هەسرەت
ئارمانسىز هەم ئىستەكسىز يۈرەر
بۇلغانغان هەسرەت
زەپىران چىراي ئۆلۈمنى چۈشەر

بۇلغانغان هەسرەت
ئىزتىراپ ئىچرە قورقۇشنى سېزەر
بۇلغانغان هەسرەت
ئىلاج قانچە،پاتار كۈن، كەچ كىرەر.

汚れっちまった悲しみに
今日も小雪の降りかかる
汚れっちまった悲しみに
今日も風さえ吹きすぎる

汚れっちまった悲しみは
たとえば狐(きつね)のかわごろも, 革裘
汚れっちまった悲しみは
小雪のかかってちぢこまる

汚れっちまった悲しみは
なにのぞむなくねがうなく
汚れっちまった悲しみは
倦怠(けだい)のうちに死を夢(ゆめ)む

汚れっちまった悲しみに
いたいたしくも怖気(おじけ)づき
汚れっちまった悲しみに
なすところもなく日は暮れる……



# شېئىرلار

ئىلىيا بەختىيا (قازاقىستان)

**تەييارلىغۇچى ئىلاۋەسى:** مىللىتىمىزنىڭ سۆيۈملۈك خەلق شائىرى ئىلىيا بەختىيار ئىجادىيىتىنى ھەرتەرەپتىن يورۇتۇش، تەھلىل قىلىش ھەر دائىم ئاكتۇئال ئىكەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇنىڭ لىرىكا، ساتىرا ۋە ياكى باللار ماۋزۇسى يىلدىن يىلغا يېڭى قىرىدىن تونۇلماقتا. مەنمۇ ئۇشبۇ شائىر ئىجادىيىتىنى «ئەدەبىي مۇناسىۋەتلەر كونتېكىستىكى «گىراژدانلىق لىرىكا» مەسىلىسى (ر.بېرنى، م.ماقاتاپۇ ۋە ئى.بەختىيا ئىجادىيەتلىرى بويىچە)» ناملىق ماگىستىرلىق ۋە «باللار پوئېزىيەسى: ئەنئەنە ۋە گارمونىيە (قازاق، ئۇيغۇر ۋە ئىنگلىز ئەدەبىياتلىرى ئاساسىدا)» ماۋزۇسىدىكى phd دىسسېرتاتسىيەمدە ۋە شۇنداقلا چوڭ كىچىك كۆلەمدىكى 10 دىن ئارتۇق ماقالە ۋە 10 يېقىن رېسپۇبلىكىلىق ۋە خەلقئارالىق كونفېرېنتسىيالاردا يازغان ئىدىم.

شۇ ماقالىلىرىمنىڭ بىرىدە ئىلمىي يېتەكچىم ۋە ئۇستازىم ئاقش، جەنۇبىي كارولىنا ئىشتاتىدىكى كوئاستال كارولىنا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ئاننا ئولدفىلد بىلەن بىر نەچچە شېئىرىدىن ئۈزۈندىلەرنى تەرجىمە قىلغان ئىدۇق. سىلەرنىڭ دىققىتىڭلارغا بىر نەچچىسىنى ھاۋالە قىلىمىز. ئىشىنىمەنكى ئىلىيا بەختىيا ۋە باشقىمۇ مىللىي شائىرلىرىمىزنى تەرجىمە قىلىدىغان كىچىك دوستلار سانىنىڭ كۆپلەپ چىقىشىغا ئۈمۈتلىنىمەن.

دىلفۇزا روزىېۋا (قازاقىستان)

## ۋەتەن

بەخت بەردىڭ خەلقىمگە،
تۈگىمەيدۇ
«ۋەتەن» دېگەن مۇھەببەتنىڭ ئۈنى ئۆچمەيدۇ
ھەر بىر ئادەم قۇۋۋەت ئالار ھاياتىڭدىن
ئەي ئانا، ئېيتقىن سېنى كىم سۆيمەيدۇ؟
ۋەتەن دېسە - ناخشا ئېيتىپ شادلىنىمەن
سېنىڭ داڭقىڭ بىلەن ھەر چاغ ماختىنىمەن
كۆزۈمنىڭ قارچۇغىدەك سېنى ساقلاپ
دۈشمەن كىرسە، قانلىق جەڭگە ئاتلىنىمەن!

(مېنىڭ بىلەن مۇڭداشقىن 759 - ب.)

## Motherland

You have given benefit to my people without cease
The voice of love for the Motherland is never dimmed
Every one of us takes power from you
Tell me, Mother, who does not love you?
I am singing a song of my Motherland
I always take pride in your honor
I would protect you like the iris of my own eye
If the enemy comes, I'll conscript myself to the bloody war!

## The Grief of Eastern Turkistan

My dear people!
My dear tribe!
My ray of sunlight!
Do not grieve, do not worry, lift your heads!
Keep your eyes full of hope
Save your tears for the day of glory!

## شەرقىي تۈركىستان زارى

ۋاھ ئەزىز ئەل!
ۋاھ ئەزىز يۇرت ! نۇر قۇياش!
مۇڭلانمىغىن، زارلانمىغىن، كۆتەر باش!
قارا كۆزنىڭ ئارمىنىنى ساقلىغىن
شادلىق كۈنى بولغاندىمۇ كېرەك ياش!
(مېنىڭ بىلەن مۇڭداشقىن 384 -ب.)

## Meet the Uyghurs

He can spend the wealth gathered over a lifetime
On a wedding, for the guests
If you do not understand and ask ‘why?’
You should know he is an Uyghur.
The Uyghur was created for kindness
He seeks knowledge, His scholarship is widespread throughout the world
He works to grow a flower, not cast a bullet
He labors, saying ‘May life be good for humanity!’

## ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرۇش

يىغىپ يۇرگەن دۇنياسىنى تويغا دەپ
تۆكۈۋېتىدۇ «مېھمان كەلدى ئۆيگە!» دەپ
دېسەڭ ئەگەر چۈشەنمەستىن: «بۇ قانداق؟»
بىلىپ قويغىن، ئۇيغۇر دېگەن مۇشۇنداق .
ئۇيغۇر دېگەن ياخشىلىققا يارالغان
بىلىم-ئىلمى ، جاھانغىمۇ تارالغان
ئوق ئورنىدا ھەمىشەم گۈل ئۈنسۇن دەپ
ئەمگەك قىلار «ئىنسان ئامان بولسۇن!» دەپ
(مېنىڭ بىلەن مۇڭداشقىن 402 - ب.)

## The Soldier’s Mother

The war, the struggle, is over
A soldier died in a faraway land
His aging mother is anxious
Waiting for her son.
She never turns off the light
Thinking “My son may arrive at night”
During the day she never,
Never thinks about her problems.
She never believes,
Never believes in death.
The Mother is always Love
In Mother is always Life.

## سولدات ئانىسى

سولدات ئۆلدى يىراقتا
قېرى ئانا بىئارام
كۈتەر ئوغلىنى بىراقتا
«بالام كېچە كەلسە...» دەپ
ئۆچۈرمەيدۇ چىراقنى.
كۈندۈزى بولسا ئىزدەپ
ئويلىمايدۇ بۆلەكتە
ئىشەنمەيدۇ ئۇ پەقەت
ئىشەنمەيدۇ ئۆلۈمگە.
ئانا دېگەن–مۇھەببەت
ئانا دېگەن–ئۆمۈردە.)
(مېنىڭ بىلەن مۇڭداشقىن 283 - ب.)

## That Day was the 9th of May

That great day!
The Fascist was destroyed
The zhoza was spread out for victory
Who knows when the war was born?!
But we know peace started from that day!

## ئۇ كۈن 9 - ماي ئىدى

شۇ ئۇلۇغ كۈن!
فاشىست گۆرگە تاشلاندى
يېڭىش كۈنگە جوزا ئۈستى راسلاندى
ئۇرۇش قاچان تۇغۇلۇدىكىن!كىم بىلسۇن؟!
ئامما تىنچلىق ئاشۇ كۈندىن باشلاندى!
(مېنىڭ بىلەن مۇڭداشقىن 323 -ب.)

## كىچىككىنە تومسون

نيۇ-يورك.
باسقان قار
كۆرۈنۈشى ھەسرەتلىك...
پەقەت ئېگىز مۇنارلار
تۇرار بولۇپ دەھشەتلىك....
يەنە چىقتى كوچىغا
كىچىك تومسون نان ئىزدەپ
شورۇپ شۇۋرغان تالادا
قار ياغماقتا لەپىلدەپ

(مېنىڭ بىلەن مۇڭداشقىن 91 - ب.)

## Little Thompson

New York.
Covered in snow
The view is painful, grievous...
Only the terrible tall buildings standing, ghastly...
Again he is out in the street
Looking for some bread
In the storm outside
The snow is falling heavily


## تۇغۇلغان يەر تۇپىسىدا

مۇشۇ يەردە تۇغۇلدۇم مەن ھەم ئۆستۈم
مۇشۇ يەردە دەسلەپ كۆردۈم يەر ئۈستىن
مۇشۇ يەردە دوست قەدرىنى بىلدىم مەن
مۇشۇ يەردە ئەمگەك سۆيۈپ، تەر تۆكتۈم.
مېھمان كۈتۈش ياخشى ئادەت بۇ يەردە
ئايىمايدۇ، سىزگە بارنى بىرىدۇ
كونىچە ئېيتساق: «بەش كۈنلۈك شۇ ئالەمدە»
ئۆزلىرىمۇ مېھمان بولۇپ يۈرىدۇ

(مېنىڭ بىلەن مۇڭداشقىن 209 - ب.)

## In My Native Land

Here I was born and grew up
Here I saw my native soil for the first time
Here I learned to appreciate the value of a friend
Here I learned to work hard and to love labor.
Hospitality to guests is a good tradition here
They can give away everything they have to their guest
To quote the old saying: "Life is just for five days"



• ئىلىياس يەختىيا

ۋەتەن

تەربىيلىگەن بىزنى پەپىلەپ ئانا ۋەتەن،
سېنى سويەر ساداقەتلىك ھەر بىر ئادەم.
تاغ سۈيىدە كوكەرگەن كوك چىمەندەك،
بىزنىمۇ ھۆر ياشناتتى موشۇ ۋەتەن.


بەخت بەردىڭ خەلقىمگە—تۈگىمەيدۇ،
«ۋەتەن» دېگەن مۇھەببەتنىڭ ئوتى
ئۆچمەيدۇ.
ھەر بىر ئادەم قۇۋۋەت ئالار ھاياتىڭدىن،
ئېي ئانا، ئېيتقىن سېنى كىم سويمەيدۇ؟

ۋەتەن دېسە—ناخشا ئېيتىپ شاتلىنىمەن،
سېنىڭ داڭقىڭ بىلەن ھەر چاغ ماختىنىمەن.
كوزۇمنىڭ قارچۇغىدەك سېنى ساقلاپ،
دۈشمەن كەلسە، قانلىق جەڭگە ئاتلىنىمەن.

ئاسماندا كۈن، يەردە—سەن يورۇق بېرىپ،
خەلقىم سېنى غەزەل قىلدى گۈللەر تېرىپ.
ئوستەردىڭ تالاي ئەرنى، باتۇر قىزنى،
كەڭ قوينۇڭدا، ۋەتىنىم، بىلىم بېرىپ.

قوينۇڭدا ئومۇر سۈرۈپ سوۋېت خەلقى،
يەر-يۈزىگە بەختلىك دەپ كەتتى داڭقى.
ھەر بىر بوستان خەلىق تەرگەن ساڭا
تالىق،
«گۈللەنسۇن ۋەتەن!»—دەيدۇ—شۇنداق
ئەھدى.

ئاخشاڭ ھەرگىز سېنىڭ ئۇنتۇلمايدۇ،
سىمايىتەك ۋىجدانىڭ پاك—كىر بولمايدۇ.
ئاق سۈتىڭدىن چوڭ بولغان ھەر بىر
ئوغلۇڭ،
داڭقىڭنى ساقلار، ۋەتەن،—كىر قىلمايدۇ!



مېنىڭ رېسپۇبلىكام

قىرى—كۆموچ،
تېگى—كەشتە،
ھەم ئاۋانگارد،
ئېمىسى كام؟!
بېغى—يېمىش،
ئاپا—بوغداي—
مىللارد—مىللارد،
رېسپۇبلىكام.

سايلىرى—مال،
كوكسى—كوركەم،
قوينى—ئاۋات،
بايلىق تولغان.
سۇلىرى—بال،
ئانا ئولكەم،
شانلىق ۋەتەن—
رېسپۇبلىكام.

باغرى—گوزەل،
تېغى ئالتۇن،
ئاشلىقا مەرت،
ئوردېن ئالغان،
ئازادە ئەل،
بەختى چەكسىز،
شانۇ—شوھرەت،
رېسپۇبلىكام!

شائىرنىڭ قازاقىستاندا نەشر قىلىنغان «بىزنىڭ ۋەتەن» ناملىق گېزىتنىڭ 1980 – يىلى ئاۋغۇست (90) 16 – ساندا ئېلان قىلىنغان بەزى شېئىرلىرى

# دۆلەت

مەردان ئەھەتئېلى

تۇنتەرتىپتە كېلىدىغان دۆلەت.
كۆزلەر ئۇنىڭغا تۇتۇلغان دۆلەت.
داخىلى ئىختىلاپ مېۋىلىك دۆلەت.
ئەڭ ئاددىي ئىبارىدىنمۇ يەڭگىل، ئەڭ ئېنىق چۈشەنچىدىنمۇ روشەن مۇشكۇلات دۆلەت.
تاشلىنىشنىڭ تەگسىز تەكتىدە تاپقان دۆلەت.
قۇپقۇرۇق قۇرۇلۇشتىكى دۆلەت.
دىماق بېغىدا تاجدار رەيھان دۆلەت.
بىقارارلىق ھەرىلىرىگە مۇقەررەر كۆنەك دۆلەت.
كالام قاچىسىنى كەسكۈچى ئالماس دۆلەت.
ئانار ساندۇقىنىڭ تۆرىدىكى ئۈچ قات سۆرۈنلۈكتە ساقلىنىدىغان باھاسىز تاۋار دۆلەت.
كېڭەش، ئىسپات، مۇرەسسە تەلەپ قىلمايدىغان دۆلەت.
خاھىشتىن، قانائەتتىن، تائەتتىن ھالقىغان دۆلەت.
گۆرىستان شامىلىدا جەۋلانى ئەلەم دۆلەت.
شۈبھىلىك شېۋىدە شىۋىرلىغۇچى شېرىك، دۆلەت.
ناگاھان قاپلىغۇچى تېررور، دۆلەت.
ئىگىنىڭ بېشىدىكى، خەۋەرنىڭ ئايىغىدىكى دۆلەت.
قۇترىغان ئويمانلاردىن ۋە قايىم چوققىلاردىن تۈزۈلگەن قېيىشقا داغدام تۈزلەڭلىك دۆلەت.
دىل-تىل، ئىسىم-پېئىل، ئوي-ئىش، نىيەت-ئەمەل دۆلەت.
ئېيتىلىشى ئايال، ئېتىشى ئەر دۆلەت.
ئويۇمنىڭ ئويۇن ئۆيىدىكى ئۆزەك دۆلەت.
تەلۋىلەر توپلىنىدىكى توي دۆلەت.
قانىغا، جانىغا، ئىمانىغا سېزىك دۆلەت.
جاراھىتى شىپا، ئوقى دورا، قازايى قۇت دۆلەت.
كۆرسەتكۈچى، كۆكلەتكۈچى، كۆيدۈرگۈچى، كۆمتۈرگۈچى دۆلەت.
جايىمدىكى يەتكۈسىز مەنزىلگە ئۇدا يوللىغۇچى چاق دۆلەت.
گۈلگۈن ساما ئاڭا جور كەيپ كۈي دۆلەت.
تارقىتىلمايدىغان، تەرغىب قىلىنمايدىغان، ئىشىنەلمەيدىغان دىن دۆلەت.
كىندىكى بوغۇز قەدىھىگە قونغان قىرۇۋ، دۆلەت.
ئاندىن بىز، دۆلەت.
ئىدۇق دۆلەت!
توسقۇنسىز ئەركىنلىك ۋە تولۇق ئىگەللىنىشنىڭ، تازا ئىدراكنىڭ ۋە دۇغ تۇيغۇنىڭ، نىقابنىڭ ۋە يېشىنىشنىڭ، تىترەكنىڭ ۋە جاسارەتنىڭ، سەۋدانىڭ، پەيتنىڭ، مەيداننىڭ، ئەتنىڭ، دۆلەت.
قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا، ئەنە، تىلىمنىڭ ئۇچىدا، دۆلەت.
بارلىقىم، بايلىقىم، شەۋكىتىم، شاراپىتىم، بىساتىم، مۈلكۈم، دۇنيايىم ، دۆلىتىم، دۆلەت.

# ۋەتەن

رەنا ئايبالا ياشار (نورۋېگىيە)

ۋەتەن،
ۋەتەن ھەققىدە تەبىر كۆپتۇر،
نە «ئۆتكۈر» شېئىرى بىلەن،
نە «غازى» رەسىمى بىلەن،
نە «ھېيت» كۈيلىرى بىلەن ئاڭلىتىپ تۈگىتەلمىگەن.

ۋەتەن،
قىبلىگاھتۇر،
ئۇيغۇرلۇقتۇر،
سۈپۈرگە كۆرۈپ، سۇ سېپىلگەن سەھرالارنىڭ،
بادام دوپپا، ئۆرۈمە چاچلىقلارنىڭ ئايىقى تەگكەن مەھەللىلەرنىڭ ئورتاق ئىسمىدۇر ۋەتەن.

ۋەتەن،
بىرلا ياراتقۇچىسىدىن باشقا ھېچكىمى بولمىغان چارەسىزلەر ماكانىدۇر.

ۋەتەن،
كەتمەنگە ئۆگەنگەن قوللاردىكى قاداقتۇر،
ئەركەكلەرنى ئەركەك قىلغان ئەركەكتەك خاتۇنلاردۇر،
كېچىلىرى ھىلال، كۈندۈزى كۆك-سامادۇر،
ھېكايىسىنى شۇ ھىلالغا سۆزلەپ بېرىدىغان،
ئاچ قالسىمۇ، مېھمىنىغا بىر چىنە ئاش سۇنىدىغان غېرىبىنىڭ كۈلبىسىدۇر ۋەتەن.

ۋەتەن،
يەرگە چۈشكەن نان ئۇۋاقلىرىنى ئېرىنمەي ئالماقتۇر،
ۋە دۇنيانىڭ ئەڭ گۈزەل «يامان بولىدۇ»لىرىنىڭ ماكانىدۇر ۋەتەن.

ۋەتەن،
كونسۇل كوچىسىدۇر،
دۆڭكۆۋرۈكتۇر،
ھارۋىسىدىكى سېتىلىپ بولالمىغان مېۋىلىرىگە قوشۇپ،
ئۆيىگە بىر پاتمان ھەسرەت سۆرەپ قايتقان ئاتىنىڭ كۆزلىرىگە ئويۇپ قالغان شۇ ۋەتەن.
بىر قاچا قېتىقنى سىتىۋېلىش ئۈچۈن ئاللاھتىن مەدەت تىلىگەن ئاق روماللىق ئانىنىڭ باغرىدۇر ۋەتەن.

ۋەتەن،
ئىستانبۇلغا ھېچ ئوخشىماس،
سىرلىرىنى، كۆز يېشىنى، دەردلىرىنى سۆزلەپ بەرگۈدەك دېڭىزلىرى يوق بىر جاي دېمەكتۇر،
ئەمما ئىنسانلىرى دۇنيادىكى بارچە دېڭىزلەردىنمۇ چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەتلىك جايدۇر ۋەتەن.

ۋەتەن،
ياۋروپاغا ھېچ ئوخشىماس،
ئىنسانلىرى بىر-بىرىنىڭ كۆز يېشىنى ئېيتىپ قويۇشقا ئادەتلەنگەن جايدۇر ۋەتەن...

ۋەتەن،
كارىزلار دىيارىدۇر،
مىڭ كېسەلگە شىپا ئالتۇن قۇملار ماكانىدۇر،
ئىدىقۇتتۇر ۋەتەن،
ئۆزى بىلەن بارچە سېھرىنى تۇپراققا ئېلىپ كەتكەن «كىرورەن» دۇر ۋەتەن...

ۋەتەن،
ھېيتگاھتۇر،
ھېيتگاھ ئالدىدا ساما سالغان يىگىتنىڭ تومۇرىدىكى قاندۇر،
ئايدەك جامالىنى كىملەردىندۇر ئېلىپ قاچىدىغاندەك،

كۆزلىرىنى يەردىن ئۈزمەي يۈرۈپ كەتكەن قىزلارنىڭ ئۆرۈمە چاچلىرىدۇر.
قەشقەر كوچىلىرىدىكى يۈرەككە ھۇزۇر بېغىشلىغۇچى دوغاپلاردۇر،
سېپىت كەبى مەردلىكتۇر ۋەتەن.

ۋەتەن،
ئوپالدۇر،
ھاي-ھاي تېرەككە باغلانغان ئۈمىدلەردۇر،
تېرەك تۈۋىدىكى بۇلاقتا چۈشكەن سايىدۇر،
ۋە شۇ تېرەككە سىرداش ئاقساقالنىڭ كۈلىبىسىدۇر ۋەتەن.

ۋەتەن،
مەھمۇدتۇر، خاس ھاجىپتۇر، قىدىرخاندۇر ۋە سۇتۇق بۇغراخاندۇر،
مەدەنىيەتلەرنىڭ يىلتىزىدۇر ۋەتەن...

ۋەتەن،
چاشتانى ئىلىگبەكتۇر،
نەۋائىي شېئىرلىرىدۇر، ئەھمەت زىيائىدۇر.

ۋەتەن،
تونۇردىن يېڭىلا چىققان كاكچىلارنىڭ ھىدىدۇر،
دولان راۋابىنىڭ تۈگىمەس ھېكايىلىرىدۇر،
دۇنياغا مەشھۇر ئەتلەسنىڭ ئانا دىيارىدۇر،
غايىب شەھەردۇر،
ئىشچانلىقنىڭ، ئەڭ گۈزەل ۋە ساپ كۆڭۈللەرنىڭ ماكانىدۇر ۋەتەن...

ۋەتەن،
كۆلكىسىگە يىغىسىنى يوشۇرالىغانلارنىڭ جەننىتىدۇر،
تەمبۇر كۈيىگە سىڭگەن گۈزەل ئەسلىمىلەردۇر،
سادىردەك، غېنىدەك،
باتۇر-پالۋانلار ماكانىدۇر،
ھىدى ئىككى جاھانغا تەڭداشسىز ئەتكەنچايدۇر ۋەتەن،
ۋە ئېلى دەريا بويلىرىدا پەلەككە كۆتۈرۈلگەن كۈلكىگە يوشۇرۇنغان يىغىدۇر ۋەتەن...

ۋەتەن،
«ئۆتكۈر» دېمەكتۇر،
يۇلغۇن قىزارغان داللار دېمەكتۇر،
ۋە ئىزى يىتمەس ماكانلاردۇر ۋەتەن...

ۋەتەن،
يەتتە قىزلىرىمنىڭ جەننىتىدۇر،
مىراجىخانىنىڭ ھەسرەتلىك ھېكايىلىرىدۇر،
ۋە شەرەپ ئۈچۈن جېنىنى پىدا ئەتمەكتۇر ۋەتەن...

ۋەتەن،
مۇقامدۇر،
خانىش ئامانىساخان خېنىمنىڭ ساتارىدىكى كۈيدۇر،
ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ بۈگۈنگە قەدەر كەلگەن كۆكبۆرە رىۋايىتىدۇر ۋەتەن.
ۋە،
«ئانا يۇرت» تا،
«لېيىغان بۇلاق» تۈۋىدە،
ئەسىرلەردىن بېرى «ئىز» بېسىپ مېڭىۋاتقان ئەۋلادلاردۇر ۋەتەن.

ۋەتەن،
تۇنيۇقۇقتۇر،
بىلگە قاغان ئۆگۈتلىرىدۇر،
ۋە، پەزىلىتى دۇنياغا داڭدار كۆلتېكىندۇر ۋەتەن...

# ئىككى ئادەمنىڭ چۈشى ھەققىدىكى ھېكايە

(ھېكايە)

لۇئىس بورخېس(ئارگېنتىنا)

*بۇ ھېكايىنى ئەرەب تارىخچىسى ئەلى ئىشاجى خەلىفە ئەلى مۆمىن (مىلادىيە 786 - 833) زامانىسىدا بايان قىلغان*

ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ يازمىلىرىدا ئېيتىلىشىچە (پەقەت ئاللاھلا ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھەممىگە قادىر ۋە ھەممىدىن مېھرىبان ۋە مەڭگۇ ئۇيغاقتۇر)، بۇرۇن قاھىرەدە بىر ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپ مال-دۇنياسى بار ئىكەن. بىراق ئۇ بەتخەج ۋە كەيىپ - ساپاغا ئامراق بولغاچقا، دادىسىدىن قالغان ئۆيىدىن باشقا بارلىق ۋەجىنى خەجلەپ تۈگىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشلەپ جان بېقىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ ناھايىتى جاپالىق ئىشلىگەچكە بىركۈنى گۈللۈكىدىكى بىر تۈپ ئەنجۈرنىڭ تۈۋىدە ئۇخلاپ قېلىپ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە پۈتۈن بەدىنى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن بىر ئادەم ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ ئاغزىدىن بىر تىللانى چىقىرىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا:

– سېنىڭ بايلىقىڭ ئەجەمدە، ئىسپىھاندا، شۇ يەرگە بېرىپ ئىزدە، – دەپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە ئويغىنىپلا بۇ ئادەم يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، چۆل-جەزىرىلەردىن، دېڭىز-ئوكيانلاردىن ئۆتۈپتۇ، قاراقچىلارغا، بۇتپەرەسلەرگە، دەريالارغا، ياۋايى ھايۋانلارغا ھەمدە ئادەملەردىن كېلىدىغان تۈرلۈك خېيىم-خەتەرلەرگە يولۇقۇپتۇ. ئاخىر ئىسپىھانغا يېتىپ كەپتۇ. بىراق شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرىشىگە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ بىر مەسچىتكە كىرىپ ھويلىدا يېتىپ ئۇخلاپتۇ.

مەسچىتنىڭ يېنىدا بىر ئۆي بار ئىكەن. ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھەممىگە قادىر ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن، بىر توپ قاراقچى بۇ مەسچىتكە كىرىپتۇ، ئاندىن بۇ يەر ئارقىلىق ياندىكى ھېلىقى ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپتۇ. لېكىن ئۆينىڭ ئىگىسى قاراقچىلارنىڭ شەپىسىنى تۇيۇپ قېلىپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ھەمدە جىنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپتۇ، قولۇم - قوشنىلارمۇ تەڭ ۋارقىرىشىپتۇ. پاششاپ بېگى لەشكەرلىرىنى باشلاپ يېتىپ كەپتۇ، قاراقچىلار ئۆگزىلەرگە يامىشىپ قېچىپ كېتىپتۇ. لەشكەرلەر پاششاپ بېگىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەسچىتنى ئاختۇرۇپ، قاھىرەدىن كەلگەن بۇ ئادەمنى تۇتۇۋېلىپ، دەررە بىلەن ئۆلگۈدەك ئۇرۇپتۇ.

ئىككى كۈندىن كېيىن، ئۇ زىنداندا ھوشىغا كەپتۇ.پاششاپ بېگى ئۇنى چاقىرىپ :

– سەن نىمە ئادەم؟ قەيەردىن كەلدىڭ؟ – دەپ سوراپتۇ.

بۇ ئادەم:

– مەن مەشھۇر قاھىرە شەھىرىدىن كەلدىم، ئىسمىم مۇھەممەد ئەلى مەغرىبى، – دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

پاششاپ بەگ يەنە :

– ئىسپاھانغا نېمىشقا كەلدىڭ؟ – دەپ سوراپتۇ.

بۇ ئادەم يەنىلا راست گەپ قىلغىنىم تۈزۈك دەپ ئويلاپ:

– مەن ئىسپاھانغا چۈشۈمدە كۆرگەن بىر ئادەمنىڭ دەۋىتى بىلەن كەلگەن، ئۇ ماڭا تەئەللۇق بايلىقنىڭ مۇشۇ يەردە مېنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئېيتقانىدى. بىراق ئىسپاھانغا كەلسەم، ئۇ دېگەن بايلىق ئەمەلىيەتتە ماڭا ناھايىتى سېخىيلىق بىلەن ئىنئام قىلىنغان دەررە ئىكەن ئەمەسمۇ،– دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ پاششاپ بەگ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ، ئۇ شۇنداق قاتتىق كۈلۈپتۈكى، ئۇنىڭ ئېزىق چىشلىرىمۇ كۆرۈنۈپ قاپتۇ.

ئاخىر ئۇ:

– ھەي ئەخمەق، ھەي ئەخمەق! مەن ئۇدا ئۈچ قېتىم چۈشۈمدە قاھىرەدىكى بىر ئۆينى كۆردۈم، ئۇ ئۆينىڭ ھويلىسىدا بىر گۈللۈك، گۈللۈكنىڭ پەس تەرىپىدە بىر قۇياش سائىتى بار ئىمىش، قۇياش سائىتىدىن ئۆتۈپلا بىر تۈپ ئەنجۈر بار ئىمىش، ئەنجۈردىن ئۆتكەندىن كېيىنلا بىر فونتان بار ئىمىش، ئاشۇ فونتاننىڭ ئاستىغا نۇرغۇن بايلىق كۆمۈكلۈك ئىمىش. بىراق مەن بۇ بىمەنە چۈشكە زادىلا پەرۋا قىلمىدىم. لېكىن سەنچۇ؟ ھۇ ئېشەك بىلەن شەيتاننى ئېمىپ چوڭ بولغان ئەبلەخ! بىر چۈشكە ئىشىنىپ شۇنچە ئۇزۇن يول مېڭىپسەن. ئەمدى سېنى ئىسپىھاندا كۆرۈپ قالماي! مە،بۇ ئازراق پۇلنى ئېلىپ دەرھال يوقال! – دەپتۇ.

بۇ ئادەم پۇلنى ئېلىپ قايتىش سەپىرىگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ گۈللۈكىدىكى (ھېلىقى پاششاپ بېگى چۈشىدە كۆرگەن گۈللۈكتىكى) فونتاننىڭ ئاستىنى كولاپ بىرمۇنچە بايلىقنى تېپىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاللاھ ئۇنىڭغا ناھايىتى جىق بايلىق ئاتا قىپتۇ، ئۇنى مۇكاپاتلاپتۇ، ئۇنى ئەزىزلەپتۇ. ئاللاھ مېھىر-شەپقەتلىكتۇر،ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر.

خىتايچىدىن تاھىر ھامۇت تەرجىمىسى (ئامېرىكا)



# يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكى ۋە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

مەدىنە تۇرسۇن (تۈركىيە)

**دوختۇر مەدىنە تۇرسۇن** 1993 - يىلى ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ 1993 - يىلدىن 1995 - يىلىغىچە بېيجىڭ مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا 2 يىل تەبىئىي پەنلەر تەييارلىق بۆلۈمىدە ئوقۇغان. 1995 - يىلدىن 2000 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا 5 يىل كلىنىك داۋالاش كەسپىدە ئوقۇپ پۈتتۈرۈپ، 2000 - يىلدىن 2004 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىدا ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 2004 - يىلى تۈركىيەگە كېلىپ، 2005 - يىلدىن 2006 - يىلىغىچە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى چاپا تىببىي فاكۇلتېتى يۈرەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدە پراكتىكا قىلغاندىن كېيىن 2010 - يىلىغىچە ئىستانبۇل ۋە ئەسكى شەھەردە شەخسىي دوختۇرخانىلاردا ئىشلىگەن. 2014 - يىلدىن 2015 - يىلىغىچە باللار پسىخولوگىيەسى كۇرسىدا ئوقۇغان. 2017 - يىلدىن بېرى تۈركىيە ئەنئەنىۋى تېبابەت تەتقىقات، تەرەققىيات ۋە تەربىيەلەش جەمئىيىتىدە قۇرغۇچى ئەزا ۋە سېكرېتار بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەپ كەلمەكتە.

يۈرەك ھەربىر قېتىم سوققاندا يۈرەك مۇسكۇلى قىسقىراپ قان تومۇرلارغا قان سىقىپ چىقىرىدۇ، يۈرەك مۇسكۇلى كېڭەيگەندە سىقىپ چىقىرىلغان قان يۈرەككە قايتىدىن قويۇلىدۇ. مۇشۇ قاننىڭ قان تومۇر دىۋارىغا بولغان بېسىمى - قان بېسىمى دەپ ئاتىلىدۇ. ساغلام كىشىلەردە قان بېسىمى، 120/80mmhg ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ يۈرەك مۇسكۇلى قىسقارغاندىكى قان بېسىمى 120mmhg، يۈرەك مۇسكۇلى كېڭەيگەندىكى بېسىمى 80mmhg دېگەنلىكتۇر. تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن (1 -جەدۋەل) قان بېسىمىنىڭ ئۆلچىمى ۋە دەرىجىسىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

بەزى كېسەللىكلەردە (دىيابېت، يۈرەك كېسەللىكلىرى، بۆرەك كېسەللىكلىرى) 130/80mmhg دىن يۇقىرى بولغاندا يۇقىرى قان بېسىمى كېسەللىكى دەپ قارىلىدۇ.

ئەلۋەتتە بىر قېتىملىق قان بېسىمىنىڭ يۇقىرى بولۇشى بىلەنلا دىياگنوز قويۇلمايدۇ، بۇنىڭدا 24سائەت ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنە بىلەن ئۆلچەش ئاساس قىلىنىدۇ ياكى بىر ھەپتە، كۈندە ئىككى قېتىم ئۆلچەپ، بىماردا كۆرۈلگەن ئالامەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ دىياگنوز قويۇلىدۇ.

1 - جەدۋەل: قان بېسىمى تۈرلىرى

| قا بېسىمى تۈرلىرى | بېسىم دائىرىسى |
|---|---|
| نورمال قان بېسىمى | 130/85 mmhg |
| يۇقۇرى قان بېسىمى خەۋپى | 130-139/85-89mmhg |
| 1 - باسقۇچ يۇقۇرى قان بېسىم | 140-159/90-99 mmhg |
| 2 - باسقۇچ يۇقۇرى قان بېسىم | 160-179/100-109mmhg |
| 3 - باسقۇچ يۇقۇرى قان بېسىم | 180/110mmghدىن چوڭ ياكى تەڭ بولسا |

يۇقىرى قان بېسىم بارلىقىنى بايقىغان بىمارلار قان بېسىمىنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئۆرلەپ كەتكەنلىكىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئەپسۇسكى، قان بېسىمى ئۆرلەپ كەتكەن

بىمارلارنىڭ 97% نىڭ سەۋەبى ئېنىق ئەمەس. سەۋەبى ئېنىق بولمىغان يۇقىرى قان بېسىم بىرلەمچى يۇقىرى قان بېسىم ياكى يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى دەپ ئاتىلىدۇ. 3% يۇقىرى قان بېسىم بىمارلىرىنىڭ ئېنىق سەۋەبى بولۇپ، بۇ خىل يۇقىرى قان بېسىم ئىككىلەمچى يۇقىرى قان بېسىم ياكى سىمپتوملۇق يۇقىرى قان بېسىم دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ئىككىلەمچى يۇقىرى قان بېسىم باشقا كېسەللىكتىن كېلىپ چىققان ياكى ئېنىق بىر كېسەللىكنىڭ كىلىنىكىدىكى ئىپادىسى ياكى ئالامەتلىرىنىڭ بىردىن ئىبارەت.

يۇقىرى قان بېسىم دىياگنوزى ئېنىق بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن قان بېسىمنىڭ نورمال بولۇشى بىرلەمچى ياكى ئىككىلەمچى سەۋەبتىن بولغانلىقنى ئېنىق ئايرىشىمىز كېرەك.

بىرلەمچى يۇقىرى قان بېسىمنىڭ ئېنىق سەۋەبى بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ كېسەل سەۋەبنى داۋالاشقا بولمايدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق داۋالاش ئۇسۇلى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىزچىل قان بېسىمنى تۆۋەنلەتكۈچى دورىلارنىڭ ئىچىش، شۇ ئارقىلىق يۈرەك، مېڭە، بۆرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىنى كېچىكتۈرۈشتۇر.

ئىككىلەمچى يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى گەرچە ئاز ئۇچرىسىمۇ ئۇنىڭ ئېنىق كېسەللىك سەۋەبى بولغاچقا، كېسەل سەۋەبنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن ئۇنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ، قان بېسىمنى ئۆزۈل-كېسىل كونترول قىلغىلى بولىدۇ، بىمارلارنىڭ يەنە ئۇزۇن مەزگىل يۇقىرى قان بېسىمغا قارشى دورىلارنى ئىچىشى ھاجەتسىز.


ئەكسىچە ئىككىلەمچى يۇقىرى قان بېسىمنىڭ كېسەللىك سەۋەبنى دەل ۋاقتىدا بايقىمىغاندا، قان بېسىمغا قارشى دورىلار بىلەن داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى دېگەندەك ياخشى بولمايدۇ. كۈچلۈك دورىلار بىلەن داۋالاش ئارقىلىقمۇ قان بېسىم تۆۋەنلىمىسە، ئىككىلەمچى يۇقىرى قان بېسىمنىڭ كېسەللىك سەۋەبنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان-ئېنىقلانمىغانلىقىغا ھوشيار بولۇش كېرەك.

يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكىنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى روھى بېسىم ئېغىر بولۇش، ئىرسىيەت، ئەجدادىدا مۇشۇ كېسەللىك بولغانلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىدە يۇقىرى قان بېسىمى بولىدۇ، دىيابېت، قالقانسىمان بەز كېسەللىكلىرى، سېمىزلىك، كۆپ ھەرىكەت قىلماسلىق، توغرا ئوزۇقلانماسلىق، تۇزنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، قاندا ماي ماددىسى يۇقىرى بولۇش يەنى خولېستېرول يۇقىرى بولۇش، بەزى دورىلار، ھاراق - تاماكا، ھامىلدارلىق قاتارلىقلاردۇر.

ئۇيغۇر تېبابىتىدە يۇقىرى قان بېسىمى سەۋەبلىرى بولسا:

1. قان خىلتىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىقىدۇ.
2. قان خىلتىنىڭ قويۇقلىشىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ.
3. كۆيگەن سەپرا خىلتىنىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىقىدۇ.
4. مىزاج تەملىك بەلغەم خىلتىنىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىقىدۇ.
5. كۆيگەن سەۋدا خىلتىنىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىقىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكى يۈرەك، مېڭە، قان تومۇر، بۆرەك، كۆز قاتارلىق ئورگانلارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان بولۇپ، باش قېيىش، كۆڭلى ئېلىشىش، باش ئاغرىقى كۆزى قاراڭغۇلىشىش، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاش، قولاق غوڭۇلداش، ئاڭلاش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كېتىش، بۇرۇن قاناش، يۈرەك رىتىمسىزلىقى، قول-پۇتلار ئۇيۇشۇش، كۆپ تەرلەش، كېچىك تەرەت كۆپىيىش، ماغدۇرسىزلىنىش، پۇتلىرى ئىششىپ قىلىش، قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرىلىدۇ. ئېغىر بولغاندا مېڭىدە قان توسۇلۇش، سەكتە، يۈرەككە قان يېتىشمەسلىك، يۈرەك تىقلىمىسى، بۆرەك ئاجىزلىقى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.




رەسىم: قان بېسىمى مۇناسىۋەتلىك كېسەللەر

يۇقىرى قان بېسىمى كېسەللىكنىڭ داۋالاش پرىنسىپىدا قان بېسىمنى نورمال سەۋىيەدە تۇتۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ

باشقا ئورگانلارغا تەسىر قىلىپ ئەگەشمە كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىن ساقلىنىش، بۇ ئارقىلىق تۇرمۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

يۇقىرى قان بېسىمى كېسەللىكىدىن ساقلىنىشتا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك:

1. دەم ئېلىشقا دىققەت قىلىش: قېنىپ ئۇخلاش روھى بېسىمنى ئازايتىش، ئۇزۇن مۇددەت جىددىي روھى جىددىيلىشىشتىن ساقلىنىش، نورمال كەيپىياتنى ساقلاپ، ئىمكانقەدەر ھاياجانلىنىشتىن ساقلىنىش. كەيپىياتنى تەڭشەپ ئاچچىقلىنىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

2. مۇۋاپىق بەدەن چېنىقتۇرۇش: (كۈندە ئەڭ ئاز يېرىم سائەت ئوتتۇرا ھال سۈرئەتتە مېڭىپ بېرىش) جىسمانىي ھەرىكەتنى كۈچەيتىش، سەيلە قىلىش، ئاستا يۈگۈرۈش، سۇ ئۈزۈش قاتارلىق نورمال ھەرىكەتلەر بىلەن مۇۋاپىق شۇغۇللىنىش لازىم. ھارغىنلىق ھېس قىلمىغان دەرىجىدە ئوكسىگېنلىق شارائىتتا ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىش، جىددىي ھەرىكەت يەنى، تېز يۈگۈرۈش، ئېغىر نەرسە كۆتۈرۈشكە ئوخشاش چارچىتىدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلماسلىق لازىم.

3. يېمەك ئىچمەككە دىققەت قىلىش: تۇزنى كۆپ ئىستېمال قىلماسلىق (كۈندە 4-2 گىرام)، ئاقسىل مىقدارى يۇقىرى بولغان ئۆي قۇشلىرى ۋە بېلىق تۈرىدىكى يېمەكلىكلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىش، تەركىبىدە كالتسىي، كالىي، ماگنىي قاتارلىق ئېلېمېنتلار بولغان يېمەكلىكلەر بىلەن مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش، سەي كۆكتاتنى كۆپرەك يېيىش، كەرەپشە سۈيىنى ئىچىپ بېرىش، يېشىل چاي ئىچىپ بېرىش مېۋە - چېۋىلەردىن شاتۇت، ئاق ئۈجمە، ئۈزۈم، شاپتۇل قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىش، قىش كۈنلىرى شۇلارنىڭ قۇرۇتۇلغان قېقىنى يەپ بېرىش كېرەك. تاۋۇز سۈيىمۇ بۇ ھەقتىكى پايدىلىق داۋالاردىن سانىلىدۇ. چىلان ۋە قاق چىلانىمىسى ئىچىپ بەرسە بولىدۇ. چىلان شەربىتى، بىنەپشە شەربىتى، رەيھان شەربىتى، تۇرۇنجى شەربىتى، گاۋزىبان شەربىتى، سۇمبۇل شەربىتى، زىرىق شەربىتى، لىمون شەربىتى قاتارلىق ھۆل سوغۇق شەربەتلەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى قان بېسىمىغا پايدىسى بار. كەرەپشە يىلتىزى بىلەن كۆممىقوناق ساقىلى ۋە چىلاننى قايىنىتىپ چاي ئورنىدا ئىچىپ بەرسىمۇ قان بېسىمنى چۈشۈرىدۇ. قوي گۆشى قاتارلىق ياغ تەركىبى يۇقىرى يېمەكلىكلەرنى ئاز ئىستېمال قىلىش، ھاراق تاماكىدىن ئۇزاق تۇرۇش، چوڭ تەرەتنىڭ راۋان بولۇشىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

ئەگەر يۇقىرىقى ئۇسۇللارنى ئادەتتە 3 ئايدىن 6 ئايغىچە قوللىنىپ ئەگەر يەنىلا نورمال قان بېسىم ئۆلچىمىگە يەتمىسە، يۇقىرى قان بېسىمغا قارشى دورىلار بىلەن داۋالىنىش زۆرۈر. سەل قاراپ دورا ئىچمەي يۈرۈشكە قەتئىي بولمايدۇ. قان بېسىم نورماللاشمىغاندا، سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللەر بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەندە، چوقۇم دوختۇرغا كۆرۈنۈش، دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە دورا بىلەن داۋالىنىش، دوختۇرنىڭ كۆزىتىشى ئاستىدا دورىنىڭ مىقدارىنى تەڭشەش كېرەك. شۇنداق بولغاندا قان بېسىمنى كونترول قىلىپ ئەگەشمە كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.



رەسىم: قان بېسىمىغا پايدىلىق بەزى مېۋىلەر



رەسىم: قان بېسىمىغا پايدىلىق بەزى كۆكتاتلار

# خىتايدىن دۇنياغا تارقالغان ۋۇخەن تاجىسىمان ئۆپكە ياللۇغى ۋىرۇسىغا ياپونىيە قانداق تاقابىل تۇردى؟

مۇقەددەس نۇر (ياپونىيە)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ قېتىملىق خىتاي ۋۇخەن تاجىسىمان ئۆپكە ياللۇغى ۋىرۇسىغا دۇنيا مىقياسىدا 9 مىليون ئادەم گىرىپتار بولدى. ئۆلگەنلەرنىڭ سانىمۇ 480 مىڭغا باردى. 2020 - يىلى خىتاي گۇۋاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىن تارقالغان سارس ۋىرۇسى دۇنيا خەلقىنىڭ ئېسىدىن تېخى كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيلا يەنىلا شۇ خىتاي باشقا بىر كېسەلنى دۇنياغا يامراتتى. ئامېرىكا پرېزىدېنتى ترامپ تەرىپىدىن «خىتاي ۋىرۇسى» دەپلا ناھايىتى ماھىيەتلىك نام بېرىلگەن. بۇ قېتىملىق ۋىرۇس پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىقتىسادىغا ۋە جەمئىيەت تەرتىپىگە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئېغىر زىيان ۋە بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كەلدى. خىتاينىڭ دەسلەپكى قەدەمدىكى ۋىرۇسنى دۇنيادىن يوشۇرۇش ئەجەللىك خاتالىقى، يالغانچىلىقى ۋە خىتاينىڭ پۇلغا سېتىلىپ خىتاينىڭ كانىيىغا ئايلىنىپ كەتكەن دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى باشلىقى تېدروسنىڭ نومۇسسىز ئاچكۆزلۈكى بىرلىشىپ كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇ قېتىملىق دۇنيا مىقياسىدىكى كىرىزىسنىڭ مىقدارىنى ۋە بۇ دەۋردە ياشاۋاتقان بىزگىلا ئەمەس كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزغا كەلتۈرگەن زىيانلىرىنى مۆلچەرلەش ھازىر تېخى مۈمكىن ئەمەس.

بۇ ماقالىدە مەن تۇرۇۋاتقان ياپونىيە دۆلىتىنىڭ ۋىرۇستىن يۇقۇملىنىش ۋە تەدبىر ئېلىش جەريانىنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇرىمەن. شۇنداقلا ياپونىيەدە نېمە ئۈچۈن يۇقۇملانغانلار ۋە ئۆلگەنلەر سانى دۇنيادا ئەڭ ئاز بولدى، ھەم قىسقا مۇددەتتە ۋىرۇسنى كونترول قىلىشتا غەلىبە قىلالىدى دېگەن مەسىلىلەرنى ياپونىيە يولغا قويغان كونكرېت تەدبىر، سىياسەتلەر ۋە ياپونىيە خەلقىنىڭ خاراكتېر، ئادەت، مىجەزى ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىگە باغلاپ مۇھاكىمە تەھلىل قىلىپ يورۇتۇپ بېرىشكە ۋە ياپونىيەنىڭ تەدبىر-سىياسەتلىرىدىن بىز ئۇيغۇرلار نېمىلەرنى كۆرۈۋالايمىز، ئۆزىمىزنىڭ يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئارتۇقچىلىقلىرىنى تونۇپ يېتىش ۋە جارى قىلدۇرۇشتا قانداق خىزمەت قىلدۇرۇپ ماڭىمىز دېگەن خۇلاسىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمەن.

## ياپونىيەدە ۋىرۇسنىڭ تارقىلىشى ۋە دەسلەپكى قەدەمدىكى خاتالىق

ياپونىيەدە ۋىرۇسنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى يېزىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ياپونلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى توغرىسىدا ئادەتتىكى ساۋاتتىن ئىككى كەلىمە يېزىشنى لايىق كۆردۈم. ياپونىيە خەلقىنىڭ پاكىز، ئىشچان، ئەدەپلىكلىكى تىللاردا داستان. ياپونىيەدە تۇرسىڭىز بۇ داستاننىڭ ناھايىتى ئەمەلىي بىر رىياللىق ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ھەقىقەتەن ئۇلار سىرتتىن كىرىپلا قول يۇيىدۇ ۋە ئاغزىنى چايقايدۇ. بۇ ئومۇملاشقان ئاممىۋى بىر ئادەت، ھەم قول يۇيۇش قاتارلىق جامائەت تازىلىقىغا مۇۋاپىق ئەسلىھەلىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ ھەم ئىنتايىن ئازادە كۆركەم، پاكىز.

ياپونلارنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ئۇلار ھەرقانداق ئەھۋالدا قارشى تەرەپ بىلەن مەلۇم بىر ئارىلىق ساقلاپ مۇناسىۋەت قىلىدۇ. بۇ ھېسسىيات جەھەتتىنمۇ شۇنداق، ئادەتتىكى ئۇچرىشىشلاردىمۇ ھەم شۇنداق. ھېچقانداق بىر ياپون پەۋقۇلئاددە بىر ئەھۋال بولمىسىلا ھېچقاچان بىر بىرىسى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەيدۇ ھەم قۇچاقلىشىپمۇ كۆرۈشمەيدۇ. پاكىزلىق ۋە بۇ خىل كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئارىلىق ساقلاش ئادەتلىرى قوشۇلۇپ ياپونىيەدە تاكى 2020 - يىلى ئىككىنچى ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بۇ كېسەلنىڭ تارقىلىشى بىر ۋەھىمە پەيدا قىلمىدى. لېكىن مۇشۇ پەيتتىمۇ ياپونىيە ئەڭ ئالدى بىلەن ياپونىيەدىكى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قىشلىق تەتىلىنى ئۇزارتىشنى قارار قىلدى. بالىلار قىشلىق تەتىلدىن باشلاپ تاكى 6 - ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىگىچە مەكتەپكە بارماي ئۆيدە بولدى.




1. رەسىم: كورونا ۋىرۇسىنىڭ ياپونىيەدىكى ھەر ئايدىكى تارقىلىش ئەھۋالى، 4 - ئاينىڭ ئاخىرى ۋە 5 - ئايدا يۇقىرى پەللىگە يېتىپ كېيىن پەسەيگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ

ياپونىيە ۋە ياپونىيە خەلقى دەسلەپتە ۋۇخەن ۋە خىتايغا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ياردەم بەردى. ۋۇخەندىن

ياپونىيە پۇقرالىرىنى ياندۇرۇپ ئەكېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئايروپىلانغا لىق ماسكا بېسىپ باردى. بىر توكيونىڭ ئۆزىدىن بىر قېتىمدا خىتايغا ئەۋەتىلگەن ۋىرۇستىن مۇداپىئە كىيىمىنىڭ سوممىسى ئۈچ مىليارد ياپون پۇلى قىممىتىدە. يەنە بىر چوڭ مەسىلە، ياپونىيە خىتاينىڭ بېسىمىدىن ئەنسىرىدىمۇ ياكى ئىنسان ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلىشنى ئويلىدىمۇ نامەلۇم، ئۇزۇنغىچە خىتاي - ياپونىيە چېگراسىنى تاقىمىدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئامالى بارلىكى خىتاي ياپونىيەگە ساياھەت قىلىمىز دېگەن باھانە بىلەن قېچىپ كېلىۋالدى. خىتايلارنىڭ مەقسىتى ياپونىيەنىڭ پاكىز مۇھىتى ۋە ئەۋزەل مېدىتسىنا شارائىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئەلۋەتتە. 2020 -يىلى 2 - ئايدا ياپونىيەگە كەلگەن خىتاينىڭ سانى 90 تۈمەندىن ئاشىدۇ، ئەسلى ياپونىيەدە 100 تۈمەن خىتاي بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ كىچىككىنە ياپونىيەدە 200 تۈمەنگە يېقىن خىتاي نوپۇسى بار بولدى دېگەنلىك. ئۇلار كەلگەندىن كېيىنلا ھەدەپ ماسكا ۋە دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى ۋە ھەرخىل مېدىتسىنا دورا، لازىمەتلىكلەرنى كۆچەپ سېتىۋېلىشقا باشلىدى ۋە خىتايغا ئەۋەتتى. ياپونىيە خەلقى بولسا كېرەكلىك لازىماتلىكلەرنى ھەم ماسكىنى سېتىۋالماسلىقىدەك ئەھۋاللارنىڭ ئېغىرلىشىشىغا ئەگىشىپ ۋىرۇستىن يۇقۇملانغانلارنىڭ سانىمۇ ئىراقلا كۆپەيدى. خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىقى ئاشتى، ياپونىيە ھۆكۈمىتىمۇ ئاخىرى خىتاي چېگراسىنى ئەتتى. لېكىن مۇشۇ دەسلەپكى بىخۇدلۇقتا تارالغان خىتاي ۋىرۇسى ياپونىيەدە ئىراقلا ھەيۋىسىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. توكيو ۋە خوككايدودا ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار ئىراقلا كۆپەيدى، 2020 - يىلى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ياپونىيەنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق كۆلكە چولپىنى شىمۇرا كېننىڭ خىتاي ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىپ 20 كۈنگىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، ئەڭ ئىلغار مېدىتسىنا داۋالاشنىڭمۇ قىلچە ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈشى ياپونىيە خەلقى ھەم ھۆكۈمىتىنى قاتتىق بىر چۆچۈتتى.

## ياپونىيەدىكى «دۆلەت جىددىي ھالەت» ئېلانىنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى ۋە ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

خىتاي ۋىرۇسىنىڭ ھەقىقىي ۋەھىمىسىنى تونۇپ يەتكەن ياپونىيە ھۆكۈمىتى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ مەسلىھەت قىلىش ئارقىلىق 2020 - يىلى 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «دۆلەت جىددىي ھالەت» باياناتى ئېلان قىلىندى. باياناتنىڭ ئاساسى مەزمۇنى، شەخسلەرگە قارىتا ياپونىيە پۇقرالىرى جىددىي ئىشى بولمىغان ئەھۋالدا سىرتقا چىقماسلىق، باشقىلارغا يۇقتۇرماسلىق ۋە ئۆزىگە يۇقۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قول يۇيۇش ۋە ئېغىز بوشلۇقى پاكىزلىقىغا كاپالەت قىلىش، تۇرمۇش رىتىمى ۋە ئوزۇقلۇققا دىققەت قىلىپ ساغلاملىقنى ئاسراش،

دىققەت قىلىش، ئىمكان بار ماسكا تاقاش قاتارلىقلار تەكىتلەندى. كارخانا، سودا ئورۇنلىرىغا بولسا كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك يېمەك -ئىچمەك ۋە دورا سېتىۋېلىشقا كاپالەت قىلىش، دوختۇرغا كۆرۈنۈپ داۋالىنىشقا كاپالەت قىلىش قاتارلىق ئاساسى بەلگىلىمىلەر ناھايىتى ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ بەلگىلەندى. ئارقىدىنلا يەنە ياپونىيە ئىقتىسادىنى قۇتقۇزۇش سىياسىتىمۇ تۈزۈپ چىقىلىپ ھەر-بىر نوپۇس بېشىغا 10 تۈمەن ياپون يېنى (1000 دوللار) تارقىتىش، ئوتتۇرا ۋە كىچىك كارخانا رېستورانلارغا 100 تۈمەن ياپون يېنى (10 مىڭ دوللار)چوڭلىرىغا 300 تۈمەن ياپون يېنى (30 مىڭ دوللار) تارقىتىش قاتارلىق ئەمەلى ھەم ھەقىقىي خەلقنى ئويلىغان بىر قاتار ئىقتىسادى سىياسەتلەر ئېلان قىلىندى. ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە ئالاھىدە تەكىتلەيدىغان بىر نۇقتا، ياپونىيەدىكى «دۆلەت جىددىي ھالەت» باياناتىنىڭ ھېچقانداق قانۇنى كۈچى ۋە زورلاش خاراكتېرىنىڭ يوقلۇقى، پەقەت ۋە پەقەت مەسلىھەت، ئۈندەش ۋە تەكلىپ خاراكتېرىدا ئىكەنلىكى، لېكىن 98 پىرسەنت ياپونىيە خەلقى بۇ تەكلىپنى خۇددى قانۇندەك شەرتسىز ۋە سادىقلىق بىلەن ئورۇنلىدى. بۇنىڭغا ياپونىيەدە تۇرۇۋاتقان پۈتكۈل ئۇيغۇرلار گۇۋاھ، ھەم بىزمۇ شۇنىڭ ئىچىدىكى ئالاھىدە مۇنەۋۋەر ئورۇنلىغۇچىلار دەپ ئۆزىمىزنى ماختاشقا ئەرزىيمىز.

ياپونىيە جەمئىيىتىدىكى ئەڭ چوڭ كرىزىس، يەنى ماسكا يېتىشمەسلىككە قارىتا بولسا ھۆكۈمەت خەلق بىرلىشىپ بىرلىككە بەك ئۈنۈملۈك بىرقانچە چارە ئىشلەتتى، مەن بۇ يەردە پەقەت مۇشۇ ماسكا مەسلىسى ھەققىدە ئازراق تەپسىلىي توختىلىشنى لايىق تاپىمەن.



2. رەسىم: ياپونىيە دۆلەت باياناتچىسى سۇگا ئەپەندىم قولدا تىكىلگەن ئەينۇ مىللىتىنىڭ خاسىيەتلىك تۇمارىنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن ماسكا بىلەن. (رەسىم ئاپتور تەرىپىدىن بىۋاستە ئېكراندىن تارتىلدى)

ياپونىيە خەلقى ئالدى بىلەن ماسكىنى داكا بىلەن ئۆزلىرى قولدا تىكىپ ماسكا يېتىشمەسلىك مەسلىسىنى ھەل قىلدى. ياپونىيەنىڭ باشلانغۇچ مائارىپىدىن باشلاپلا يولغا قويۇلىدىغان تىككۈچىلىك دەرسى ياپونىيە جەمئىيىتىنىڭ ئەر-ئايال، چوڭ -كىچىك ھەممىسىنىڭ چىرايلىق كېلىشتۈرۈپ ماسكا تىكەلىشىگە ئۇل بولدى.

پويىزلاردا ئىش ئورنۇمدا قولدا چېۋەرلىك بىلەن تىكىلگەن گۈزەل ماسكىلارنى كۆرگەن چاغلىرىمدا، ياپونىيە دۆلىتىنىڭ ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنى بىرلىكتە ئېلىپ بارىدىغان مائارىپ سىستېمىسىنىڭ كامالەتتىن قاتتىق تەسىرلەندىم ھەم قايىل بولدۇم. ياپونىيە دۆلەت باياناتچىسى سوگا ئەپەندىم كۆپ قېتىم ياپونىيەدىكى ئەينۇ مىللىتىنىڭ خاسىيەتلىك تۇمارىنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن قولدا تىكىلگەن ماسكا بىلەن مۇخبىرلارغا باياناتا بەردى (2-رەسىم).

بىز ياپونىيەدىكى قولى گۈل ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىمۇ دەرھاللا بۇ قولدا ماسكا تىكىش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ گۈزەل كۆركەم ئەتلەسلەردىن ماسكا تىكىپ دوست يارەن ساۋاقداشلىرىمىزغا تارقاتتۇق.

| 確認済み | 回復者数 | 死亡者数 |
|---|---|---|
| 17,968 | 16,212 | 955 |

| 地域 | 確認済み↓ | 回復者数 | 死亡者数 |
|---|---|---|---|
| 東京都 | 5,812 | - | 321 |
| 大阪府 | 1,809 | - | 86 |
| 神奈川県 | 1,431 | - | 94 |
| 北海道 | 1,199 | - | 95 |

3. رەسىم: ياپونىيەدە كورونا بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 16212، ئۆلگەنلەر سانى 955.

ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ماسكا يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش چارىسى تېخىمۇ نەتىجىلىك ۋە ئۈنۈملۈك بولدى. ختاي ھەدەپ ماسكا يېتىشمىگەن دۆلەتلەرگە ماسكا ئەۋەتىمىز دەپ قۇرۇق ھەم ساختا تەشۋىقاتىنى باشلاپ مىكروب باسقان ھەم قىممەت ماسكىسى بىلەن ۋىرۇس يايغۇچى بەتبەشىرە ئالۋاستىدىن «ختاي كەلدى شەپقەتچى پەرىشتىسى»گە ئايلانماقچى بولۇپ، ئاقماس ھىيلىگەرلىك دورۇتنى ئۆزىگە تازا ئوقۇپ دۇنيانىڭ بېشىنى مالىمان قىلىۋاتقان كۈنلەردە، باش مىنىستىر ئابې دەرھاللا ھەر بىر ئائىلىگە ئىككىدىن ئاق داكا ماسكا تارقىتىپ بەردى ۋە بۇ ماسكىلارنى يۇيۇپ ئىشلىتىپ بىر قېتىملىق ئىشلىتىلىدىغان ساجىكال ماسكىلارنى دوختۇرخانا ۋە قېرىلار ساناتورىيەسىگە ئۆتۈنۈشكە چاقىرىق قىلدى. بۇ چارە ياپونىيەدىكى ماسكا يېتىشمەسلىككە خاتىمە بېرىش رولىنى ئوينايالا قالماي، ختاينىڭ ماسكا ئارقىلىق پۇل تېپىش ۋە كېسەل تارقىتىش سۇيىقەستىگە ئەجەللىك زەربە بېرىش ئۇنى ۋىرۇسچى يالماۋۇز دېگەن ئەسلى قىياپىتىدە قالدۇرۇپ قويىدى. مەن بۇ ئەقىلگە قول قويىدۇم.

2020 - يىلى 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ياپونىيە «دۆلەت جىددىي ھالەت» باياناتى ئېلىپ تاشلاندى، تۇرمۇشىمىز ۋە جەمئىيەت ئاستا-ئاستا نورماللىشىشقا كېتىۋاتىدۇ. لېكىن ۋىرۇس تېخى تەلتۆكۈس يوقالغىنى يوق، ۋاكسىنا ھەم ئۈنۈملۈك دورا تېخى يوق. ھازىرغىچە ياپونىيەدە يۇقۇملانغان ئادەم سانى جەمئى 16877 ئادەم، ئۆلگەنلەر 894 ئادەم، بۇنىڭ ئىچىدە ختايلار 9000 ئادەم، دېمەك ياپونىيەدىكى يېرىمدىن كۆپرەك يۇقۇملانغۇچىلار ختايلار دېگەن سۆز، ياپونىيەلىكلەرنىڭ ناھايىتى ئاز يۇقۇملانغانلىقىغا مانا بۇ سانلار گۇۋاھ (بۇ سانلار مەن مۇشۇ ماقالىنى يېزىۋاتقان كۈندىكى سانلار).

## خۇلاسە

يۇقىرىدا ياپونىيەنىڭ ختاي ۋىرۇسى توغرىلىق ئالغان تەدبىرلىرىنى ۋە شۇ جەريانىنى قىسقىچە بايان قىلدىم. بۇ قېتىملىق ۋىرۇسقا قارشى كۈرەشتە مېنى ئەڭ قايىل قىلغىنى ياپونلارنىڭ تەشكىلاتچانلىقى، ئارتۇق گەپ كەتمەيدىغان مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە ئىنتىزامى بولدى. بۇ ماڭا «ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جوۋالدۇرۇز» دېگەن ئۇيغۇر ئاتا سۆزىنىڭ ھەققىي مەنىسىنى تونۇتتى دېسەم ئارتۇق كەتمەس. بۇ جەرياندا ياپونىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلق ئوتتۇرىسىدا جىق دەتالاش بولدى، لېكىن ھەرقانداق بىر دەتالاش ياپونىيە دېگەن مۇشۇ دۆلەت بىلەن خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغان بىر ئاساس ئۇلىنىڭ، ئورتاقلىقنىڭ ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلدى. تالاش تارتىش ئارقىلىق «قايسى پىكىر قايسى چارە مۇشۇ تۈپ مەنپەئەت ئۈچۈن بەكرەك خىزمەت كۆرسىتەلەيدۇ» دېگەن ئۇقۇم ئېنىق بولغاندا ھېچ ئىككىلەنمەستىن شۇنىڭغا يول بېرىلدى.

مېنىڭچە بىزنىڭ ياپونىيەدىن ئۆگىنىدىغان ئەڭ ئاساسلىق يەرلىرىمىزنىڭ بىرى مانا مۇشۇ ياپونىيەنى ياپونىيە قىلىپ، ياپونلۇقنى ياپون قىلىۋاتقان ئۇلاردىكى ئورتاق ھەم سۇنماس ياپونىيە دۆلىتى ئۈچۈن دېگەن دۆلەتچىلىك ئېڭىدۇر. بىزدىكى «مۇستەقىللىقىمىز ئۈچۈن» دېگەن ئورتاق ئاڭ مانا مۇشۇنداق ھەممىنىڭ ئاساسى ۋە ئورتاق نىشانى بولالىغاندا بىزنىڭ غەلبىمىزمۇ بەلكىم يىراق ئەمەس.

**ئىزاھات:** ماقالىدا ئىشلىتىلگەن سانلىق مەلۇماتلار ياپونىيە دۆلەتلىك كورونا ئەھۋالى تور بېتىدىن ئېلىنىپ ئانالىز قىلىندى (ئا).

# جەننەتتە كۆرۈشەرمىز!

قۇدرەت ئەزىز (تۈركىيە)

كەلدى بۈگۈن ئۇزۇن ساقلىغان شۇم خەۋەر،
يۈزۈڭنى ئاخىرقى قېتىم كۆرەلمەي،
بۈگۈن بولغاچ ياكى يالغانمۇ بۇ خەۋەر.
چۈشۈممۇ ئوڭۇممۇ تاڭ مەن ھېچ ئۆرەلمەي.
شۇ يەردە كېلىپسەن شۇ يەردە كېتىپسەن،
كەڭرىمۇ تارمۇ چوڭام سالغان «يېڭى ئۆستەڭ»،
يەتتە پەرزەنتىڭ كۆڭلىنى غەش ئېتىپسەن.
شۇ كۆۋرۈكتىن قورقماي، قۇربانلىق قىلغان دەپ ئۆتسەڭ.
ماڭا دېگەن ئەڭ جىق گېپىڭ: كەل بالام پۈتۈمنى تۇت،
پۇل تېپىشقا باردۇر ئېپىڭ، ئال بالام بۇ ياغنى يۇت.
سېنى ياخشى كۆرەتتىم بىراق ئىچىمدە ئۆلمەس قېرى دەيتتىم،
چوڭ بولساڭ پۇل تاپسەن، ماڭا ئەكېلىپ بېرسەن دەيتتىڭ.

پۇل دەپ ئۆتكەن ئۆمرۈڭ، قۇرۇق قول كېتىپسەن دادا،
بىزگە يەنە نېمىگە ئۈندەيتتىڭ، بۇرچىمىزنى قىلماستىن ئادا.
ياش ۋاقتىڭدىكى كىبىرلىكىڭ ئەمدى بېشىڭغا چىقتىمۇ،
ئاغرىمايمەن، قېرىمايمەن مەزمۇت بەستىم تىكتىغۇ.
كىشنىڭ يۇرتىدا ئۆرلەپ كۆككە تاقاشمىدىم،
پەقەت سەن كۆرگەن شەھەرنى مەنمۇ كۆرەي دېدىم.
چۈنكى بىر كۈنى مېنىڭمۇ نەۋرەم بولىدۇ،
مەنمۇ ئۇنىڭغا پۇتۇمنى تۇتقۇزسام كۆزلىرى ياشقا تولىدۇ.
مەنمۇ سەندەك بەستلىك ھەم سېيمايىڭ ئەكس ئېتىدۇ،
ئۇرۇق تۇغقانلار كۆرۈپ ئەزىز ھاجىمنى ياد ئېتىدۇ.
مەنمۇ بىر كۈنى كېتىمەن بەلكىم سېنىڭ يېشىڭدا،
بەلكى يېڭى ئۆستەڭدە، ئىستانبۇلدا ياكى قېشىڭدا...

# ئىككى شېئىر

كەۋسەر (تۈركىيە)

## تېمىسىز

ئوقۇ دەپ سامادىن كەلدى بىر خىتاب.
جاھالەت زۇلمەتتۇر، بىلىگدىن يول تاپ.
قاغجىرىغان ئېلىڭنى كۆكەرتكىن كۆكەرت،
زەمزەمدەك شىپالىق بۇلاقلار باشلاپ.

قاشاقلىق ئىنسانغا بولسا ھۆكۈمران،
سەپسەتە قوينىدا يۈرەر تېڭىرقاپ.
ئادالەت سەن ئۈچۈن بولسۇن نۇر ماياك،
زۇلمەتنى شەمشەردە تاشلا پاچاقلاپ.

كۆزۈڭدىن ئايرىلساڭ ئەما مەن دېمە،
ھەقتىن ئايرىلغان ھەقىقىي بىتاپ.
ئازگالغا يېقىندۇر بىلسەڭ شۇ نادان،
ئوقۇغىن بېھىشكە باشلايدۇ كىتاب.

ئەقىدەڭ يولۇڭغا بولسۇن قاراۋۇل،
ئىلىم دەپ ياشىغىن ئۆمرۈڭنى ئاتاپ.

بەردەم بول يۈكسەلگىن ئېگىز چاققىغا،
يالتايما يولۇڭدىن داۋانغا قاراپ.

مېھنەتسىز ئەمەندۇر ھەتتاكى ھەسەل،
خۇشاللىق بىلىنەر چەككەندە ئازاب.
بېرىلمە دۇنياغا، ئىلىم ئۇ دۇنيا،
شەرەپ قۇچ يۈسۈپتەك، مەڭگۈلۈك قۇت تاپ.

2018 - يىلى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى

## كەۋسەر

كىملەرگە ھېيت بولدى، كىملەرگە ماتەم.
شادلىققا چۆمدى كىم، كىم چەكتى ئەلەم.
ئاسماندا قۇش كەبى قانات قاقسا كىم،
كىم مەندەك ھەسرەتتە يۈگۈرتتى قەلەم.

كىمنىدۇر دادىسى باسسا باغرىغا،
ئاھ! كىملەر قۇچاقلاپ يىغلار قەبرىنى؟!

كىمنىڭدۇر مەڭزىگە سۆيسە جان ئاپا،
يەنە كىم بۇلۇڭدا قىسار بويىننى.

كىملەردۇر پەرزەنتتىن كۈلسە زوق ئېلىپ،
يەنە كىم ئوت بولۇپ يانار دەردىدە.
كىملەردۇر تەنتەنە قىلسا جەم بولۇپ،
يەنە كىم مېنىڭدەك يەككە - يېگانە.

شارابى ۋىسالدا غەرق بولسا كىم،
يەنە كىم بوغۇلار ھىجران دەردىدە.
بەش مىنۇت ۋاقىتقا زار بولسا كىملەر،
يەنە كىم ئۆتكۈزەر كۈننى بىھۇدە.

كىملەردۇر يورۇققا بولسا زارى - زار،
بەزىلەر قۇياشتىن قىلار شىكايەت.
شادلىقنىڭ دورىسى بولسا بەزىلەر،
«بەزىلەر» دۇنياغا ئاپەتتۇر ئاپەت.

2020 - يىلى 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى

# ئىككى شېئىر

ئايگۈل ئالىم (ئاۋستىرالىيە)

## سىز يوق بايرام بولامدۇ ئانا

ئانىلارنىڭ بايرىمى كەپتۇ،
بارچە دوستلار ھەسرىتى يەپتۇ.
ئانىسىزغا ماتەم ئەمەسمۇ،
سىز يوق بايرام نەدىكەن ئانا!

خىياللىرىم قۇچىقىڭىزدا،
ھىدلامدىم تىنىقىڭىزدىن.
يىغلاپ ئۆتتۈم تەقدىرىمىزدىن،
سىز يوق بايرام نەدىكەن ئانا!

تاشلاپ كەتكەن كۆڭلىرىم لەنەت،
ھەردەقىقەم چەكمەكتە زۇلمەت.
ۋەتەنسىزگە يوق ئىكەن قىممەت،
سىز يوق بايرام بولامدۇ ئانا!

گۈل تېنىڭىز يۇرت تۇپرىقىدىن،
يورۇق يۈزلەر ئەل دۇئاسىدىن.
نەدە بەخت يۇرتقا زارىدىن،
سىز يوق يەردە بايرام يوق ئانا!

قايتسام دەيمەن ئانا تۇپراققا،
ئارمان بىلەن قالماي ئۇزاقتا.
سىزگە ياندىش ياتسام تۇپراقتا،
ماڭا شۇ كۈن بايرامدۇر ئانا!

2020 -يىلى 10 -ماي

## ئانامغا مەكتۇپ

ئانىسىغا گۈل سۇندى دوستلار،
سۇنغۇم كەلدى مىسكىن كۆڭلۈمنى.
بىر بايرامدا پۈتۈك تۇتالماي،
قەرزدار روھ قىينىدى مىنى .

ئانام ھىدىڭ قالغان ھەدەمنى،
ئۈز چىرايىڭ گۈزەل سىڭلىمنى.
چۈشەپ چىقتىم يەنە ھويلاڭنى،
بايرام قاپتۇ ئۇندا جان ئانا!

بايرام دېدى باراي نەلەرگە،
تەۋەررۈكلەر تۇرسا يىراقتا.
تىلەك تىلەپ ئۆتمەي نائىلاج،
ئۈمىد باركى ۋىسال ئۇزاقتا.

بالام تۇرار يېشىمنى سۈرتۈپ،
غەيرەت قىلاي سەندىن ئۆگىنىپ.
ھايات ئۈچۈن يىگىمنى تۈرۈپ،
سېنىڭ بالاڭ، چىدايمەن ئانا!

2020 -يىلى 10 -ماي

# ئىككى شېئىر

تاھىر تاشقىن (تۈركىيە)

## پەرىشان قەلب

سەن مەن بىلەن ھەر زامان رەببىم،
مەن سەن بىلەن ھېچ بولالمىدىم.
نېمەتلىرىڭنى ئىچىدە شۈكۈرسىز،
ساڭا لايىق قۇل بولالمىدىم.

قۇياش، ھاۋا... سانسىز رىزقىڭدىن،
ئۆمرۈم بويى مەنپەئەتلەندىم.
ئەمما بۇنىڭ شۈكۈرانىسىنى،
لايىقىدا ھېچ قىلالمىدىم.

سىنىڭ سۆزۈڭ ئىشكاپ ئىچىدە،
چىن يۈرەكتىن سىردىشالمىدىم.
پۈتۈن ئىلىم ئۇندا تۇرسىمۇ،
ئۇنىڭغا ھېچ چىلىشالمىدىم.

قۇرئانىڭنىڭ سىزغان يولىنى،
بىلىپ تۇرۇپ ئەگىشەلمىدىم.
تىرىك قۇرئان ئۈممىتى تۇرۇپ،
تىرىك قۇرئان ھېچ بولالمىدىم.

پەيغەمبىرىڭ قالدۇرغان ئىزدىن،
تاپىباستۇرۇپ ھېچ ماڭالمىدىم.
پەيغەمبەرنى سۆيگەن كۆرۈندۈم،
سۆيگەنلەردەك ھېچ بولالمىدىم.

شەرەپلىك مەخلۇق بولۇپ تۆرەلدىم،
شەرىپىمنى ھېچ ساقلىيالمىدىم.
ئادەم بولۇپ يارالساممۇ گەر،
ئادەمدەك ئادەم ھېچ بولالمىدىم.

نەپىس دېگەن بەڭباش شۇمپەننى،
ساۋاب تۇردۇم ھېچ يىڭەلمىدىم .
زامان - زامان يىڭىپ قالساممۇ،
ھەر كۈن يەڭگەن ھېچ بولالمىدىم.

تىللاپ تۇردۇم دۇنيا، نەپسىنى،
بىراق رىشتەمنى ھېچ ئۈزەلمىدىم.
ئىككى كۈنلۈك دۇنيا دېدىمىۇ،
قانائەتچان ھېچ بولالمىدىم.

سىزىپ تۇردۇم خاتالىرىمنى،
تووۋاغا ھېچ ئالدىرىيالمىدىم.
پىنھانلاردا سەجدىگە بېرىپ،
ئۆكسۈپ -ئۆكسۈپ ياش تۆكەلمىدىم.

بەك مۇرەككەپ ئىكەنسەن دۇنيا،
مەن ئۆزۈم بولۇپ ھېچ ياشيالمىدىم.
ئاتا-ئانا قېرىندىشمنىڭ،
سۆيگۈسىگە ھېچ قانالمىدىم.

كىندىك قىنىم ئاققان تۇپراقتا،
ئاددىي ئىنسان ھېچ بولالمىدىم.
مۇھاجىر بولۇپ يۇرتتىن چىقتىمىۇ-
مۇھاجىر بولۇپ ھېچ ياشيالمىدىم.

## خاتىمە

رىزىق قىلىپ بەر ئەي كەرەم رەببىم،
دىلىم ھەر چاغ سىنى ئەسلىگەي.
سىنىڭ ئىشقىڭ، سىنىڭ بۇ پەيزىڭ،
قۇرۇق تىلىمنى دائىم نەملىگەي.

قەلبىم سۈزۈك، كۆزلىرىم نۇرلۇق،
ھەققە دائىم خىزمەت ئەيلىگەي.
تىلىكىم شۇ، مۆمىندەك ياشاپ-
مۆمىندەك ئۆلمەكنى نېسىپ
ئەيلىگەي.

## ئۈگۈتلەر

ئەقىل ھۆسنى پىكىر قىلىشتۇر،
ھەق - ناھەقنى پەرق ئېتىشتۇر.
ھەقنى سۆيۈپ، ھەقنى ئالقىشلاپ،
ھەقسىزلىققا ئىسيان قىلىشتۇر.

تىل ھۆسنى ھەقنى سۆزلەشتۇر،
گەر بولمىسا سۈكۈت قىلماقتۇر.
راستچىللىقنى سۆيگەن ئىنسانلار،
نېمە دېگەن ئېسىل ھەمراھتۇر.

قەلب ھۆسنى گۈزەل چۈشەنمەك،
بىر-بىرىگە ھەققىي ئىشەنمەك.
رەشك-ھەسەت غەيۋەت نىپاقنى،
قەلبىمىزدىن پۈتۈن ئۆچۈرمەك.

توغرا قارىغان توغرا كۆرىدۇ،
قىزىل كۆزلەر قىزىل كۆرىدۇ.
سەن كۆزۈڭنى پاكىز تۇتمىساڭ،
تۇلۇن ئايلار تۇتۇق كۆرۈنىدۇ.

قۇلاق ھۆسنى ھەقنى ئاڭلىماق،
غەيۋەتلەرگە قۇلاق يوپۇرماق.
ھەر يوچۇققا قۇلاق ئاسماستىن،
ئەخلاق بىلەن گۈزەل ياشىماق.

بەدەن ھۆسنى ئاللاھقا قۇللۇق،
گۇناھلاردىن يىراق تۇرغۇلۇق.
ھەر ئۈگىنىڭ ھەققى بېرىپ،
ئىككى جاھان نىجات تاپقۇلۇق.

# ئىككى شېئىر

ئابدۇخېبىر خېلىل تەۋەككۈل (تۈركىيە)

## يەتتە يىللىق ھىجران

يەتتە ئەزا بولدى گاراڭ،
يەتتە ئىقلىم بىلمىدى.
يەتتە ياشقا كىرگەن قىزىم،
ئالتە يىلدۇر كۆرمىدى.

يەتتە يىل قايناپ قازاندا،
يەتتە يازنى مەن كۈتۈپ.
يەتتە تاغ ئاشتىم ھاياتتىن،
يەتتە قىشنى ئۇزۇتۇپ.

گۈلچىمەن باغ بولدى خازان،
لالە - رەيھان توزۇتۇپ.
قوندى ئاق چېچىمغا لەك - لەك،
مۇدھىش بورانلار ئۇچۇرۇپ.

ئەي پەلەكنىڭ گەردىشى،
كەلمە قىستاپ يانمۇ - يان.
يەتتە قات ئاسمان يىراق،
يەتتە قات زېمىنمۇ ھەم...

يەتتە ياشلىق ناتىۋانىم،
قالدى مەندىن بەك يىراق.
ئۆل دېدىم ئۆزۈم - ئۆزۈمگە،
ئۆلتۈرمىدى دەردى - پىراق...

2020 - يىلى 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى
ئىستانبۇل

## شەپەقتىكى تۇيغۇ

قىپقىزىل شەپەقنىڭ ئالتۇن تېنىدە،
چاراسلاپ كۆيگىنى مېنىڭ يۈرىكىم.
قارايغان دەۋرنىڭ تەتۈر بېتىدە،
ئىڭرايدۇ ئاھ مېنىڭ سانسىز ئۈمىدىم.

يىراق شۇ سەھرادا بىر قىز ـ بىر ئوغۇل،
ئاتىنىڭ مېھرىدىن مەھرۇم ياشايدۇ.
ئەسلەيدۇ ۋە لېكىن ئاتا بىقۇۋۇل،
ئاھ قىزىم - ئوغلۇم دەپ يۈرەك يىغلايدۇ.

يۈرەكنى تىلغىسا سانسىز سوئاللار،
قىزارغان شەپەقتىن رەڭ ئالار يۈزۈم،
قالدىغۇ جاۋابسىز مۈكچىيىپ تەنھا.
ئۆزۈمنى تاپالماي ئاۋارە ئۆزۈم.

# شېئىرلار

ئەزىمجان نىزامىي (قىرغىزىستان)

## ۋەتەن

مولللا يۈسۈپ بىلال نازىم،
ۋەتەن-ئەلگە قىلۇر تازىم.
تەرك ۋەتەن قىلىپ ئامما،
يۈرىكى خۇن، كۆزى ئەما...

ۋەتەن ئەڭ ئۇلۇغ - مىللەت بەك ئەلا،
ۋەتەن پاسىبان مېھرىبان ئانا.
ۋەتەننى سۆيگەن دىلدا ئىمان بار،
ۋەتەن قەررىنى ئۇنۇتما ئەسلا.

ئاڭلا ۋەتىنىم يۈرەك سۆزۈمنى،
ساڭا ئاتىدىم بارى - يوقۇمنى.
ۋەتەنىنىڭ ئىشقى شائىرغا ئىلهام،
ۋەتەن ھەققىدە تۈگىمەس ناخشام.

1963 - يىلى، فىرۇنزې (بىشكەك)

## ئوغلۇڭ كېلۇر

ئەلەم دەشتىنى كېزىپ،
چېكىپ غۇربەت ئوغلۇڭ كېلۇر.
غەم سەھراسىدا كېزىپ،
مەجنۇن سۈپەت ئوغلۇڭ كېلۇر.

مېھرىڭگە ھېچ قانمىغان،
قەلبى يارا ئوغلۇڭ كېلۇر.
جان ئانا سەن بول ئامان،
بەختى قارا ئوغلۇڭ كېلۇر.

ھىجرانلاردا ياش تۆكۈپ.
كۆزى ياش ئوغلۇڭ كېلۇر.
مۇھەببەتتىن دىلىغا تۈگۈپ،
دەردكە ئەسىر ئوغلۇڭ كېلۇر.

1968 -يىلى، فېۋرال

## دىيدىمغۇ

بۇ جاھاندا ئەڭ ئۇلۇغ – ئۇيغۇرۇمنى دېدىمغۇ،
قاراپ باققىن ئەپتىمگە، مەن ئۆزۈمنى دېدىممۇ.
ياتمىدىم مەن غەپلەتتە تۈندە بىدار ئىدىمغۇ،
كۈتكىنىم راست زارىقىپ، تاڭغا خۇمار ئىدىمغۇ.
باغنى بوۋام ياراتقان گۈل سۆيگىنىم يامانمۇ،
ياۋا قاۋان گۈلشەننى چەيلىگىنى يالغانمۇ؟!
يۇلتۇزلارمۇ كۆچكەنغۇ، گۈلخان يېنىپ ئۆچتىمغۇ،
ئەزەلدىنلا ئۇيغۇرۇم ئەزگۈچىگە ئۆچتىمغۇ.
قاچانغىچە يىتتىم مەن، رەڭگى - روھىم سامانمۇ،
پەرياد ئەيلەپ ئۇيغۇرۇم يىغلايدىغان زامانمۇ،
(ھوقۇقنى ئىنسانىنىڭ چەكلەيدىغان دەۋرمۇ)
قۇرامىغا يەتتى ئۇيغۇر بەزلىنىدىغان نادانمۇ،
بەر قارار ئۆزىمىز ھەق ئادالەت ئامانغۇ!
دوست يىغلىسا زۇلمەتتە مەن قاقاقلاپ كۈلدىممۇ،
پايدا كۆزلەپ ئۆزۈمگە مەن پالاقلاپ يۈردىممۇ.
قاراپ باققىن ئەپتىمگە مەن ئۆزۈمنى دېدىممۇ،
بۇ جاھاندا ئۇلۇغۋار ئۇيغۇرۇمنى دېدىمغۇ.

1971 -يىلى، فىرۇنزې (بىشكەك)

## ئارمان بولۇر

ئىچكەنلەرنى كۆردۈڭ، دوستۇم،
تۇرقى شەيتان ھايۋان بولۇر.
بۇ بەزمىدىن قاچقىن، دوستلار،
ئاخىر بىر كۈن يامان بولۇر.

سالامەتلىك ئۈچۈن ئىچ دەپ،
زەھەر يۇتقان يامان بولۇر.
ئەللەر ئوقۇپ لەنەت-غەزەپ،
تۇرۇشىڭغا ھەيران بولۇر.

قاپاق تۈزۈپ جانان تۇرار،
پەرزەنتلىرىڭ سەرسان بولۇر،
ئېيتىمۋېرىڭ يالغان بولۇر،
ئۆي روزىغارىڭ ۋەيران بولۇر.

بەش بالىنى ئېلىپ خوتۇن،
باشقىلارغا راۋان بولۇر،
سوغۇق ئوچاق، يوقتۇر ئوتۇن،
ئەمدى يامان ئارمان بولۇر.

1989 - يىلى، فىرۇنزې (بىشكەك)

## قەلبىم يارا

مەجنۇن كەبى يالغۇزلۇقتا چۈشتى باشىمغا غۇربەت،
دىلىم سۇنۇق، ئۆستى ساچىم، قامىتىم پورەك سۈپەت.
ئۆمرۈم ئۆتتى پىغان ئىچىدە، كۆرمىدىم ھېچ ھالاۋەت،
شۇم پەلەكتىن كەلدى باشقا ھەم تۇمان مىڭ پالاكەت.
بېشىمدا غەم، غېرىبلىقتا دىلىمدا پۈتمەس غوۋغا،
نىزامىينىڭ ھالىنى سوراڭ، دەردىگە بارمۇ داۋا؟

1963 - يىلى، مارت

# شېئىرلار

چولپان (ئۆزبېكىستان)

## پۈتتى

بەر قولۇڭنى، شۇ تىترىگەن قولۇم بىلەن ئاخىرقى قېتىم،
بىر سىقاي، كېيىن، ھەرگىزمۇ ئۇ قوللارغا تېگىش يوق.
كۆزلىرىڭنى ئاخىرقى قېتىم تىككىن خىرە كۆزۈمگە،
كۆكرىكىمگە كىرپىكلىرىڭ ئاخىرقى قېتىم ئاتسۇن ئوق.

كۆكرىكىمدە تېخىچە ئۇچماي قاراپ تۇرغان يۇلتۇزنىڭ
كۆر يۈزىنى، ئايرىلىشنىڭ كۆزى بىلەن سارغايغان
سەن كېتىسەن، يۇلتۇز ئاقىدۇ، يالغۇزلۇققا تاشلانغان
ئوكسىگېنگە پايدىسى بولماس كۈندۈزنىڭ ئاپتاپلىرى.

بەر قولۇڭنى، ئاخىرقى قېتىم، يالغۇز قالغان يېتىمگە،
ئات ئوقۇڭنى ئاخىرقى قېتىم، ئەلەم تولغان كۆكسۈمگە...
1922 - يىلى

## ئۆلۈمدىن كۈچلۈك

– ئۆلۈم، سەندىن كۈچلۈك باشقا كۈچ بارمۇ؟
سەن دە ھېچ مەرھەمەت بولغانمۇ؟
– مەندىن كۈچلۈك، مەندىن قۇۋۋەتلىك بولغانلار بار:
مانا، مەندىن ھېچ قورقمايدىغان ئادەملەر!

## قىزلارنىڭ دەپتىرىگە

كۆڭۈل، تىنماس كۆڭۈل، ئەمدى يېتەر، كۆز تىكمە گۈللەرگە،
گۈزەلدۇر، ياشدۇر ئۇ گۈللەر، پەقەت ئالدانما ئۇلارغا،
كى، قىزغانماس، كۆڭۈل ئۇنىماس سېنىڭدەك ئاق كۆڭۈللەرگە...

ئۆزبېكچىدىن مۇرات ئورخۇن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (تۈركىيە)

# ئىككى شېئىر

گۈلناز سەيدۇللايېۋا (قازاقىستان)

## ھالىمغا يەت

ھال سورىما - ھالىمدىن بىزار،
مەجبۇرلىما ئېيتىشقا يالغان.
ئۆز-ئۆزۈمنى بەزلەيمەن، جېنىم،
ئاھ، بۇ دۇنيا ھەممىدىن قالغان.

تىلىم كەمتۈك، قۇلاقلىرىم پاڭ،
كۆزۈم ئەلەس يىقىلدىم تام.
مۇغەمبەرلىك قىلمىغىن، جېنىم،
ئەھۋالىمنى بىلىسەن، تامام.

قايناپ كەتتى پورۇقلاپ قازان،
بىر قاپاق سۇ قايتۇرغىن ئىلدام.
ئوچىغىمنىڭ تۇرخۇنى پاكار،
يانغان ئىستىن قېقىلدى چىدام.

ھال سورىساڭ دېمەيمەن مۈشكۈل،
ئالىلىماي نۇر تۆكىدۇ كۈن.
ۋىرۇس بولۇپ يۇقمىسۇن ھالىم -
ھالىمغا يەت، جېنىم، قاتقىن ئۈن.

## شور پېشانە

تەقدىر چېھرىگە چېچىلغان سەپكە،
شور پېشانەمگە چاپلايمۇ شەربەت.
تىنىق تارايدى بىر سېسىق گەپكە
ھەسەن -ھۈسەنگە ئايلاندى شەپقەت.

شاپىلاق يېگەن بىچارە غۇرۇر،
نىمجان ژەرەنچە مارايدۇ مەيۈس.
دېۋىرقاي چاتقان تىللاردا سۈكۈت،
گۈلدۈرمامىلار چامدايدۇ گۈس-گۈس.

تاردۇر مۈرەمگە كىيگەن چاپىنىم،
قىسىپ يۈرەككە يەتمەيدۇ ھاۋا.
ھەسرەت يېغىشقان بال ھەرىلىرى،
گىڭىلدىشىڭنى كۆرمەسكەن راۋا.

پاشىغا يەتمەي دېڭىزنىڭ سۈيى،
چۆكۈپ ئۆلۈپتۇ مۇھىتتا بېلىق.
زاغرا بۆلۈشكەن ئۇنتۇلدى كۈنلەر،
يۇتقان ھاۋاغا كېسىلىپ سېلىق.

قۇش بالىسى ھەم چوقۇلاپ ھاردى،
قاناتلىرىنى يېيىپ ئۇچالماس.
قېنى شاكىراب بىر شور پېشانە،
ئەسىردىن ئەسىر بەخت قۇچالماس.

# تاشلاندۇق چۈش

(ھېكايە)

رەنا غوپۇر (ئاۋسترالىيە )

سالام باھار،

«باشتا كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ» دەپ ئاتىلار سۆزى بار. مەندەك جاھىل ئادەملەر تىرىشچانلىق بىلەن تەقدىرنى ئۆزگەرتىپ كېتەلەيمىز دەپ ئىشىنىمىز. ھالبۇكى، بەزى چاغلاردا ۋەياكى بەزى ئادەملەرنىڭ تەقدىرى تىرىشچانلىقىغا قاراپ ئۆزگىرىش بولمايدىكەن.

ساڭا بىر ھەمشەھەرىمنىڭ ھاياتىنى سۆزلەپ بەرمەكچىمەن. بۇ ئايالنى مەن تونۇمايمەن. توغرىسى تونۇشقا پۇرسىتىم بولمايدۇ. ئۇ بىر نەچچە يىل ئاۋۋال باقىغا سەپەر قىلىپتۇ. بۇ ھېكايىنى ماڭا ئېيتىپ بەرگەن دوستۇمدىن بۇ ھەمشەھىرەمنىڭ ئىسمىنى سوراشمۇ خىيالىمغا كەلمەپتۇ. بۇ ھاياتنىڭ ئېچىنىشلىقىدىن بىر ئىچ ئاغرىقى تارتىپ قالدىم. ئاپام بىرەرسىگە «ئىچىم ئاغرىدى» دېيىشىمىزنى ياقتۇرمايتتى، « ئاللاھنىڭ ئىچى ئاغرىسۇن دەڭە بالام»دەيتتى. بەلكىم مېنىڭمۇ يامان كۆنلەرگە قېلىشىمدىن ئەنسىرىسە كېرەك. ئىشقىلىپ بۇ ھاياتنى ساڭا سۆزلەپ بېرىشنى قارار قىلدىم.

بولۇپمۇ دوستۇمنىڭ «مىجەزى سىزگە ئوخشايتتى رەنا، ھېچبىر گەپنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيدىغان، ھېچكىمگە گەپ ئۇتتۇرمايدىغان قىز ئىدى. بىللە بولساق كۈلۈپ بېشىمىز ئاغرىپ كېتەتتى» دېگىنىنى ئاڭلاپ رەھمەتلىكنى تېخىمۇ چۈشەنگەندەك بولدۇم. مىجەزىمىزنىڭ ئوچۇق يورۇقلۇقى، شوخلۇقۇمىز قانداقتۇر خۇشاللىقتىن ئەمەس، ئەكسىنچە غايەت زور بىر قايغۇنى ياشاۋاتقانلىقىمىزدىن ئىدى. باشقىلارنىڭ ئۇ ئاجىزلىقىمىزنى سېزىۋالماسلىقى ئۈچۈن قەيسەر، يېڭىلمەس قىياپەتتە كۆرۈنىمىز، ئەمما يۈرەك پارە - پارە بولدى. گەپنى ئۇزارتماي. ئۇنىڭ ئىسمىنى «لالە» دەپ ئاتاشنى قارار قىلدىم.

بىر كۈندىلا لالە ئاپاسىز قالدى. ئاپاسىز قالغان يەنە ئاكىسى، ھەدىسى ۋە بىر سىڭلىسى تۆت بالا ئىدى. ياش ساغلام ئانىنىڭ تۇيۇقسىز كېتىشىنى كىممۇ ئويلىغان دېيىسەن. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى ياخشى ئىدى. ئەگەر ئاپىسى بۇرۇنراق يۈرىكى ئاغرىيدىغىنىنى بىلگەن بولسا داۋالىتىشقا قۇربىتى تامامەن يېتەتتى. ئەمما يۈرەك تىقىلمىسى شۇنچە تېز يۈز بەردىكى، ئاپا ھېچكىم بىلەن خوشلىشىشقا ئۈلگۈرمىدى. دادىسى دالان ئۆيدە چىنە قاچا جاۋىنىنىڭ ئۆرۈلگىنىنى كۆرۈپ يېنىغا كەلگەندە ئايالىنىڭ بەدىنىنىڭ تۆۋىنى جاۋەنىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ تۇراتتى. قارىغاندا ئۇ كىسەللى تۇتۇپ جاۋەنگە يۆلىنىپ قالغان، جاۋەن ئۇنى كۆتۈرەلمەي ئۇنىڭ بىلەن تەڭ يىقىلغانتى. دادىسى ھازا ئېچىپ قوشنىلارنى ياردەمگە

چاقىرىپ، دوختۇرغا تېلېفون قىلىپ، مەكتەپكە قىزى لالەنى چاقىرىشقا ئادەم ئەۋەتكەندە ئۇ تەنەپپۇستا بارلىق ئاپىسى ھايات باللارغا ئوخشاش مەيداندا دوستلىرى بىلەن ئويناۋاتاتتى. سىنىپ مەسئۇلى ياشانغان ئايال ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى كۆزلىرى قىزارغان ھالەتتە ئۇنى چاقىرىپ كېلىپ كەلگۈچىنىڭ ۋېلىسىپىتىدە ئۆيگە يولغا سالدى. ئۇمۇ «دادام كەلسۇن دەپتۇ» دەپ ئويۇنغا قىيماي ماڭدى.

14 ياش، باھار، بىر قىزبالا ئۈچۈن ئانا نەقەدەر مۇھىم ھە! ئەلۋەتتە ئانا ھەممە ياشتا مۇھىم. بىراق قىز بالىنىڭ بالاغەتكە يېتىۋاتقان مەزگىلىدە ئانىسىدىن سورايدىغان تالاي سوئاللىرى بولىدۇ. ھېچبولمىسا ئانىسىغا قاراپ قانداق ئايال بولۇشنى ئۆگىنىدۇ . شۇڭا « ئانا كۆرۈپ قىز ئال» دېيىمىز ئەمەسمۇ. ئۇنىڭغا بۇنداق پۇرسەتمۇ بولمىدى. ئەگەر بۇنى بەختسىزلىك دېسەك ئۇنداقتا بۇ ئۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق بەختسىزلىكلەرنىڭ مۇقەددىمىسى بولدى. دادىسى توغرىراقى ئاكا- ھەدىسىنىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولۇشقا باشلىدى. بۇ ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى دادىل، مۇستەقىل، قورقماسلىقنى يېتىلدۈرۈپلا قالماي سەل ئۆز بېشىمچى بولۇشىغىمۇ سەۋەب بولدى. ئوقۇشى يامان ئەمەستى، ئەمما ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا رايى يوق ئىدى. ئۆزى ئېگىز بوي، زىلۋا ئەمما شىرداق ئورۇق ئەمەس، چىرايلىق قىز ئىدى. مىجەزىنىڭ ئوچۇق يورۇقلۇقى قوشۇلۇپ ئوغۇللارنىڭ مەيلىنى تارتىدىغان قىز بولۇۋاتاتتى. تولۇق ئوتتۇرا يىللىقنىڭ ئىمتىھانىنى بېرىپ بولۇشىغىلا ئۇ مەكتەپتىن چىقىۋالدى. دادىسى ۋە قېرىنداشلىرى نېمىلا دېمىسۇن ئۇنى رايىدىن قايتۇرالمىدى. مەكتەپتە ئۇنىڭغا يوشۇرۇنچە كۆيۈپ يۈرگەن بىر نەچچە ئوغۇل ساۋاقدىشى بارمىقىنى چىشلەپلا قالدى.

ئۆيدىكى تالاش تارتىش باشلاندى. ئۇ ئەمدى نېمە قىلىشى كېرەك؟ دادىسى، ئاكىسى ۋە ھەدىسى باش قاتۇرۇپ بىرسى بىرەر كەسىپتە ئوقۇسۇن دېسە، بىرسى دۇكان ئېچىپ بېرەيلى دەيتتى، يەنە بىرسى بىرنېمە. ئۇنىڭدىن سورىسا «مەن بىر نەچچە ۋاقىت ئوينايمەن» دېدى . ئەمما باھار، ئۇ ئوينىمىدى، ئۇ بازار كۆزەتتى. ئۇنىڭ مىجەزى بەك چىقىشقاق. شۇڭا دۇكان خوجايىنلىرى ۋە خېرىدارلار بىلەن ئاسانلا پاراڭلىشالايدۇ. شۇنداق قىلىپ نەچچە ئاي باشقا ساۋاقداشلىرى ئالىي مەكتىپىنى تېپىپ بولغىچە ئۇ كەلگۈسىدىكى تۇرمۇش يولىنى تېپىپ بولدى. ئۇ ئىچكىرىدىن مال ئەكىلىدىغان خىتايلار بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۈرۈمچىدە تازا ئاقىدىغان، قىز ئاياللارنىڭ كىيەكلىكىنى ئەكېلىپ دۇكاندارلارغا توپ ئۆتكۈزۈشنى باشلىدى. ئايال كىشىنىڭ پۇلىنى تاپماق ئاسان. ئۇ ئۆزىلا تىرىك مودىل. ساۋاقداشلىرى

تېخى ئۆيدىكىلەردىن تۇرمۇش پۇل ئېلىۋاتقاندا ئۇ بانكىدا قەرەللىك پۇل قويىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

لالەنىڭ كۆڭلىرى ئالدىراشچىلىقتا ئۆتۈۋاتاتتى. لالە باشلانغۇچنى ئۈچىنچى سىنىپقىچە خىتايچىدا ئوقۇپ كېيىن ئۇيغۇرچىغا ئالماشقان. خىتايچىسى ياخشى بولغاچقا ئىچكىرىدىن مال يۆتكەيدىغان خىتايلار بىلەن سۆزلىشىشتە پەقەت قىينالمايتتى. ۋەتەنىنىڭ باشقا يەرلىرىدىن كەلگەن پارچە ساتقۇچىلار تىل سەۋەبلىك قىينىلاتتى. شۇڭا ئۇلار لالەدىنلا مال ئېلىشنى ئىشەنچلىك ھەم قولايلىق كۆرەتتى. لالە مۇشۇنداق خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا سۇدىكى بېلىقتەك سودىسىنى راۋان يۈرۈشتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئوتتۇرا مەكتەپ ساۋاقداشلار يىغىلىشى قىلىمىز دېگەن ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندا، لالە ئازراق ئىككىلەندى. ساۋاقداشلىرى ھەممىسى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. ئۇ بولسا يەككە تىجارەتچى. ھەرھالدا ئۆزىنى سەل كەمسىتكەندەك بولدى. ئەمما ھالال ئەمگەك بىلەن پۇل تېپىپ جېنىنى بېقىۋاتسا، بۇنىڭ نومۇس قىلغۇدەك نېمىسى بار؟ ئۇ چىرايلىق ياسىنىپ ئولتۇرۇشقا باردى.

باھار، دېگىنىمدەك لالە چىرايلىق قىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىلىۋاتقان سودىسى تۈپەيلى ئۇنىڭ مودىدىن ۋە ئۇنى ماسلاشتۇرۇشتىن خەۋىرى بار. شۇڭا ئۇ زالغا كىرگەندە ئالىي مەكتەپنىڭ تۆۋەن يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان قىز ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا توخۇ كاتىكىگە كىرىپ قالغان ئاققۇدەك كۆزگە چېلىقىپ قالدى. قىزلار ئۇنى ئورىۋېلىپ كىيگەن كىيىملىرىنى تۇتۇپ كۆرەتتى. گىرىملىرىنى سورايتتى. لالە بەكمۇ خۇشپېئىل. كىم نېمىنى سورىسا دەپ بېرىپ، ھەتتا ئەرزان باھادا ئېلىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى.

بۇ پاراڭلارنى يەنە بىر ئۈستەلدە ئولتۇرغان ئىككى ئوغۇل بالا ئاڭلاپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇ ئىككىلىسى لالەنىڭ ئۇزۇن يىللىق ساۋاقدىشى ھەم لالەگە ئاستىرتىن كۆيۈپ يۈرگۈچىلەر ئىدى. ئېگىز بوي، كېلىشكەن، سەل يەڭگىلتەك كۆرۈنگىنى مەدەنىيەت سەنئەت ساھەسىدىكى ئىككى پېشقەدەمنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى، ئىككى قىزدىن كېيىن تۇغۇلغان بىر تاللا بايۋەتچىسى، بىر ئۆيلۈك ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ، ئاغزىدىن چىققىنىنى تەييار قىلىدىغان دىلشات، يەنە بىرسى قارا قاش، ئەقىللىقلى بىلىنىپ تۇرىدىغان، دادىسى ئوقۇتقۇچى ئاپىسى دوختۇر قەيسەر. ئىككىلىسى لالەگە تېخى مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ باقمىغان. بۇرۇن كىچىك دەپ ئۈنىماسمىكىن دېگەن ئەندىشىدە بولسا، ئەمدى ئالىي مەكتەپكە چىقتۇق دەپ لالەنى قوغلىششقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. قەيسەر كۆپ ئويلايدىغان ئېھتىياتچان بالا ئىدى. دىلشات تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش كېرەك دەپ بىرىنچى قول تانسىغىلا لالەنى تارتتى.

لالە بىلەن ئىككىسى تانسا ئوينىغاچ بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلىشىپ قىزغىن مۇڭدىشىۋاتاتتى. قەيسەر كۆزلىرىنى باشقا ياققا بۇراپ تۇرسىمۇ يەنىلا شۇياققا قاراپ سېلىۋاتاتتى. بۇنى قىزلار تويىدىكى بۇ ئىشقتىن خەۋىرى بار بەرنا كۆرۈپ تۇرىدە، قەيسەرنىڭ يېنىغا كېلىپ «ئىككىنچى قول تانسىدا ئىلدامراق بولغىن. لالەنى دائىم ئۈچرىتىش پۇرسىتى بولمايدۇ. قولدىن بېرىپ قويما» دەپ رىغبەتلەندۈردى. ھالبۇكى بىرىنچى قول تانسا تۈگىشىگە دىلشات لالەنىڭ يېنىدىن كەتمەي سۆڭدىشىپ ئولتۇرۇپ پاراڭنىڭ ئاخىرىنى قىلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كۈلكىسى قەيسەرنىڭ قۇلىقىغا پۇشتەك چالغاندەك ئاڭلىنىپ بىئارام بولاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەممە تانسىنى لالە دىلشات بىلەنلا ئوينىدى. قەيسەر غەيرەت قىلىپ تارتىۋالاي دېسە دىلشات ئۇششۇقراق، ئەگەر ئىككىسى تارتىشىپ قالسا ئۆزىنىڭ لالەنىڭ ئالدىدىكى ئوبرازىغا تەسىر يېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تىت تىت بولۇپ پۈتكۈل ئولتۇرۇش جەريانىدا ئورۇندۇقنى ساقلاپ ئولتۇردى. ھەتتا لالەنى كەچتە ئاپىرىپ قويۇشمۇ دىلشاتتىن ئاشمىدى. دىلشات ئوغۇللارنىڭ ئىسقىرتىپ قىلىۋاتقان چاقچاقلىرى بىلەن«داۋاي!» دەپ لالەنى ئېلىپ ماڭغاندا قەيسەر بىر ئاچچىق بىلەن قاراپ قالدىيۇ، «يەنە پۇرسەت بولىدۇ» دەپ ئۆزىگە تەسەللى ئىزدىدى. ئەمما باھار، لالە تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قەيسەرگە مەنسۇپ بولمىدى. پەقەت ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يېزىغا خىزمەتكە چۈشۈپ كەتكەن قەيسەر بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ قويۇندەك يېتىپ كېلىپ، بېلىگە ئاق باغلاپ، تاۋۇتنىڭ ئالدى ئۇڭ تەرەپ شادىسىنى كۆتۈرۈپ مېڭىۋالدى.

لالە شۇندىن كېيىن دىلشات بىلەن يۈرۈپ قالدى. بۇ گەپ ساۋاقداشلار ئىچىدە شۇنداق تېز تارقالدى. قەيسەر بۇنى ئاڭلاپ لېۋىنى چىشلەپلا قالدى. بەرنا «بازار چاققاننىڭ بوپتۇ-دە» دەپ ئويلىغانچە قەيسەرگە ئىچىندى.

تۇنجى مۇھەببەت دېگەن بەك تاتلىق بولىدۇ باھار. لالە بىلەن دىلشات ئىككىسى ھەم بوي تۇرقى، چىرايى جەھەتتىن ماسلاشقان، لالە سودىگەر، دىلشات ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، ئوقۇش پۈتتۈرسىلا ئۆيدىكىلىرى ياخشى خىزمەتكە كىرگۈزۈپ قويالايدۇ. شۇڭا ھەممەيلەننىڭ بۇلارغا ھەۋىسى كېلەتتى.

لالە ئىچكىرىدىن مال يۆتكەۋاتقان خىتايلارنىڭ سۆزىدىن ئەگەر ئىچكىرىدىن بىۋاستە ئۆزى مال ئەكىرىپ توپلا ئۆتكۈزسە پۇلنى ھەسسىلەپ تاپالايدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ چاغدا گۇاڭجۇنىڭ ئاق ئات، قارا ئات دەپ ئىككى توپ سېتىش بازىرى بولىدىغان. پۈتۈن خىتاي ئۆلكىسىگە شۇ يەردىن مال تارقىلاتتى. سەنلا ماركىسىنى دەپ بەرسەڭ ھەممە نەرسىنىڭ يالغىنى بار ئىدى. ئۇنى ئېلىپ باشقا يەردە ساتىدىغان بولساڭ پۇل ساناپ بارمىقىڭنىڭ پېيى تارتىشىپ قالاتتى. شۇڭا لالەمۇ بىر تەۋەككۈلچىلىك قىلماقچى بولدى.

بۇ پىكرى بىرىنچى بولۇپ ئاچىسىنىڭ چالۋاقىشىغا دۇچ كەلدى:

– ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ ئەمدى كۈلچىلىق قىلاي دەمسەن. ھېلىمۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇماي سودا قىلدىم دەپ دوستلىرىمنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى قويمىدىڭ!

دادىسى بىلەن ئاكىسىمۇ بۇ ئىشنىڭ خەتەرلىكلىكىنى

كۆزدە تۇتۇپ قوشۇلمىدى. ئەمما لالەمۇ بوش كەلمەي كۈندە دەۋىرىپ ئۇلارنىڭ بېشىنى ئوچاق ئېتىشكە باشلىدى. ئاخىرى دادىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاكىسىنىڭ ئەندىشىلىك جېكىلەشلىرى، ھەدىسىنىڭ رازى بولماي بۇتناشلىرى بىلەن گۇاڭجۇغا يولغا چىقتى.

لالە گۇاڭجۇنىڭ بازارلىرىنى كۆرۈپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. ئەيىۇھەنناس ئادەمدىن باشقىسىنى ساتامدۇ نېمە؟ ئادەم دېگەن مىغ مىغ، بىر بىرسىگە سوقۇلماي مېڭىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ زامانلاردا نەق پۇل سودىسى قىلىدىغان بولغاچقا، ھېلىقى ئۆزى مەينەت، خەجلىسە لەززەت قەغەز قولدىن قولغا ئۆتۈپ پۈرلىشەتتى. ئەتىگەنلىرى دۇكاندارلار دەسلەپ قىلغان پۇلنى دۇكاندىكى پۈتۈن مالغا ئۇرۇپ چىقىپ، يەرگە تاشلاپ دەسسەپ ئاندىن قويىنغا ياكى بېلىدىكى سومكىسىغا سالاتتى. ھەممىلا دۇكاندا بايلىق ئەۋلىياسىنىڭ بۇتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى كىچىك ئۈستەلدىكى يېمەكلىك كۈندە ئالماشتۇرۇلاتتى. كۈچە كۆيدۈرۈلەتتى. دۇكاندار ۋە خىزمەتچىلەر تازىم قىلىشاتتى. لالە مۇشۇلارنى كۆرگەچ، قۇلاقتا ئۇرۇشقاندەك ئاڭلىنىدىغان يەرلىك تىلدا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ ئارىسىدا، بەتبۇي پۇرايدىغان دۇكانلاردا ئۆزى «مۇشۇ ماڭىدۇ» دېگەن ماللاردىن ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتتى. ھەم بىراقلا ئۆتكۈزۈپ تەڭگە تەك پايدىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئەكەلگەن مودا كىيىم، ئاياق، سومكىلىرى بىلەن گىرىم بۇيۇملىرىنى ئىشلەتكەن ئاچىسىنىڭ ئاغزى بېسىقتى. سىڭلىسى ئوقۇش قۇراللىرى بىلەنلا گول بولدى. دادىسى بىلەن ئاكىسىمۇ لالەنىڭ غەيرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. شۇندىن باشلاپ يىگىرمىگە قەدەم قويمىغان لالە «كۆلچى» بولۇپ قالدى.

لالە ئەمدى ئانىسىز ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا ئۆزى خوجا بولۇشقا باشلىدى. ئاكىسى بىلەن ھەدىسى ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردە دادىسىغا ياردەملىشىپ ئۆينىڭ يۈكىنى يېنىكلەتتى. ئۇندىن كېيىن سىڭلىسىنى ئوقۇتتى. لالە يەنە ئۆزىنىڭ تويى ئۈچۈن پۇل يىغاتتى. دىلشات بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى داۋاملىشىۋاتاتتى. لالە تاتلىق خىياللارنى سۈرىدۇ. دىلشات بىلەن نىكاھ ئوقۇتقۇنىنى، ئاخۇنۇمنىڭ ئۈچىنچى قېتىم ماقۇل كۆردىلمۇ دەپ سورىغىنىغا دوستلىرىنىڭ زورى بىلەن «ماقۇل كۆردۈم» دەپ ئۈنسىز يىغلاپ تۇرغىنىنى، دوستلىرىنىڭ تۇزغا چىلانغان ناننى كىم باشتا يەۋالسا ئۆيدە شۇنىڭ گېپى ئۆتىدۇ دېيىشلىرى بىلەن چاينىماي يۇتۇپ قېقىلغىنىنى، قىز يۆتكىگىلى كەلگەن يىگىتلەر ئارىسىدا كېلىشكەن دىلشاتنىڭ تازىم قىلىپ، ئۇنىمىسا قولىدىن تارتىپ ئېلىپ ماڭغىنىنى، دىلشاتنىڭ ئاپىسىنىڭ يۈزىدىكى چۈمبەلنى قايرىپ پېشانىسىگە سۆيگىنىنى، تانسا ئوينىغاندا «گوركى» ساداسى ئىچىدە دىلشاتنىڭ لەۋلىرىنىڭ يۈزىگە بىلىنەر بىلىنمەس تەككىنىنى، كەچتە يالغۇز قالغاندا دىلشاتنىڭ تاتلىق گەپلىرى، يېقىملىق ئەركىلىتىشلىرى... نى خىيال قىلىپ كۈلۈمسىرەيدۇ. ئەمما دىلشاتنىڭ ئۆيدە رىئاللىق قارىمۇ قارشى پەردە داۋاملىشىۋاتاتتى.

خەلچەم ئاپپاي قار يامغۇر تۇتۇلۇپ ئۆيگە كىردى.

— دىلشات، ھەي دىلشات، ماياققا چىقە!

ئىككى قىزى ئاپىسىنىڭ ئىنىسىغا بۇنداق ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىمىغان. دىلشاتقا قوشۇلۇپ ئۇلارمۇ مېھمانخانا ئۆيگە كىردى.

— بالام، مەن بىر تاللا ئوغۇل دەپ كۆزۈمنىڭ قارىچۇقىغا دەسسىتىپ چوڭ قىلىۋاتسام، قوشنا-قولۇملار باشقىچە گەپنى قىلىپ يۈرىدىغۇ؟

دىلشات پەرۋاسىزلارچە:

— نېمە دەيدۇ قوشناك ئاپا؟ — دەپ سورىدى. ئاپىسى تېخىمۇ چېچىلدى.

— نى خەقلەر ماڭا قىزىنى كېلىن قىلىپ بېرەيلىمكىن دەپ ئاغزىنى تاتلىق قىلىپ يۈرسە، سېنى نەدىكى بىرسى بىلەن يۈرۈۋاتىدۇ دەيدىغۇ. ئاپىسى بولمىسا مەيلى بالام. قازا دېگەن ھەممىگە بار. ئالىي مەكتەپنى ئوقۇمىغىنى ئاز كېلىپ «كۆلچىلىق» قىلىدىغان قىزبالا ئىكەنغۇ. ئەمدى مەنزە كېلىنىم كۆلغا كەتكەن دەپ نەۋرە بېقىپ ئولتۇرامتىم ؟

دىلشات:

— ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق قايسى نەۋرىنى باقسەن؟ «كۆلچى» بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئاچىلىرىمۇ كۆلىنىڭكىنى ئالىمىز دەپ تاپىنى تېشىلەي دەيدىغۇ؟ باشقىلار نېمە بولسا ئۆزىنىڭ ئۆيىدە. مېنىڭ ئۆيۈمگە ئۇنداق قىزبالا كېلىن بولالمايدۇ!

جېدەل شۇنىڭدىن باشلاپ تۈگىمىدى. تالاغا چىقسا، كىرسە ئاپىسى «كۆلچى، تەربىيەسىز» دەپ دېمىگەن ھېچنېمىسى قالمىدى. يا دادىسى يا ئاچىلىرى ئۇنىڭ تەرىپىنى ئالمىدى. قېرىشقاندەك تۇرۇپلا لالە بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدى. دىلشات بىر ئامال قىلىپ لالەنى ئىچكىرىگە بارمايدىغان قىلىمەن دەپ قەستەن لالەنى ئىزدىمىدى. «ھېلتىن بۇنداق قىلسا كېيىن ئېشىۋالىدۇ» دەپ لالەمۇ ئۇنى ئىزدىمىدى.

شۇ ۋاقىتتا لالە يەنە گۇاڭجۇغا ماڭىدىغان بولۇپ قالدى. تەييارلىق پۈتكەندە شېرىكىنىڭ ئىشى چىقىپ قالدى. ئېلىپ بولغان بېلەت قايتۇرۇلمايدۇ. لالە بۇرۇن نەچچە ماڭغان يول بولغاندىن كېيىن دەپ ئۆزى يالغۇز يولغا چىقتى. چىقتىيۇ بىر نەچچە يىلغىچە قايتىپ كېلەلمىدى.

يېشىل پويىزنىڭ كارىۋاتلىق ۋاگونى. ھەرخىل ئاۋاز، ھەر خىل پۇراق، سىرتتىكى زېرىكىشلىك چۆلنىڭ مەنزىرىسى قوشۇلۇپ لالەنىڭ ئىچىنى سىقاتتى. ئۇ سەپەرداشلىرىغا قارىدى. ھەر خىل مەقسەتتە يولغا چىققان كىشىلەر. گۇاڭجۇغا پويىز ئالمىشىش توغرا كېلەتتى. ئۇ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن پاراڭ باشلىغان ئۇدۇل كارىۋاتتىكى ياش خىتاي قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدى. بۇ قىز دادىسى بىلەن دورا ئۆسۈملۈكى ئالغىلى ماڭغانتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە ئۇنداق نەرسىلەر ۋەتەندە بەك پۇل بولارمىش. لالە بۇ

قىزنىڭ ھەرخىل سەرگۈزەشتىلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلىغاچ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. ئانىسىدىن كىچىك ئايرىلغان ئىككى قىز كۆز ياش قىلىشىپ ياخشى دوست بولۇپ قالدى. پويىز ئالمىشىدىغان جىڭجۇغا يەنە بەش سائەت قالدى. خىتاي قىزى مۇشۇ يەردە قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى خوشلىشىدىغان گەپلەرنى قىلىشقاچ ئولتۇردى. قىزنىڭ دادىسى ئۇلارغا ئىچىملىك، شىمشىكا ئېلىپ بەردى. لالە ئۇسساپ تۇرغاچقا ئىچىملىكنى بىر كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى. ئاندىن قاتتىق كەلگەن بىر ئۇيقۇدىن پەقەت كۆزىنى ئاچالماي بېشىنى كىچىك ئۈستەلگە قويۇپلا ئۇيقۇغا كەتتى. باھار، لالە شۇ ئۇيقۇ بىلەن ھاياتىنىڭ ئەڭ قارا باسقان چۈشتەك قىسمىنى باشلاپ كەتتى.

قاتتىق ئۇسسۇزلۇق، يېرىلىپ كېتىدىغاندەك ئاغرىۋاتقان باش، بوششىپ كەتكەن بەدەن. لالە كۆزلىرىنى ئاران ئاچتى. يەنە يۇمۇپ يەنە بىر ئاچتى. بۇ قەيەر؟ غۇۋا نۇر يورۇتۇپ تۇرغان قازناقمۇ، گەمىمۇ شۇنداقراق بىر يەر. توپا تام، ياغاچ سۇپا. سۇپىنىڭ ئۇدۇلىدا بىر قوپال ياغاچ ئۈستەل، ئىككى مايماق ئورۇندۇق. ئۈستەل ئۈستىدە بىر نەچچە ئەسكى چىنە. ئۈستەل ئۈستى بىر قەۋەت توپا. نۇردا چاڭ -توزان ئۇچۇپ يۈرگىنىنى كۆرگىلى بولىدۇ. لالە دەرھال ئېسىگە كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەينىگە قارىدى. توپا باسقان، شالتاق، ئالقاندىن چوڭراق دېرىزە. پۈتۈن يورۇقلۇق شۇنىڭدىن كىرىۋاتاتتى. ئۇ سەكرەپ چۈشۈپ قوش قاناتلىق ئىشىكنى تارتتى، ئەمما ئېچىلمىدى. ئىشىككە سىرتىدىن يوغان قۇلۇپ سېلىنغان ئىدى. ئىشىك يوچۇقىدىن بىر بەتبەشىرە يۈز، تۆشۈكتەك كۆز، پاناق بۇرۇن، كالاچ ئېغىز، سارغايغان چىش، پاخپاي چاچ بىر خىتاي ئەر ھىجىيىپ ماردى.

لالە بۇ چىرايىنىڭ بەتبەشىرىلىكىدىن چۆچۈپ كەينىگە داجىدى. بەتبەشىرە بىرسىنى چاقىرىپ بىر نېمىلەرنى دەپ كولدۇرلاپلا كەتتى. بىردەمدە خىتاي موماي بىلەن بوۋاي ئىشىك تۈۋىگە پەيدا بولدى. ئۇلار يەرلىك تىلدا بىر نەرسىنى مەسلىھەتلەشكەندەك قىلىۋاتاتتى. ئاخىرى موماي ئىشتان بېغىغا ئېسىقلىق ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئىشىكنى ئاچتى. لالە ئۆزىنى تالاغا ئاتتى. ئۇ ھويلىدىكى يەردە تۇرغان ئۆزىنىڭ چامادان سومكىسىنى كۆرۈپ ئۇنى ئېلىپلا دەرۋازىغا ماڭدى. ئەمما دەرۋازا يەنە قۇلۇپلاقلىق ئىدى. ئاڭغىچە ئۈچ خىتاي كېلىپ ئۇنى تارتىشتۇرۇپ بىرنېمىلەرنى دېيىشكە باشلىدى. لالە سومكىسىنى ئېچىپ قارىدى. ئىچىدە پورتمىلى يوق تۇراتتى. لالە بۇلارغا ئۆزىنىڭ ئوغرىغا ئۇچرىغىنىنى، دەرۋازىنى ئېچىۋەتسە ساقچىغا بارىدىغىنىنى دېدى. ئەمما بۇ ئۈچ خىتاي «ياق» دەپ باشقا گەپنى قىلاتتى. بۇ گەپلەرنى تەستە چۈشىنىۋاتقان لالە ئۆزىنىڭ 7000 يۈەن خەلق پۇلىغا بەتبەشىرىگە خوتۇن قىلىپ سېتىپ بېرىلگىنىنى بىلدى. لالە بېشىغا بىرسى كالتەك بىلەن بىرنى قويغاندەك ئاغرىق بىلەن يەر جاھان پىرقىراۋاتقاندەك ھېس قىلدىيۇ، ھوشىدىن كەتتى. بۇ ئۈچ خىتاي يەنە لالەنى كۆتۈرۈپ ئابايىقى گەمە ئۆيگە ئەكىرىپ ئىشىكنى قايتا سولاپ قويدى.

تەقدىرنىڭ تەتۈر قويۇنى لالەنى شۇنداق بىر يەرگە ئەكېلىپ تاشلىدى. خېنەننىڭ ئەڭ كەمبەغەل چەت يېزىسى بولۇپ ساپسېرىق توپا يەر، سۇ كەمچىل، بەرەڭگىدىن باشقىسى ئاساسەن ئۈنمەيدىغان ئېتىزلى، يېزىلىقلار بەك نامرات ئىدى. قىزلىرى ياخشى كۈن كەچۈرۈش ئۈچۈن باشقا يېزىلارغا توي قىلىپ كېتەتتى. ئوغۇللىرى خوتۇن ئالالماي بىر ئۆمۈر بويتاق ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇ چاغلاردا خېنەن يېقىنقى يىللاردەك قان سېتىپ باي بولۇش يولىغا كىرمىگەن، شۇڭا كېيىنكى ھەشەمەتچىلىك ۋە يىگىنىنى ئالماشتۇرماسلىقتىن پەيدا بولغان ئەيدىز بىلەن ئۆلىدىغانلار ئۆلۈپ يېزىلار قۇرۇقدالغان چاغلار ئەمەستى. يېزىدىكىلەرنىڭ خوتۇنغا جىددىي ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن يېڭىچە بىر كەسىپ ئادەم بېدىكلىكى پەيدا بولغانىدى. باشقا يەرلەردىكى قىزلار ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئەكىلىنىپ قىز كېرەك ئۆيگە سېتىلاتتى. لالەمۇ مۇشۇنداق بىر قىسمەتكە دۇچ كەلگەن ئىدى.

گۈگۈم ۋاقتى، لالە يۈزىگە تەگكەن يىرىك بىرنەرسىنى سېزىپ ئويغاندى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىگە ھىجاراپ تۇرغان بەتبەشىرىنى كۆردى. بەتبەشىرىنىڭ يېرىلغان قاپقارا قولى ئۇنىڭ يۈزىنى سىلاۋاتاتتى. لالە جان جەھلى بىلەن بەتبەشىرىنى مۇشتلاپ تېپىشكە باشلىدى. بەتبەشىرە تۇڭگۇزدەك چىرقىراپ ئۆينىڭ ئىچىدە يۈگۈرەيتتى. ئاۋازنى ئاڭلاپ باستۇرۇپ كىرگەن بوۋاي موماي لالەنى مىڭ تەسلىكتە ئاجرىتىپ بىر ئارغامچا بىلەن پۇت قولىنى باغلاپ قويدى. لالە بۇنىڭدىمۇ پەسەيمەي بۇلارنى تىللايتتى، يۇلقىنىپ قۇتۇلۇشقا ئۇرۇناتتى. موماي بىر ئەسكى لاتىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا كەپلەپ قويدى. چىرايلىق ساغۇچ دولقۇن چاچلىرى چۇۋۇق، يوغان كۆزلۈك لالە ئاغزىغا تىقىلغان لاتىنىڭ بەتبۇيىدىن تىنالماي قالدى. ئۇنىڭ ئوغۇللار كۆيىدىغان چىرايلىق كۆزىدىن ياش قۇيۇلۇپ گۈزەل يۈزىنى يۇيۇشقا باشلىدى.

لالە بەش ياش ۋاقتىدا بىر كىچىك كۈچۈكنىڭ قوغلىشىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن پات پاتلا ئۇ ئىتنى چۈشەيتتى. ئەمما چۈشىدىكى ئىت يوغان قارا ئىتتى. لالە چۈشىدە كۈچىنىڭ بېرىچە قاچاتتىيۇ ھەر قېتىم ئىتقا تۇتۇلاتتى. ئىت ئۇنى غالجىرلىق بىلەن تالايتتى. لالە چۈشىنىڭ دەھشىتىدىن چىلىق چىلىق تەردە ئويغىناتتى. ئانىسى ھايات چېغىدا دۇرۇت ئوقۇپ ئۇنى سۈفكۈشلەيتتى. باش كۆزلىرىنى، ئۈچىسىنى سىلايتتى. نامىزىدا لالەگە ئاللاھدىن دۇئالارنى قىلاتتى. بۇ چۈش پەقەت توختىمىدى. لالە دورا بىلەن مەست قىلىنغاندىمۇ ئوخشاش چۈشنى كۆرگەنىدى. چۈش تەدبىرلىرىگە كۆرە قارا ئىت دۈشمەن سۈرى، بالا قازا سۈرى.

لالە باغلانغان، ئاغزىغا ئەسكى لاتا كەپلەنگەن پېتى نەچچە ئويغىنىپ نەچچە ئۇخلاپ ياتتى. ئۇ نېمە ئويلىشىنى بىلمەيتتى. بۇنى بىر چۈش بولسا، «ئەندىكىپ ئويغىنىپ كەتسەم بولاتتى» دەپ تىرىشتىيۇ، ئۆتكەن كۈنلىرى چۈشتەك بىلىنىشكە باشلىدى.

ئاغزىغا گىياھ سالمىغىلى بىر كۈن بولغانىدى. دورىنىڭ تەسىرى، توختىماي تۆككەن ياش ۋە بۇ ناتونۇش كىلىماتى قوشۇلۇپ ئۇنى شۇنداق ئۇسسىتىۋەتتى. بۇ چاغدا

ختاي موماي بىر چىنىدە ئەسلى ئۇماچ دەپ ئىتىلگەن ئەمما يۇندىدەكلا بىرنېمىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، لالەنىڭ ئاغزىدىكى لاتىنى ئېلىۋەتتى. لالە چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋالدى. موماي بىر ياغاچ قوشۇقتا ئۇنىڭ ئاغزىغا ئۇماچنى ئۇزاتتى. ئۇماچتىن چىقىۋاتقان پۇراق بايىقى لاتىدىن كۆپ پەرقلەنمەيتتى. لالەنىڭ كۆڭلى قەي بولۇپ ئاغزىنى ئاچماي بېشىنى بۇرىۋالدى. موماي توختىماي ئۇنىڭ ئاغزىغا قوشۇقنى تىقاتتى. قارىغاندا ئۇ لالەنىڭ ئۆلۈپ تارتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن بولسا كېرەك. لالە ئۇنىڭغا بۇنى يېمەيدىغانلىقىنى، سۇ ئىچىدىغىنىنى بىلدۈردى. موماي تالاغا قاراپ بىر نېمىلەرنى چىقىرىۋىدى، بەتبەشىرە بىر چىنىدە سۇ كۆتۈرۈپ كىردى. بۇ سۇ شۇنچىلىك قىرتاق بىلىنىپ تۇرسىمۇ، لالە ھاياتى ئۈچۈن ئۇنى ئىچىۋەتتى. بەتبەشىرە ئىككى چىشلىق قوناقتەك ھىڭگىيىپ ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئاندا مۇندا كۆزلىرى تېخى لالەنىڭ ئېگىز كۆتىرىلىپ تۇرغان كوپتىسىغا، پادىچىلار ئىشتىنىغا چۈشەتتى. لالە ئۇنىڭ قارىشىدىن بەدىنىگە سالما چاپلىشىۋالغاندەك سوغۇق بىئاراملىق ھېس قىلدى. لالە يوغان چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن بەتبەشىرىگە ئالايدى. موماي بىلەن بەتبەشىرە كۈلۈشۈپ كەتتى. موماي قاچىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتكەچ ئىشىكنى يېپىپ قويدى. لالە بەتبەشىرە بىلەن جىن چىراغنىڭ يورۇقىدا يالغۇز قالدى. شۇندىلا لالە قاباھەت ھېس قىلدى.

باھار، قىزلار ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئوغۇللار بىلەن يالغۇز قېلىشنى خالايدۇ. يىگىتنىڭ ئۆزىگە تاتلىق گەپلەرنى قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇكەمگىچە لالە پەقەت دىلشاتنىلا خالاپ باققان. ئالدىدىكى بۇ ئەرغۇ ئەمەس، بىر مەخلۇق ئىدى. لالە سەزگۈر تۇرۇپ تام تەرەپكە سۈرۈلدى. بەتبەشىرە كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئەسكى كارىۋات بۇ ئېغىرلىقنى كۆتۈرەلمەي يېقىمسىز غىچىرلىدى. بەتبەشىرە قاپقارا قولىنى لالەنىڭ يۈزىگە ئۇزاتتى. لالە يۈزىنى قاچۇردى. بەدىنىگە ئۇزاتتى، لالە بەدىنىنى قاچۇردى. شۇ تەرىقىدە بىردەم تارتىشىپ بەتبەشىرىنىڭ ھايۋانلىقى تۇتتى. ئۇ لالەگە ئېتىلدى. لالە ئۇراي دېسە قولى، تېپەي دېسە پۇتى باغلاقلىق. ئۇ يۇلقۇنۇپ تۇرمايتتى. بۇنىڭ بىلەن بەتبەشىرە تېخىمۇ غالجىرلاشتى. لالە ئاخىرى بەتبەشىرىنىڭ كومشىرىغا بىرنى ئۈسسىۋىدى، قان بەتبەشىرىنىڭ ئاغزى بۇرنىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى. بەتبەشىرىنىڭ بىر چىشى چۈشۈپ كەتكەنتى. ئۇ يۈزىنى تۇتۇپ توپا يەردە تولغىنىپ توڭگۇزدەك چىرقىرايتتى. بۇنى ئاڭلىغان بوۋاي موماي كىرىپ ئوغلىنى يۆلەپ سىرتقا ئەپچىقىپ كەتتى. موماي بىرنەرسىلەرنى دەپ لالەنى تىللاپ ئىشىكنى يەنە تاقاپ قويدى.

جىن چىراغ ئۆچكەن، گەمە ياق بۇ دوزاخنىڭ ئىچى پۈتۈنلەي قاراڭغۇلۇققا چۆمگەن. لالە نالە قىلىشقا باشلىدى:

– ئۇلۇغ ئاللاھ، «تاغدەك گۇناھىڭلار بولسىمۇ تۆۋە قىلساڭلا كەچۈرىمەن» دېگەن سۆزۈڭ بويىچە مېنى كەچۈر. يا بۇلار چۈشۈم بولۇپ ئويغىنىپ كېتەي يا مۇشۇ تۇرقىدا جېنىم چىقىپلا كەتسۇن. ئاللاھ مەن سەندىن رازى بولاي، سەنمۇ مەندەك ئاجىز بەندەڭدىن رازى بول. مەن ئانا خوۋلۇقنى تۈزۈك كۆرمىدىم. كۆرمىگەنلىرىمگە رازى بولاي ئاللاھ، ماڭا بۇ كۈننى كۆرسەتمە. ئاللاھ ئامانىتىڭنى ئال...

باھار، ھەممىلا مەزلۇمنىڭ نالىسى ئىگىسىنى تاپالمايدىغان ئوخشايدۇ. ئەتىسى لالەنى كۈننىڭ تېخىمۇ دەھشەتلىك كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى.

ئەتىسى بەتبەشىرەنىڭ پۈتۈن يۈزى ئىششىپ كۆكىرىپ كەتكەنىدى. لالە بولسا باش ئاغرىقى، ئىششىغان كۆز، يېرىلغان لەۋ بىلەن ئويغاندى. چۈشتىن بۇرۇن موماي بىر قوناق مومىسى بىلەن بىر قاچا سۇنى ئەكىرىپ بەردى. ھاجەتكە بىر چېلەك ئەكىرىپ قويدى. بىر چاغدا ھويلىدا ۋاراڭ چۇرۇڭ ئاڭلاندى. سۇناي جاڭلار چېلىنىپ پوجاڭزىلار ئېتىلدى. لالە جىڭ تېشى ئېسىپ قويغاندەك ئېغىر بېشىنى كۆتۈرۈپ دېرىزىدىن سىرتنى ئاران ئىلغا قىلالىدى. ئۈستەللەر تىزىلىپ ئادەملەر ئولتۇرۇشقان. تەخسىلەردە ھەلەپتەك بىر نەرسىلەر ئوتتۇرىدا توشۇلۇپ يۈرەتتى. تۇيۇقسىز لالەنىڭ كۆزى دەرۋازىغا چاپلانغان قىزىل رەڭلىك «قوش خۇشاللىق» خېتىغا چۈشتى.

ئاھ باھار، بۇ مەزلۇم مىللەتنىڭ مەزلۇم قىزىنىڭ «ئىگىسى يوق» دەپ ياقا يۇرتتا ياتلار ئەرگە بېرىۋاتاتتى. بىر مەخلۇققا خوتۇن قىلىپ بېرىۋاتاتتى. لالەنىڭ كۆزىدىن ياش فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇ بېشىنى چايقاپ نالە قىلاتتى: «ياق، ياق، ياق، ئاللاھ، بۇ چۈش بولۇپ قالسۇن!» ئۇنىڭ نالىسى سىرتتا جوزىغا دۈم چۈشۈپ ۋارقىرىشىپ تاماق يەپ ھاراق ئىچىۋاتقانلارنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. لالە تاملارغا ئۈسەتتى، يىغلايتتى...

باھار، شۇنداق قىلىپ لالەنىڭ «تويى» بولدى. بۇرۇن قىزلار تويىدا يىغلايدۇ دېسە ، ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەمگە تېگىپ نېمىشقا يىغلايدۇ دەپ ئويلايتتى . ئەمما بۈگۈن ئۇ ھارغىچە يىغلىدى. ئاللاھغا نالە قىلىپ يىغلىدى. دادىسى ، ئاپىسى، ئاكىسى، ھەدىسى ۋە كىچىك سىڭلىسىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ يىغلىدى. دىليارنى چاقىرىپ يىغلىدى« دىلشات، مەندىن بەك رەنجىگەن بولغىيمىتىڭ؟ كۆڭلۈڭ بەك ئاغرىغان بولسا قىساسىڭغا قالدىممۇ جېنىم؟ ئاۋازىم ساڭا يېتەرمۇ، مۇشۇ قارا كۈنۈمنى چۈشۈڭدە كۆرۈۋاتقانسەنمۇ ؟ ئەمدى سېنى قانداق يارىم دەيمەن؟ ئىسمىڭنى قانداق ئاغزىمغا ئالىمەن »

تالادىكى يەپ ئىچىش داۋاملىشىۋاتاتتى. بىر چاغدا ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلىپ بەتبەشىرە ھىجىيىپ كىردى. لالە ئۇنىڭ كۆكىرىپ ئىششىغان يۈزىگە نەپرەت بىلەن تىكىلدى. « 滚» دەپ ۋارقىرىدى. ئەمما بەتبەشىرە ئاڭلىمىغاندەك ئىشىكنى پۇختا يېپىپ لالەگە يېقىنلاشتى. لالە بۇ قېتىم بۇنى ئۈسۈپلا جېنىنى ئېلىشقا تەييارلىق بىلەن ئولجىسىنى قارىغا ئالغان چىشى شىردەك تۇراتتى. بەتبەشىرە لالەگە ھېچقانداق قىلىپمۇ يېقىنلىشالماي سالپىيىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ بىرتوقاي لۈكچەك ختايلار ئولتۇرغان ئۈستەلگە كېلىپ بىر بوتۇلكا ھاراقنى كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى. ئۈستەلدىكىلەر ئۇنى «پۇل خەجلەپ غەربى دىيارنىڭ پەرىسىنى ئېلىپ خوتۇن قىلالمىدى» دەپ مەسخىرە قىلىشقا باشلىدى. ئاچ قورساققا

ئىچكەن ساختا هاراق، تونۇگۇندىن يېگەن تاياق، خەجلىگەن پۇل، مەسخىرىلەر ئۇنىڭ مېڭىسىغا چىقتى. ئۇ مومايىنى چەتكە تارتىپ بىرنېمىلەرنى دېۋىدى، موماي ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. بەتبەشىرنىڭ چىرايىنى ئىپلاس كۈلكە قاپلىدى.

– يەپ ئىچىپ تويۇشقان بولساڭ مېڭىشامسەن،
– دەپ مېھمانلارنى سىۈر توقاي قىلغان بەتبەشىرە چوڭ دەرۋازىنى مەهكەم تاقىدى. لالە بۇچاغدا ئەتىگەندىن بېرى يىغلاپ ئاۋازى بوغۇلغان، لەۋلىرى چاك چاك يېرىلغان هالەتتە ئۈنسىز ياش تۆكۈپ بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى. موماي بوۋاينى چاقىرىدە، ئۈچىلىسى قولىدىكى ئىشنى قويۇپ گەمىگە كىردى. لالە ئۇلارغا سەزگۈرلۈك بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇلار گەمىنىڭ ئىشىكىنى چىڭ ئېتىپ بىرلا ۋاقىتتا لالەگە ئېتىلدى...

لالەنىڭ يارىشىملىق كوپتىسى يىرتىلدى. هايۋان دادا ئانا ئوغلىنىڭ لالەگە باسقۇنچىلىق قىلىشىغا ياردەملەشتى. لالەنىڭ ئاغزىغا يەنە هېلىقى سېسىق لاتا كەپلەنگەن، چاچلىرى چۇۋۇلغان، كۆزىنىڭ خۇنى ئۆچكەن، لەۋلىرى قانىغان هالدا كۆزىنى مەينەت دېرىزىگە، ئۇنىڭدىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان يىراقتىكى ئايغا، ئاينىڭ يۈزىدىكى داغقا تىكتى...

لالە يۈكسەك بىر ئەخلاقنىڭ ئىگىسى بولغان قوۋمنىڭ قىزى. هالبۇكى ئىنسانىيەتتىكى ئەڭ پەس مەخلۇقلارنىڭ قولىدا خار قىلىندى. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ لالە مىدىرلىمىدى. ئۇ ئەمدى يىغلىمىدى، ياشمۇ قالمىغان بولسا كېرەك. لالە ئۆزىنى تېگى يوق قاپقارا بىر هاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك هېس قىلاتتى. بەدىنى يېنىكلەپ ئېغىرلىقىنى يوقىتىۋاتقاندەك، بوشلۇقتا ئۇچۇۋاتقاندەك قۇپقۇرۇق بىلىنەتتى. ئۇ كۆڭلىدە «ئەمدى ئىسمىڭنى ئاغزىمغا ئالالمايمەن. سەن بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمنى ئەسلەشكىمۇ يۈزۈم چىدىمايدۇ. مېنى ئۇنتۇپلا كەتكەن بولساڭ بەكمۇ ياخشى بولاتتى. بەختلىك بول» دېگەنلەرنى ئويلىدى. شۇ پېتى تاڭ سۈزۈلگىچە ياتتى.

تاڭ سۈزۈلۈشكە تۇرۇپ هويلىغا چىقتى. موماي ئۇنى قېچىپ كەتمىسۇن دەپ تىمسقلاپ يۈرەتتى. ئۇ مومايغا ئىسسىق سۇ بېرىشىنى، ئۆزىنىڭ يۇيۇنۇپ كىيىم ئالماشتۇرىدىغىنىنى ئېيتتى. موماي ئۇنى يۇمشىغان ئوخشايدۇ دەپ دېگىنىنى تەييار قىلدى. ئۇ گەمە ئۆيدە پاكىز يۇيۇنۇپ پاكىز كىيىملىرىنى كىيدى. ئاندىن ئۆزى قىبلە دېگەن تەرەپكە يۈزلەندى:

– ئالەمنىڭ ئىگىسى ئاللاھ. مەن بىر ئاجىز گۇناهكار قۇلۇڭمەن. بۇكەمگە قەدەر سەن بەرگەن كۈنلەرگە ناشۈكۈرلۈك قىلغان بولسام گۇناهلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن. دادام، ئاكام، هەدەم، سىڭلىمنى مەن ئۈچۈن ئامان قىلغىن. سېنىڭ ئالدىڭدا ئۆتمەيدىغان گۇناهدىن بىرسى، سەن بەرگەن جاننى ئۆز خاهىشى بويىچە ئاياغلاشتۇرغىنى ئىكەن. ئاللاھ، بۇ گۇناهىمغا دوزاخقا لايىق بولسام مەن رازى. ئىككى كۈندىن بېرى تىرىك دوزاخنى كۆردۈم. ئۇ دوزاختا تۇرسام روهىم راهەتلىنىپ قالار، ئەمما ماۋۇ دوزاختا جېنىم بەك قىينالدى.

لالە ئۇستەلنىڭ ئۈستىدىكى چىنىنى ئورۇندۇققا كۆچەپ بىرنى ئۇرۇۋىدى سۇندى. لالە سۇنۇق پارچىلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئۆتكۈر بىرىنى تاللاپ، لەنىتى كارىۋاتنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئولتۇردى. سول بېغىشىغا ئاستا سۈركىشى بىلەن، مۇزدەك بىر دەقىقىدىن كېيىن ئىسسىق قان ئېقىشقا باشلىدى. لالە كۆزىنى يۇمۇپ ئاپىسى ۋاپات بولغان كۈننى، تەنەپپۇستا مەيداندا ئوينىغان ئويۇنلىرىنى ئەسلەشكە باشلىدى. ئۇ يەنە دىلشات بىلەن يۈرۈۋاتقان ۋاقتىنى، دىلشاتنىڭ يېقىملىق يۈزىنى، تاتلىق ئەركىلىتىشىنى، قىلىشقان ۋەدىلىرىنى ئەسلىدى. بارا بارا بىر تاتلىق ئۇيقۇ بىلەن چەكسىز بىر يورۇقلۇققا كىرىپ كېتىپ بارغاندەك يېنىكلەپ، يانغا يىقىلدى...

باهار، لالەنى شۇ پېتى ئۆلۈپلا قالسىمۇ بوپتىكەن دەپ قالدىم. بىز بالا قازالاردىن ساق قالغانلارنى «يەيدىغان رىزقى باركەن» دەيمىز. مېنىڭچە لالەنىڭ تارتىدىغان جاپاسى تۈگىمەپتىكەن.

بەتبەشىرە خىتاي لالەنىڭ قاندا ياتقىنىنى بايقاپ، ئۇنى كۆتۈرگەن پېتى يېزا داۋالاش پونكىتىغا ئاپىرىپ، خالىمىسىمۇ پۇل خەجلەپ قۇتقۇزۇۋالدى. ئەينى ۋاقىتتا لالەنى ساتقۇچى «بۇ دېگەن سىرلىق غەربى يۇرتنىڭ پەرىسى. ئۇ يۇرتتا ئاياللار ئىپاردەك خۇشپۇراق، پاختىدەك ئاق، مامۇقتەك يۇمشاق كېلىدۇ. چىيەنلۇڭمۇ توقلى ئىپارخانغا ئەڭ ئامراق ئىكەنمىش. بۇ پەرىنى ئالغان ئادەم كۈندە ئۆزىنى چىيەنلۇڭدەك هېس قىلىدۇ» دەپ ئاغزىدىن كۆپۈك چىققىچە ماختىغان. دېمىسىمۇ لالە ئەتراپىدىكى خىتايلارغا ئوخشىمايدىغان بىرخىل يېقىملىق پۇرايدىكەن. ئۇ تۇرغان گەمىمۇ خۇشپۇراق بولۇپ قاپتۇ. شۇڭا ئۇمۇ باشقا تۇڭگاي خىتايلارنىڭ باهاسىدىن كۆپ ئارتۇق پۇل تۆلىگەنتى. ئەمدى لالە ئۆلۈپ تارتىپ قالسا ئۇ پۇل قۇدۇققا چۈشكەندەكلا بولىدۇ. شۇڭا قۇتقۇزۇۋېلىش هەم مەهكەم قارانچۇقلۇق قىلىش كېرەك.

لالە ئۆلمىدى، ئەمما ئۇنىڭ بىرىسىنى كۆرۈشكە باشلىدى. گەمىگە قايتىپلا بوۋاي يەرگە بىر قوزۇق قېقىپ ئۇنىڭغا ئۇزۇن بىر ئىتنىڭ زەنجىرىنى چېتىپ، يەنە بىر ئۇچىدا لالەنىڭ پۇتىنى تاقىدى. ئۆيدە هېلىقى ئەبجەق كارىۋاتتىن باشقا هېچنېمە قالدۇرۇلمىدى. لالە مۇشۇ ئۆينىڭ دائىرىسىدە پۇتىدىكى زەنجىرنى سۆرەپ هەرىكەت قىلالايدۇ. باهار، لالەنى يەنە تىركەشتىمىكى دەمسەن؟ ياق باهار. ئۇ پۈتۈنلەي باشقا بىر لالەگە ئايلاندى. خامۇش، چاچلىرى پاخپايغان، كۆزى خۇنۇك ، يۈز كۆزىنى يۇمايدۇ. تاماق بەرسە موما بىلەن سۇنىلا ئالىدۇ. بىر نېمىلەرنى گۇڭگرايدۇ. زەن سېلىپ ئاڭلىساڭ بەزىلىرى ئۇيغۇرچە شېئىر، بەزىلىرى ئۇيغۇرچە بىر غەزەل. تېپىۋالغان كۆمۈر پارچىسى بىلەن توپا تامغا بىر خەتلەرنى يازىدۇ. ئۆيدىكىلەرنىڭ ئىسمى، دوستلىرىنىڭ ئىسمى، يەرلەرنىڭ ئىسمى. پەقەت بىرلا ئىسىم يوق. ئۇ بولسىمۇ دىلشات.

لالە بەتبەشىرنىڭ مەيلىگە هە دەيدىغان بولدى.

باھار، لالەگە تاللاش يوق. بەتبەشىرىنىڭ ھەر بىر ھايۋانلىقى تۇتسا بىر ئۆيلۈك قومۇرۇلۇپ كىرىدۇ. قېرى خىتاي بوۋاينىڭ شەھۋەتلىك قاراشلىرى، باشقىلارغا بىلىندۈرمەي بىر يەرلىرىنى تۇتۇۋېلىشى لالەنىڭ جېنىغا پاتتى. ئۇ ئىككى خورلۇقنى كۆتۈرەلمەيتتى.

ياز ئاخىرلاشتى. ئۈرۈمچىنىڭ كۈزى بەك گۈزەل بولاتتى. ئەمما بۇ دوزاخنىڭ كۈزىمۇ ئۆزىگە ئوخشاشلا كۆڭۈلسىز ئىكەن. لالە دېرىزىدىن بۇ كۆڭۈلسىزلىككە نەزەر سالاتتى. ئۈرۈمچىدىكى كۈز بىلەن سېلىشتۇراتتى. ۋاقىت ئۇنىڭ يۈرىكىنى ۋە قارشىلىقىنى يەپ تۈگۈتۈۋاتاتتى. قۇتۇلۇشنى ئويلايتتىيۇ، قانداق قۇتۇلۇشنى بىلەلمەيتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەنە بىر ئىش ئۇنىڭ دۇنياسىنى ئاستىن ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ئۇ ھامىلىدار ئىكەن! ئۇ ئەسەبىيلەشتى. سەكرەيتتى، قورسىقى بىلەن تاملارغا ئۈسەتتى. جادۇگەر موماي بۇنى بايقاپ ئۇنىڭغا بولغان كۆزىتىشنى كۈچەيتتى. پۈتىدىكى زەنجىرنى تامنىڭ يېنىغا يەتمەس قىلىپ قىسقارتىۋەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ لالە بىرلا كۈپلېت ناخشىنى ئېيتىدىغان بولدى.

ئانام مېنى تۇغقاندا،
ئاق يۆگەككە يۆگىگەن.
ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن دەپ،
بەختى بولسۇن دېمىگەن.

باھار،مەن مۈشۈكنى ياخشى كۆرىمەن. مۈشۈكنىڭ توققۇز جېنى بارمىش. ئايال كىشىنىڭ توققۇز يەردە توققۇز سەكسەن بىر جېنى بارمىكى. لالە ھېچنېمە بولماي ياشاشقا باشلىدى. ئۇ قېچىشنى پىلان قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ماۋۇ ئىشنىڭ زەنجىردىن قۇتۇلۇش كېرەك. ئۇ يالغانلاتىن رايىش بولۇشقا باشلىدى. مومايغا ئۆزىنىڭ چوشقا گۆشى يېمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمەلىيەتتە بۇ نامرات ئۆيدە چاغاندىلا بىرەر ۋاق گۆش، بولمىسا ئۇماچ، بەرەڭگە، ئانچە مۇنچە باشقا كۆكتاتلارنى يەيتتى. ئاندىن ئۆزىنىڭ قاچا قۇچىسىنى ئايرىم قىلدى. ئۇ گەمىنىڭ ئىچىنى سۈپۈرۈپ سىرىپ تازىلىدى. بەتبەشىرە بۇنىڭدىن بەك خۇشال بولدى. ئۇ لالەنى «تەقدىرگە بوي بەردى» دەپ ئويلىدى. لالە «بىكار بولسام ئىچىم پۇشىدىكەن، ئىشلارغا قارىشاي» دەپ ھويلىغىچە چىقالايدىغان بولدى. ئەمما بۇ ھەممىسىنىڭ يۈكسەك سەزگۈرلىكى ئاستىدا بولاتتى. شۇندىمۇ بىر ئائىلىلىك لالەنىڭ « كۆڭگىنى»گە ئىشىنىشكە باشلىدى.

بىر كۈنى ئۇ موماي بىلەن دەريا بويىغا كىر يۇيغىلى چىقتى. بۇلاردا كىر يۇيىدىغان سوپۇن دېگەن نەرسە يوقكەن. كىيىمنى سۇغا چىلاپ ئېلىپ بىر توقماق بىلەن ھارغىچە ئۇرىدىكەن. لالە مۇشۇنداق ئۇرۇش بىلەن كىيىمنىڭ قانداق پاكىز بولىدىغىنىغا ئەقلى پەقەت يەتمىدى. بۇ دەريا يېزىدىكى بىردىنبىر سۇ مەنبەسى بولۇپ، ئىچىدىغان سۇمۇ مۇشۇنىڭدىن ئېلىناتتى. بىر ياقتا ئېشەك، لالما ئىتلار سۇ ئىچەتتى. سەل يۇقىرىدا باللار يالىڭاچ سۇغا چۆمۈلەتتى. لالەنىڭ دەريا بويىدا پەيدا بولۇشى بىلەن پۈتۈن يېزىدىكى كىر يۇيغىلى چىققان خوتۇنلار ئۇنى ئورىۋالدى. ئۇلار ھايۋاناتلار باغچىسىغا كىرگەن ئادەملەردەك، ياق خاتا دەپتىمەن، ئادەمنى تۇنجى كۆرگەن ھايۋانلاردەك لالەگە قارايتتى. چاچلىرىنى، يۈزلىرىنى تۇتۇپ سىلاپ باقاتتى. بىر بىرسىگە پىچىرلىشاتتى. لالە بەك چىرايلىق دېگۈدەك ئەمەس، ئەمما بۇ تاختايغا يەتتە تۆشۈك ئېچىپلا ياساپ قويغاندەك يۈزلىرى بار ئادەملەر ئارىسىدا ئۇ پەرى ئىدى. ئۇنىڭ گۈزەللىكى ھەممىنى ھەيران قالدۇرغان بولسا كېرەك، جادۇگەر موماي باشقىچىلا مەمنۇن بولۇپ كېرىلىپ كەتتى. بولۇپمۇ نەۋرىسىنىڭ چوقۇم بەك چىرايلىق تۇغۇلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بېشى ئەرشكە يەتتى.

تۇنجى قار چۈشكەن كۈنى ئىدى. بىر ئۆيلۈك قىشلىق يېقىلغۇنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. لالەنىڭ قورسىقى ئازراق بىلىنىشكە باشلىغان ئىدى. ئۇ تولۇپ بارغانچە چىرايلىق بولۇپ كېتىپ باراتتى. ھەممەيلەن ئىشىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە لالەنى ئېسىدىن چىقاردى. لالە ھىم ئېتىلمىگەن دەرۋازىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى-دە، كۆرۈۋالغىنى بويىچە تاغنىڭ ئۇ قېتىدىكى تاش يولغا يۈگۈردى. ئېغىر بوي لالەگە يۈگۈرەش ئاسانغا توختىمىدى. ئەمما ئۇ قېچىپلا كېتەلىسە بۇ دوزاختىن قۇتۇلدۇغانلىقىنى ئويلاپ پۈتۈن كۈچى بىلەن يۈگۈرەيتتى. بەتبەشىرە لالەنىڭ يوقاپ كەتكىنىنى تۇيۇپ، كوچىغا چىقىپ ۋارقىراشقا باشلىدى. ئۆي ئۆيلەردىن ئەرلەر چىقىپ لالەنى قوغلاشقا باشلىدى.

باھار، سېتىۋېلىپ كەلگەن قىزلارنىڭ قېچىپ كېتىش ھادىسىسى بۇ يېزىدا دائىملىق ئىش. شۇڭا ئۇلاردا يۈكسەك بىر ئورتاقلىق بار. كىمنىڭ ئۆيىدىن كېلىن قاچسا يېزا بويىچە قوغلاپ تۇتۇپ كېلىدۇ. لالە نەچچە يىقىلىپ يەنە تۇرۇپ يۈگۈرەيتتى. ئاخىرى تاشيولغىمۇ چىقتى. بىرەر ماشىنىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ توختىماي يۈگۈردى. قار چوڭلاشقا باشلىدى. بىر چاغدا بىر يۈك ماشىنىسى كۆرۈندى. لالە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇنى توختاتتى. ئەمما شوپۇر دېگەن نىجىس لالەگە پۇلۇڭ بولسا چىقسەن دەپ تۇرىۋالدى . ئاڭغىچە بەتبەشىرە ئادەم باشلاپ يېتىشىۋالدى. شوپۇر يېزىلىقلاردىن قورقۇپ ماشىنىنى ھەيدەپ قېچىپ كەتتى. بەتبەشىرە لالەنىڭ چېچىدىن قاماللاپ تۇتۇپ ئۆيىگە ئەكىۋالدى- دە، ئۇنى تازا دۇمبالىدى. لالە پەقەت قارشىلىق كۆرسەتمىدى. ئۇنىڭچە بولسا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسە، ھېچ بولمىسا بالىنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتسە بەك ياخشى بولاتتى. ئەمما بالىنىڭ جېنىمۇ پىششىق ئىكەن، ھېچنېمە بولمىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن لالە بالىنىڭ مىدىرلىغىنىنى سەزدى. لالە بالىنىڭ مىدىرلىششى بىلەن ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ بەك يىغلىدى. ئۇ قورسىقىغا مۇشتلايتتى، چاچلىرىنى يۇلاتتى. پۈتۈن بەدىنى تاياقتىن كۆكىرىپ، مىدىرلىسىلا ئاغرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا بۇ تىرىكلىك بەك قىيىنغا توختاۋاتاتتى.

باھار، مەن لالەنى قىز تۇغامدىكىن دەپ قىياس قىلدىم. كونىلار «قىز ئاپىسىنى دورايدۇ» دەيدىكەن. لالە بارغانسېرى چىرايلىق بولۇپ كېتىپ باراتتى. بەتبەشىرە ئۇنىڭ چىرايىغا ئاشىق بولۇپ يېنىدىن يىراق قىلماي قارايتتى. لالە بولسا بەتبەشىرىگە قارىغىلى پەقەت

ئۆتمىدى. ھاملىدار ۋاقتىدا چىرايلىق نەرسىلەرگە قارىسا بالا چىرايلىق بولارمىش. بۇ دوزاختا نە چىرايلىق بىر نەرسە بولسۇن باھار. لالە كۆز ئالدىدىن تاپالماي قەلبىنى ئاختۇراتتى. ھالبۇكى بۇ بىر نەچچە ئاي تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتتى قەلبىدىكى پۈتۈن گۈزەللىكنى ئۆلتۈرۈپ بوپتۇ.

باھار، ئايالار ھاملىدار ۋاقتىدا گۈزەل، تاتلىق خىياللارنى قىلىدۇ. بالىنىڭ ساق سالامەت، بەش ئەزاسى مۇكەممەل تۇغۇلۇشىنى، بالىنىڭ چىرايىنى خىيالەن قىياس قىلىپ نەلەرنى ئۆزىگە، نەلىرى دادىسىغا ئوخشىسا دەپ ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ ھېسسىيات لالەگە يات. ئۇ ھېچنېمىنى ئارزۇ قىلمايدۇ. ئەڭ يامىنى ئۇ يېگۈسى كەلگەن ھېچنېمىنى يېيەلمىدى. ئېتىپ بېرىدىغان ئادەمغۇ يوق، ئۆزى ئېتەي دېسىمۇ بۇيەردە ھېچنېمە يوق ئېتەلمىدى. ئۇ يىراقتا قالغان يۇرتىدىكى توقچىلىقنى سېغىندى. ئۆيدىكىلىرى قانداقراق تۇرۇۋاتقاندۇ؟ ئۆزىنى ئىزدىگەنمىدۇ؟ لالە بۇ يەرنىڭ قەيەرلىكىنى ئۇقمايدۇ. قانچىنچى ئاي، كۈنگە نېمە بىلمەي ياشاۋاتىدۇ. ئادەمنىڭ جېنىنىڭ ئېلاستىكلىقى ئاشۇنداق كۈچلۈككەن. سوزۇلۇپمۇ، ئېزىلىپمۇ ياشاۋېرىدىغان گەپكەن.

قىش داۋاملىشىۋاتاتتى. خىتاينىڭ چاغىنى كەلدى. بۇ نامرات يېزىدا چاغاندا ئازراق ھاياتى كۈچ پەيدا بولۇپ قالىدىكەن. ئەمما لالە بۇلارنى ھېس قىلغۇدەك ئەمەستى. كۈنلەر ئۆتۈپ باھارنىڭ شەپىسى كەلدى.

باھار، سەن بەكمۇ گۈزەل ئىدىڭ. ئەمما لالە سېنىڭ گۈزەللىكىڭنىمۇ ھېس قىلمىدى. ياز كەلدى. تومۇز ئىسسىق. قۇرغاق، توپا پۇرقىراپ تۇرغان بىئارامچىلىق. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە لالەنىڭ كۆزى يورىدى. تۇغۇت بىر ئۆلۈپ بىر تىرىلىش. لالەگە بۇ ھەسسىلەندى. شارائىت ناچار، تۇغۇت ئانىسى دەپ ئۆلەرمەن خىتاي خوتۇندىن بىرسى ئايال كىشىگە ھېچپىرى ئوخشىمايدىغان بىر خوتۇننى باشلاپ كەلدى. لالە تولغاقتىن قىينىلاتتى. ئاللاھدىن ئۆزىگە ئاسانلىق تىلەيتتى. سۇلار قاينىتىلىپ، قايچا ئوتتا تازىلاندى. شۇ تەرىقىدە لالە نەچچە ئۆلۈپ نەچچە تىرىلىپ « ئاپا» دەپ بىر ۋارقىراپ بىر قىزنى بۇدۇنياغا ئەكەلدى. بوۋاقنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى بىلگەن بەتبەشىرىنىڭ ئۆيدىكىلىرى خۇشال بولالمىدى. ئەمما تۇغۇت ئانىسى «كىلەر قېتىم ئوغۇل تۇغىدۇ» دەپ دياگنوز قويدى. لالە ھالسىز ياتاتتى. ئازراق كۈچى بولغان بولسا «كىلەر قېتىم» دېگەن گەپنى دېگەن ئېغىزغا بىرنى تېپىپ بار چىشىنىڭ ھەممىنى چۈشۈرىۋېتىشكە رازى ئىدى.

لالە بوۋاققا قاراپمۇ قويمىدى. ئانىلار يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى كۆرۈشكە ئالدىرايدۇ. لالە ئۈچۈن بوۋاقنىڭ قانداق بولۇشى بەرىبىر. بوۋاق قورسىقى ئېچىپ قىرقىراپ يىغلايتتى. موماي لالەنى بوۋاقنى ئېمىتسۇن دەپ تەكلەپ تۇراتتى. بەتبەشىرە بىر تەرەپتىن يالۋۇراتتى. لالە ئۇلارغا دۇمبىسىنى قىلىپ تامدىكى ئۆزى يازغان ئىسىملارنى ئۇنسىز ئوقۇيتتى. ئاللاھەزەل ئون مىنۇتتىن كېيىن بوۋاق يىغلاپ كۆكىرىپ كەتتى. موماي لالەنى تارتىشتۇراتتى. لالە جان جەھلى بىلەن بوۋاقنى تارتىپ ئېلىپ كۆكرىكىگە باستى. باھار، بوۋاق شىپپىدە توختىدى. ئانا بىلەن بالىنىڭ مۇناسىۋىتى بالا ئانا ئىنىدە ئاپىرىدە بولغان كۈندىن باشلىنىدۇ. بوۋاق كۆزى كۆرمىسىمۇ ئانىسىنى تونۇيدۇ . لالە ئامالسىز ئۇنى ئېمىتىشكە باشلىدى. ئانا سۈتى ئانىنىڭ قېنىدىن پەيدا بولارمىش. بوۋاق پۈتۈن كۈچى بىلەن ئانىسىنى شوراۋاتتى. لالە ئاخىرى يۈزىنى بوۋاققا بۇراپ كۆزىنى بوۋاقنىڭ يۈزىگە تىكتى. ئەپسۇس، لالەنىڭ ئەنسىرىگىنى بوپتۇ. بوۋاق بەتبەشىرىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. لالە ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ يۈزىنى يەنە تام تەرەپكە بۇرىۋالدى. بوۋاق ئانىسىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋىرى يوق قورساق تويغۇزۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن لالەنىڭ چىچى تۇتامالاپ چۈشۈشكە باشلىدى. بىر كۈنى ئۇ قايچا بىلەن چىچىنى قۇلاق تۈۋىدىن كېسىۋەتتى. باھار، ھازىر لالەنى كەينىدىن قارىساڭ مۇشۇ يېزىدىكى خىتاي خوتۇنلاردىن پەرق قىلالمايسەن. ئۇ جۇدىدى. قاقشال بۇرنى تېخىمۇ ئۈنچىكلەپ تېرىسىنى كېسىپ چىقىدىغان بولۇپ قالدى. كۆزلىرى ئولتۇرۇشتى. تېرىسى قۇرغاقلىشىپ تەمرەتكە ئۆرلىدى. ھېلىقى گۈزەل لالە غايىب بولدى.

لالەنىڭ بالىغا بارغانسېرى مېھرى چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ قىزىغا ئۇيغۇرچە «دىلنار» دەپ ئىسىم قويدى. ئۇ قىزىغا ئۇيغۇرچىلا گەپ قىلاتتى. بۇ جەرياندا ئۇ بەتبەشىرىنىڭ ئۆيدىكىلىرىگە يىلىنىپ يۈرۈپ تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى ئىشلەتتى. ئۇ يەنە ئىككى قېتىم قاچتى. بىر قېتىم يېرىم كېچىدە، بىر قېتىم چىڭقى چۈشتە. بىر قېتىمدا تېخى كەنت بازىرىغىچە قاچالىغانىدى. ئەمما ئىككىلى قېتىمدا تۇتۇلۇپ قاتتىق دۇمبالاندى. بىر تال قوۋۇرغىسى سۇندى، بېشى يېرىلدى. بۇ ئۇنىڭ قېچىپ كېتىش ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى.

قىزى بىر ياشتىن ئاشقاندا، بىركۈنى قاتتىق قىزىپ كەتتى. بالا يۆتىلىپ، ئىچى سۈرۈپ قىينىلاتتى. بىر ئۆيلۈك خىتاي لالەنى ئۆيگە سولاپ قويۇپ بالىنى كەنت دوختۇرخانىسىغا ئەكەتتى. دوختۇر بالىنى بالنىستقا ئالدى ۋە ئاپىسىنى ئەكېلىشنى بۇيرۇدى. چۈنكى بالا تېخىچە ئېمىۋاتاتتى. لالە ئىككى قارانچۇقنىڭ ھەمراھلىقىدا دوختۇرخانىغا كېلىپ قىزىنىڭ بېشىدا پاي پېتەك بولدى. بىر ئاخشىمى موماي بىلەن بەتبەشىرە چارچاپ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. لالە ھاجەتخانىغا چىققاندا دوختۇر ئىشخانىسىدىكى ئۈستەلنىڭ ئۈستىدىكى تېلېفونغا كۆزى چۈشتى. ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق سىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئاستا تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى. تېلېفون ئۇلاغلىق ئىكەن. ئۇ ئۈرۈمچىنىڭ رايون نومۇرىنى ۋە ئاكىسى ئىشلەيدىغان ساقچىخانىنىڭ نومۇرىنى باستى. ئۇ قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى. تېلېفون ئۇلانغان ئىدى. ئۇ دەرھال ئۆزىنىڭ ئىسمىنى، ئاكىسىنىڭ ئىسمىنى، ئۆزىنىڭ ئالداپ سېتىلىپ ھازىر نەدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى. ئۇ نەچچە قېتىش جەرياندا ئۆزىنىڭ نەدىلىكىنى بىلىۋالغان ئىدى. ئۇ ئاستا قىزىنىڭ يېنىغا يېنىپ كىرىپ ئۇخلاۋاتقان قىزىغا قاراپ ياش تۆكتى. بۇ ئۇنىڭ

ئىككى يىلدىن بۇيانقى تۇنجى خۇشاللىق يېشى ئىدى.

ھەپتە ئۆتتى. بىر ئەتىگەنلىكى بىر ساقچى ماشىنىسىنىڭ باشلىشىدا ئىككى ماشىنا دەرۋازا ئالدىدا توختىدى. ماشىنىدىن لالەنىڭ ئاكىسى بىلەن قاملاشقان، ئېگىز بويلۇق، قارا قاش، ساقاللىق ئىككى ئۇيغۇر بالا چۈشۈپ، دەرۋازىنى ئىتتىرىپلا قورۇغا كىردى. ئاكىسىنىڭ كۆزى بالا كۆتۈرۈپ گەمدىن چىققان لالەگە چۈشتى. ئۇ لالەگە ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى باغرىغا باستى.

– جېنىم ئۇكام، مېنى كەچۈرگىن. بىز سېنى ئىزدەپ تاپالماي تېخى...

– بولدى ئاكا، دېمىگىن، كەلگىنىڭگە رازىمەن

بەتبەشىرىنىڭ ئۆيىدىكىلىرى لالەنى پۇل تۆلەپ ئالغىنىنى، ئىككى يىلدىن بېرى باققىنىنى پەش قىلىپ ئۇنى كەتكۈزمەيۋاتاتتى. يېزىدىكىلەرمۇ قورۇغا يىغىلىشقا باشلىدى. يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكىلەر ئۆزىنىڭ يېزىلىقلىرىغا يان باساتتى. بۇ خەق ساقچىدىنمۇ قورقمايتتى. ئەمما بىلىگە ئۇزۇن پىچاق ئاسقان ئۈچ ئۇيغۇر ئەركەكنىڭ كۆزلىرىدىن چاقناپ تۇرغان غەزەپ ئۇچقۇنى، چىڭ تۈگۈلگەن مۇشتۇمى، قاپقارا چاچ ساقاللىرى، ھېلىدىن ھېلىغا تۇتۇپ قويۇۋاتقان پىچىقىغا قاراپ مىڭ يۈەن پۇل بەرسە لالەنى قويۇپ بېرىدىغىنىنى ئېيتتى. ئاكا پۇلنى بەردى. لالە قىزىدىن باشقا ھېچنېمىنى ئالمىدى، كەينىگىمۇ قارىمىدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ يۆلىشىدە ماشىنىغا چىقتى-دە، بۇ دوزاخنى كەينىگە قالدۇرۇپ يۇرتىغا يۈرۈپ كەتتى.

مانا باھار، لالە ئاخىرى بۇ دوزاختىن قۇتۇلۇپ چىقتى. ئەمدى «لالە قىزى دىلنار بىلەن شۇندىن كېيىن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى باشلىدى» دەپ ئاخىرلاشتۇرۇشۇمنى خالايدىغانسەن. مەنمۇ شۇنداق ئويلاپتىكەنمەن. ھاياتنىڭ ئالدىدا نەقەدەر گۆدەك ھە بىز. كەلمىگەن تەلەيدە ھېچكىمنىڭ ئانىسىنىڭ ھەققى بولمىغاندەك لالەنىڭمۇ يوقكەن.

باھار،بۇ قانداق ھاياجانلىق دەقىقىلەر ھە! دادىسى، ئاچىسى، سىڭلىسى قاتارلىق تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشۈپ، قانغۇدەك يىغلىشىپ، سېغىنغان تاماقلىرىنى يەپ، قانغۇدەك ئۇخلاپ. مېنىڭمۇ ھەۋىسىم كېلىۋاتىدۇ. لالە زادى ئۆيىدىكىلىرىگە بۇ ئىككى يىلدىن ئارتۇق تۇرمۇشى توغرىلىق نېمىلەرنى دېدى، بىلگىلى بولمايدۇ. لالە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھېچكىمگە بۇ ھەقتە چىش يېرىپ بىر نېمە دېمىدى. لالە ئۇ دوزاختا تارتقان جاپالىرىنى قەلبىگە سولاپ ئاچقۇچنى پىرقىرىتىپ ئېتىۋەتتى. دوستلىرى كەلدى، ئۇرۇق تۇغقانلار كەلدى، قوشنىلار كەلدى...

ئۇ خۇشاللىقنى ئېيتتى، خاپىلىقنى يوشۇردى. ھەممەيلەن ئۇنىڭ قايتىپ كەلگىنىگە خۇشال بولسىمۇ، ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى قىزى دىلنارنى دەماللىققا قوبۇل قىلالمىدى. ئىككى يىل يوقاپ كېتىپ بىر بالىنى كۆتۈرۈپ كەلسە، ئۇ بالا تېخى بەئەينى خىتايغا ئوخشىسا...

شۇنداق كۆڭلەرنىڭ بىرىدە سىڭلىسى سىرتتىن كىرىپ:

– ئاچا، سېنى بىرسى سىرتتا چاقىرىدۇ،– دېدى.

لالە بالىسىنى دادىسىغا قارىتىپ قويۇپ سىرتقا چىقتى. دوقمۇشتا دىلشات تۇراتتى. دىلشات بۇرۇنقىدىن سەل ئەت ئېلىپ كېلىشكەن بىر يىگىت بولۇپ كېتىپتۇ. لالەنى كۆرۈپ دىلشاتنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. لالە نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇراتتى. دىلشات ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ

– ئەسسالام لالە، سېنى ئاخىرى تېپىپتۇ، – دېدى . لالە تۆۋەن ئاۋازدا كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ تۇرۇپ:

– سالام دىلشات – لا دېيەلىدى.

دىلشاتنىڭ ئۇنى باغرىغا باسقۇسى، ھېچبولمىسا قولىنى بولسىمۇ تۇتقۇسى كەلدى. ئەمما لالە بىرخىل سوغۇق بىلىنەتتى. دىلشات لالەنى تارتىنىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ ئەتىسى كەچتە كۆرۈشۈشنى سورىدى. لالە ئۇزاق ئويلىشىپ ماقۇل بولدى.

ئەتىسى لالە دېيىشكەن ۋاقىتتا ئۆلگۈرۈپ سىرتقا چىقتى، يالغۇز ئەمەس، دىلنارنى ئېلىپ بىرلىكتە كەلدى. دىلشات سەل پەل غەيرىلىك ھېس قىلدىيۇ، يەنە چاندۇرماي كۆرۈشتى. ئۇلار چىرايلىق رېستوراندىن بىرسىگە كىرىپ خالىي يەردە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇردى. دىلنار ئاپىسىنىڭ يېنىدا جىمجىت ئولتۇراتتى. بۇ قىز شۇنچىلىك ياۋاش ئىدىكى، كىچىك بالا دېسە ئىشەنمىگۈدەك ئىدى. بۇيرۇتۇلغان تاماقلار چىقىپ يېيىلگىچە گەپ باشلانمىدى. لالە چايدىن ئوتلىۋېتىپ سۆزنى باشلىدى.

– دىلشات، بىز بولۇپمۇ مەن كىچىك بالا ئەمەس، بارنى ئوچۇق دېمىسەم بولمايدۇ. كۆزلىرىڭگە قاراپ ھەممىنى بىلىۋاتىمەن. ئەمما سېنى قانچىلىك ياخشى كۆرۈشۈمدىن قەتئىي نەزەر، ئۆزۈمنى دەپلا سېنىڭ بەختىڭگە ئولتۇرسام بولمايدۇ. بۇ مېنىڭ قىزىم. ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئۆتكەن قارا كۈنلىرىمنىڭ يالدامىسى. ئۇ كۈنلەرنى تۇمان بېسىپ كەتتى، نېمە ئىشلار بولغىنىنى ئەسلىيەلمەس بولۇپ قالدىم. لېكىن مۇشۇ بالىغا قارىسىلا يۈرىكىم ئاغرىيدۇ. مېنى ھېلىھەم ياخشى كۆرۈشۈڭ مۇمكىن. بۇ قىياسىم. بىراق بۇ بالا بىلەن بىز بەختلىك بولالمايمىز. ئۇ كۈنلىرىم خۇددى بېلىقنىڭ قىلتىرىقىنى يۇتۇۋەتكەندەك قىلىسەن ۋە نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن يەنە بىلىنىدۇ. ئاندىن جېدەل ماجىرا . بىر بىرىمىزنى ياخشى كۆرگەچكە دېيىشكەن گەپلەرمۇ كۆڭلىمىزنى ئەڭ ئاغرىتىدۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ بولدىلا دەيمىز، ئايرىلىمىز. كەچۈر دىلشات. مېنىڭ قىلنى كۆتۈرگىدەك ھالىم يوق. مەن سەندىن رازى. بەختلىك بول.

لالە بۇلارنى دېگەچ يىشىنى توختىتالمىدى. دىلشات ئۈندىمەي ئاڭلاپ تۇگەتتى.

– ئەمدى مېنىڭكىنى ئاڭلا لالە. بۇ بالا سېنىڭ سەۋەنلىكىڭ ئەمەس. ئەسلى مېنىڭ، ئاكاڭنىڭ، داداڭنىڭ سەۋەنلىكى. سېنى قوغدىيالمىدۇق. سەن يوق كۈنلەرنى

قانداق ئۆتكۈزگىنىمنى بىر ئاللاھ، بىر ئۆزۈم بىلىمەن. سېنى تېخى باشقا بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ شۇنىڭ بىلەن كەتكەن ئوخشايدۇ دەپتىمەن. ماڭا ئازراق ۋاقىت بەر. ئايرىلىشىپ باقايلى. بولمىغاندا مەيلىڭگە قوياي، بولامدۇ؟ – دەپ سورىدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن لالە مۇھەببەت ۋە سەممىيەتتىن باشقا ھېچنېمە تاپالمايتتى. دىلشات ئۇنىڭ سۆكۈتىنى خالىغانلىقى دەپ قىياس قىلدى.

باھار، بارلىق بەختلىكلەرنىڭ ھېكايىسى ئوخشاش. ئۇلار شۇنداق شېرىن مۇھەببەتلەشتى. كېچىكىپ بولسىمۇ قۇچقان ۋىسالنى قەدىرلىدى. دىلشاتنىڭ ئاپىسى «كۆلچىنى ئېلىپ بەرمەيمەن» دەپ ئۇنىڭدىن يامىنىنى ئېلىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. شۇڭا كونىلار «ئۇلۇغ سۆزلىمەسلىك كېرەك» دېيىشىدۇ. بارمايمەن دېگەن يەرگە يەتتە باردىغان گەپكەن. گۈزەل توي پەسلى كۈزنىڭ بىر كۈنى ئۇلارنىڭ تويى بولدى. لالەنىڭ ئېسىگە ھېلىقى دوزاختىكى «تويى» ئېسىگە كېلىپ بەك يىغلىدى...

بارلىق يېڭى مۇھەببەتلەشكەنلەر ياكى يېڭى توي قىلغانلاردەك تاتلىق تۇرمۇش لالەنى مەست قىلاتتى. كۆز ئالدىدىكى دىلشاتقا، دىلشاتنى دادا دەپ قانمايدىغان دىلنارغا چوڭ كۆرۈۋاتقاندەك قارايتتى. بەزى كەچلىرى ئۇنى قارا بېسىپ ئويغىناتتى. يەنە ھېلىقى خارابە يېزا، ھېلىقى خىتايلارنى چۈشەپ يىغلاپ ئويغىناتتى. بۇنداق چاغدا دىلشات ئۇنى باغرىغا بېسىپ ئۇ كۆڭلەرنىڭ تەكرارلانمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ۋەدە بېرەتتى. لالەمۇ بۇ كېچىككەن بەختنى بەك قەدىرلەپ ياخشى ئايال بولۇشقا تىرىشاتتى. ئاڭغىچە ئۇ ئالىي تېخنىكومدا ئوقۇپ بىر بانكىغا خىزمەتكە چۈشۈۋالدى. دىلشات تەھرىرلىك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى گۈلدەك ئۆتۈشكە باشلىدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسىگە يەنە بىر ئىنسان - قەيسەر يىراقتىن دىققەتتە بولاتتى. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ھۆكۈمەتتە ئىشلىگەن، ھازىر خىزمەت بىلەن قەشقەرگە چۈشكەن ئىدى.

لالە دىلشاتتىن يەنە بىر قىز پەرزەنت كۆردى. بەختلىك نىكاھ، كۆيۈمچان ئەر، بىر جۈپ قىز، كۆڭۈللۈك خىزمەت... ھالبۇكى باھار، تۇرمۇشنىڭ «ئەمما» دېگەن يېرىگە كەلدۇق.

لالەنىڭ دادىسى ۋاپات بولۇشنىڭ ئالدىدا مىراس بۆلۈپ بېرىپ بولغان. ئۇلارنىڭ قول ئىلكىدە بار ئائىلە بولغاچقا بالىلىرىغا بىر جايدىن مىراس تەگكەن. شۇ قاتارى لالەنىڭ ئاچىسىغا ئۈچتۈرپاندىكى قورۇ جاينى بەرگەن. ئاچىسىنىڭ بېشىغا ئازراق كۈن كېلىپ ئۇ جاينى ساتماقچى بولغاندا لالە «ئاتا ئانىدىن قالغان جاي، ياتقا كەتمىسۇن» دەپ دېگەن پۇلنى بېرىپ ئۇ يەرنى ئېلىپ قالغان. يىللار ئۆتۈپ ئاچىسى «بۇ ئەسلى مېنىڭ مىراسىم، ماڭا قايتۇرۇپ بەر» دەپ تۇرۇۋالدى. بۇ نەگە بارسا ئاقمايدىغان گەپ. شۇندىمۇ لالە قېرىنداشلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ، پۇل لازىم بولسا بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئەمما بۇ جاينى ئەينى ۋاقىتتا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ساتقىنىنى چۈشەندۈردى. ئاچىسى بۇ گەپكە كىرمەستە يوق، بۇ ئاداۋەتنى كۆڭلىگە پۈكۈپ لالەنىڭ ئەڭ ئەجەللىك يېرىگە پىچاق ئۇردى.

قىزلىرى كۈندىن كۈنگە چوڭ بولۇۋاتاتتى. لالە دىلنارغا دادىسىنىڭ بۇلارنى تاشلاپ كەتكىنىنى دەپ يالغان ئېيتتى. دىلنارمۇ دىلشاتنىڭ ئالدىغا كىچىك كىرگەچ مۇشۇ دادام دەپ ئويلاۋەردى. مېدىتسىنا تەرەققىي قىلىپ، دىلنارنى لالە چانمىغۇدەكلا ياسىۋەتتى. ئۇمۇ بالاغەتكە يېتىپ ئوغۇللارنى جەلپ قىلىشقا باشلىدى.

تۇرمۇش مۇشۇنداق كېتىۋەرسە بولاتتى. ئەمما دىلشاتتا غەيرىلىك كۆرۈلۈشكە باشلىدى. دىلشات بىر نەرسىنى يوشۇرۇۋاتقاندەكلا قىلاتتى. تۇرۇپ يوقاپ كېتەتتى. بەزىدە سەۋەبسىزلا ئاغرىپ قالاتتى. يەنە ئوڭشىۋالاتتى. سەل جۇدەشكە باشلىدى. كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ قالدى. ئىشتەيسىز، ئىش خۇشياقماس بولۇپ قالدى. لالە دىلشاتنى بىرەر يامان كېسەل بولۇپ قالغاندىمۇ دەپ ئەنسىرەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كەچ ئون بىرلەر بىلەن بىر تېلېفون تاپشۇرۇپ ئالدى. ساقچىخانىدىن دىلشاتنى ئېلىپ كېتىشنى سوراپ ئۇرۇپتۇ. جىقلا پۇلنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. لالە ئۆڭ سۆلى يوق ساقچىخانىغا بارغاندا، دىلشات يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. ئەتىگەن قاتۇرۇپ كىيىپ چىقىپ كەتكەن كىيىملىرى بۇلغانغان، ئوڭ قولى بېغىشىدىن كويزا بىلەن پارنىڭ تۇرۇبىسىغا باغلانغان ئىدى. يېنىدا ئوخشاش باغلاپ قويۇلغان ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدىكى بىر چوكان بار ئىدى. چىرايلىق دېگىلى بولمايدۇ، ئەمما نازلىق بىر ئايال ئىدى. لالە قاراپلا چۈشەندى. ئۇ نومۇسنى يۇتۇپ ساقچىنىڭ يېنىغا بېرىپ پۇلنى تۆلەپ ئادەمنى ئېلىپ كېتىشكە قول قويۇشقا كىرسە ساقچى بالا:

– ھەدە، يولدىشىڭىز چېكىدىكەن،– دېدى. لالە ھەيران قېلىپ:

–نېمىنى چېكىدىكەن ئۇكام، تاماكىنى ھەممىسى چېكىدىغۇ؟– دېۋىدى ، ساقچى، – ياقەي، تاماكا چەككەنگە تۇتقىلى تۇرساق جان توشامدۇ؟ ئاق چېكىدىكەن، خېروئىن. ماۋۇ خوتۇن بىلەن ئاق ئېلىۋاتقان يېرىدە قولغا چۈشتى،– دېمەسمۇ، لالە تىلىنى چىشلىۋالغىلى تاس قالدى.

ياش بالىلارنىغۇ ئاڭلىغان. بۇ ئېڭەككە تاقاشقان بالىسى بار ئادەمگە نېمە ئىش بۇ ئەمدى. لالە ئالدىدا ماڭدى. دىلشات سالپىيىپ كەينىدىن ئەگىشىپ ئۆيگە كەلدى. قىزلىرى ياتاق ئۆيدە ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇلارمۇ ياتاق ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى تاقاپ سۆزلىشىشكە باشلىدى. لالە:

– مېنى سورىغىلى سالما دىلشات، راستىنى ئېيت، – دېدى . دىلشات بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ گەپنى باشلىدى.

دىلشات ئاتا ئانىسىدىن كېلىشكەن چىراينى ئىرسىيەت ئالغان، بويى ئېگىز، ئورۇقمۇ ئەمەس سېمىزمۇ ئەمەس كېلىشكەن بوي تۇرۇقى بار ئىدى. ئالدىراش ئەمەس خىزمىتى، ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنىڭمۇ ، لالەنىڭ ئائىلىسىنىڭمۇ ئىقتىسادى ياخشى ئىدى. ئىقتىسادى غېمى

يوق. پەرزەنتلىرى قىزبالا بولغاچقا ئانىسىغا يېقىن. لالە ئۆينى گۈلدەك تۇتىدۇ. دېمەك دىلشات غەمسىز ئىدى!

غەمسىز ئادەم غەم ئىزدەشكە باشلايدۇ، باھار. بىر دوستىنىڭ چاقىرغان سورۇنىغا كېچىكىپ كەلگەن دىلشات ئوتتۇز ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى نازلىق بىر چوكاننىڭ يېنىغا باشلاندى. ئاغىنىسى ساقلىق قىلىپ بىرىنچى رومكىنى ئۆزىگە قۇيدى. ئۇ سۆز قىلىپ ھەپتە ئاخىرى بولغاچقا ھاردۇق چىقارغاچ ئانچە مۇنچە نەغمە ناۋا قىلىشىپ ئولتۇرۇشنى ئېيتىپ ھاراقنى كۆتۈرۈۋەتتى. بىلىق كۆزى قىلىپ قۇيۇلغان رومكا ئىككى رەت ئايلانغاندىن كېيىن ئەرلەرمۇ سالاپىتىنى سەل چۆشۈرۈپ شوخلاشتى. قىزلارمۇ يوغان رومكىدا ئىچكەن قىزىل ھاراقنىڭ تەسىرىدە نازلىشىپ كەتتى. دىلشاتنىڭ يېنىدىكى چوكاننىڭ ئىسمى گۈلزار ئىكەن. سودا قىلارمىش. دىلشات گۈلزارنى تانىسىغا تارتتى.

رومانتىك مۇزىكا، يېقىملىق ئەتىر، نازۇك بەل، يۇمشاق قول. گۈلزارنىڭ ئاغزىنى ئۇچلاپ« دىلشات ئاكا، تانىسىغا ئۇستىكەنسىز ھە»، « دىلشات ئاكا، ئۇستىخىنىڭىز چىرايلىق، كاستۇم يارىشىدىكەن» دىلشات ئاكا ئاق، دىلشات ئاكا كۆك دېيىشلىرى بىلەن دىلشات ھاراقتىنمۇ يا بۇ ئاۋازدىنمۇ ئىشقىلىپ كۆلۈمسىرەپ يۈزلىرىنىڭ پېيى تارتىشىپ قالاي دېدى. ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپلا تېلېفون نومۇرىنى ئالماشتۇرۇشتى. گۈلزار ئىچكەنسېرى ئېچىلىپ نازلىناتتى. بىرچاغدا ئېھتىياتسىزلىقتىن چاينى دىلشاتنىڭ لالە دەزمال سېلىپ كىيدۈرۈپ قويغان كۆينىكىنىڭ مەيدىسىگە تۆكۈۋەتتى.

– ۋېيەي، دىلشات ئاكا، قاراڭ پالاكەتلىكىمنى. قانداق قىلارمىز ئەمدى؟ بولمىسا مېنىڭكىگە بېرىپ شۇ يەرنىلا يۇيۇپ دەزمال سېلىپ بېرەي، كەچۈرۈڭ جۇمۇ، – دەپ دىلشاتنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ تۇرۇۋالغان گۈلزارغا قاراپ دىلشات ھەدەپ تۆكۈرۈكىنى يۇتاتتى.

– سىزگە ئەپسىز بولمامدا؟

– ياق، پەقەت ئەپسىز ئەمەس، ئەكسىچە بەك قولايلىق بولىدۇ

باھار، شۇنداق قىلىپ دىلشات گۈلزار بىلەن قولايلىشىپ قالدى.

لالە ئۆزىنى بەكمۇ تۇتۇۋېلىپ دىلشاتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۈگەتتى. دىلشاتنىڭ ھېكايىسى بەك يېڭىلىقمۇ ئەمەسلا بىر ئىش ئىدى. گۈلزار قالايمىقان ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ ئانچە مۇنچە نەشە دېگەندەكلەرنى ئىستېمال قىلاتتىكەن. كېيىن مەست قىلغۇچى دورىلارنىمۇ تېتىپ بېقىپتۇ. ئاندىن خېروئىننى چېكىشنى ئۆگىنىپتۇ. ئەمما بەك قاتتىق خۇمار ئەمەسكەن. دىلشات باشتا قارشى تۇرغان بولسىمۇ بىر قېتىم تاماكىغا ئارىلاشتۇرۇۋەتكىنىنى چېكىپ قېلىپ پات پات سېغىنىدىغان بولۇپ قاپتىمىش. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە خۇمارى قاتتىق ئەمەسكەن. بۈگۈن گۈلزار بىلەن بولاق ئالغىلى بارغاندا تۇتۇلۇپ قاپتۇ. ئەمما تىرىشسىلا تاشلىۋېتەرمىش.

باھار، زەھەرلىك چېكىملىك ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئۇلار ئەمدى نورمال ھېسسىيات، ئەدەپ ئەخلاق قارىشى بار ئادەم بولالمايدۇ. لالە بۇنى بىلمىدى. ئۇ دىلشاتقا ئىشەندى. مۇشۇ مىنۇتتىن باشلاپ دىلشات ئۇنىجىسىنى تاشلايدىغان بولدى. ئەمما بىر ھەپتە تاشلىسا يەنە بىر ھەپتىسى چېكىۋالاتتى. ئاندىن يۈكۈنۈپ، ئۆزىنى شالاقلاپ، يىغلاپ ۋەدىلەرنى بېرەتتى. مۇشۇ جەريان تەكرارلىنىپ يەنە ئۇزۇن ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتتى. گۈلزار بىلەنمۇ تاشلاشمىدى. ئۆيدىكى پۇل بەزى بەزىدە يوقاپ كېتىدۇ. لالە نەچچە پۇل خەجلەپ ساقچىلاردىن ئېلىپ چىقتى. لالەنىڭ يېگى ئەندىشىسى بار. دىلنارنىڭ توي ئىشى.

دىلنار ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىقتى. ئالىي مەكتەپتە يۈرگەن يىگىتى بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ ئۆيدىكىلەرمۇ كۆرۈشۈپ بولدى. لالە دىلنارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئەنسىرەپ، دىلشات تۈزۈكتەك ۋاقتىدا «مۇشۇ دادىسى» دەپلا ئوتتۇرىغا چىقىرىپ توينى قىلىۋالغۇسى بار ئىدى. لالە ھازىر دىلشاتتىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. ئۇ خەير ساخاۋەت ئىشلىرىنى بېرىلىپ قىلىدۇ. نەدە ياردەم لازىم دېسە شۇ يەردە پەيدە بولىدۇ. توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ھېچنېمىدىن قالمايدۇ. ئۆيدىن تاپالمىغىنىنى ئەل ئارىسىدىن تاپماقچى بولىدۇ.

«چوڭ چاي مۇشۇ شەنبە» دېگەن پەيشەنبە كۈنى، دىلنارنىڭ يىگىتىنىڭ ئاپىسى تېلېفون قىلىپ بۇ توينى قىلالمايدىغىنىنى، ئوغلىغا دادىسى خېنەنلىك قارا خىتاي قىزنى ئېلىپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى، لالەنىڭ مۇشۇنداق ئىشىنىمۇ يوشۇرۇپ قارا نىيەتلىك قىلغىنىنى دېدى. لالە قولىدا يانفون، بېقىنى بىر ئاغرىق بىلەن كىرىپىسلودا ئولتۇرۇپلا قالدى. قىزلىرى يىغا زارە بىلەن دوختۇرغا ئاپاردى.

باھار، زىبانىڭ ھېكايىسىدىكى پالچى تۇڭگان ئېسىڭىزدىمۇ؟ لالە تۇرمۇشىنىڭ ئەندىشىسىدە ئۇ بوۋاينىڭ يېنىغا بارغان. ئۇ بوۋاي شۇ زامانلىرى داڭلىق بولۇپ، پۈتۈن قىز چوكانلارنىڭ ئىسسىتقۇ، سوۋۇتقۇلىرىنىڭ ئامالىنى قىلاتتى. لالە قىزنىڭ كەلگۈسىدىن ئەنسىرەپ، دىلشاتنىڭ مۇشۇنچىلىك ۋاقتىدا بىللە تۇرۇپ دىلنارنىڭ توينى قىلىۋېلىش مۇمكىنچىلىكى بار يوقلىغىنى سورىدى. بوۋاي لالەگە ئۇزۇن قاراپ

– ئەجەبا ئۆزۈڭنىڭ بۇ تويدا بولالماسلىقىڭدىن پەقەت ئەندىشە قىلمامسەن،– دېدى. پۈتۈن ئەس يادى دىلشاتتىكى لالە بۇ گەپكە زەن سالمىدى.

كېيىن مەلۇم بولۇشىچە لالەنىڭ ئاچىسى ھېلىقى جاينى قايتۇرۇپ ئالالمىغان ئاداۋىتىنى دىلنارنىڭ توينى بۇزۇپ چىقاردى. يوغان تاۋاق قىلىپ قۇدىلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ لالەنىڭ ئۆتمۈشىنى يېيىپ پاقىسىغا قېنىپ يېنىپ چىقتى.

لالە تەكشۈرۈشلەرنى قىلىپ يېنىپ كەلدى. نەتىجىسىنى ئاڭلىغىلى ئۆزى يالغۇز باردى. دوختۇر كۆز ئالدىدىكى 46 ياشلىق، چىداملىق ئەمما ھەسرەتلىك

كۆرۈنىدىغان بۇ ئايالغا بىر قاراپ، ئۈستەلدىكى كېسەللىك ئارخىپىغا بىر قاراپ سۆزىنى باشلىدى:

– دىياگنوز ئېنىق بولدى. ياخشى ئەمەس، ئەمەلىيەتتە بەك ناچار، جىگەر راكى ئىككىنچى باسقۇچ...

كەينىدىكى گەپلەر لالەنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. قانداق داۋالىسا لالە ئۈچۈن بەرىبىر. ئۇ داۋالانماسلىقنى تاللايتتى.

باھار، لالە بەك چارچىدى. بۇرۇنقى ھايات قارا باسقاندەك. دىلشاتقا توي قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، ئۆيدىكىلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، قىزىنى ساق سالامەت ياتلىق قىلىۋالسام دېگەن ئارزۇسى يېقىن ئارىدا رويابقا چىقمايدىغىنىنى بىلىپ دەم ئېلىشنى قارار قىلدى. بەزىدە ئىنسان ئۆلۈمنى خالاپ قالىدىكەن.

باھار، لالەنىڭ ھاياتى ئاخىرلىشاي دېدى. كېسەل سەۋەبىدىن تارتقان جاپالىرىنى دېمەي بولدى. ئورۇقلاپ بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان لالە ھېچنېمە يېيەلمەيتتى. ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغىلىپ تاغقا چىقىپ «ساۋاقداشلار ئولتۇرۇشى» قىلدى. بۇ كۈنى دىلشات يوق، قەيسەر بار ئىدى. قەيسەر ئاخىرى غەيرەتكە كېلىپ ئۆزىنىڭ مۇشۇ يىللاردىن بېرى لالەگە بولغان سۆيگۈسىنى ئاشكارىلىدى. لالە كۆزلىرىدە ياش ئاچچىق كۈلەتتى. «قىزىق جۇمۇ سەن» دەپلا گەپنى تۈگەتتى. لالە قىز ساۋاقداشلىرى بىلەن ئوت چۆپنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقاچ چۆپتىن بىر تۇتام يۇلىۋېدى، قولىغا بىر تۆتقۇلاق چىقتى. تۆتقۇلاق دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئامەتنىڭ سىمۋولى. قىزلار چۇرقىرىشىپ لالەنى تەبرىكلىدى. لالە:

–كېسىلىم ئامىتىم ئوخشايدۇ،– دېۋىدى، ھېلىلا كۈلىشىۋاتقان قىزلار يىغلاشقا باشلىدى. لالە ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ ئۆيدىكى مال مۈلۈكنى ئىككى قىزىنىڭ نامىغا ئۆتكۈزدى. ۋەسىيەتنامە تەييارلىدى. بارلىق ئىلىم بېرىملارنى تۈگەتتى.

باھار، ئۇ كۈنى لالەنىڭ 47 ياشلىق تۇغۇلغان كۈنىنىڭ ھارپىسى ئىدى. دىلشات بۇ كۈنلەردە ئېتىنىڭ تىزگىنىنى سەل تارتىپ لالەگە 24 سائەت ھەمراھ بولۇۋاتاتتى . قىزلىرى نۆۋەت بىلەن كېلەتتى. گۇگۇم پەيتى، شەپەق نۇرى ياتاقنىڭ دېرىزىسىدىن تامغا قىزىل شولا تاشلىغان. يازنىڭ ئايىقى بولۇپ قالغاچقا ھاۋا ئارامبەخش ئىدى. دىلشات، قىزلار لالەنىڭ كارىۋىتىنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ ئەتە تۇغۇلغان كۈننى قانداق خاتىرىلەشنى مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى. دىلشات لالەگە سەپ سالدى. بۇ كۈنلەردە لالە بارغانسېرى گۈزەل بولۇپ كېتىپ باراتتى. بۈگۈن تېخى ئالاھىدە سۈزۈلۈپ تېرىلىرى تومۇرلىرى كۆرۈنگۈدەك نېپىزلىشىپتۇ. كىرپىكلىرى بۇرۇنقىدەك قويۇق بولمىسىمۇ تال تال تۇراتتى. لەۋلىرى تاتارغان ھال رەڭدە. بۇرۇنلىرى قىرلىق. چېچى يەنە جىق، كەينىگە تۈگۈكلۈك. كارىۋات بېشىغا يۆلەپ تىكلەنگەن ياستۇققا يۆلىنىپ قىزلىرىغا قارايتتى. بىرچاغدا لالە چارچىغىنىنى ئېيتىپ ياتماقچى بولدى. دىلشات ئۇنىڭ يېتىۋېلىشىغا ياردەم قىلدى. لالە ئۇيقۇسى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. دىلشات زاۋال ۋاقتىدا ئۇخلىسا يامان بولىدۇ دەپ ئۇنىڭغا ئۇخلىماسلىقنى دېدى . ئەمما لالە:

– دىلشات، شۇنداق بىر تاتلىق ئۇيقۇ بېسىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇخلاۋېرەيچۇ،– دەپ كۆزىنى يۇمماقچى بولدى. دىلشات بىر يامانلىقنى سەزگەندەك بولۇپ، – لالە، غەيرەت قىل، ئەتە 47 ياشقا كىرىسەن،– دېۋىدى، لالە كۆزلىرى يۇمۇق پېتى كۈلۈمسىرەپ، – ئارانما؟ نەچچە ئەسىر ياشىغاندەك چارچاپ كەتتىم. دىلشات، قىزلارغا ياخشى قارا، مەن كۆرگەننى كۆرمىسۇن، مەن بىردەم ئۇخلىۋالاي،– دەپلا بېشى قىيسايدى. قىزلار دوختۇرلارنى چاقىرىشتى. دوختۇر ئۆلۈم ۋاقتىنى ئېلان قىلىۋەتتى. ياتاقنى يىغا زارە قاپلىدى.

شۇنداق باھار، لالە 47 ياشنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىيالمىدى.

تامام.

*ئادەم بالىسى كارۋانغا ئوخشىشىدۇ، قونالغۇدا (ئوزۇق) تۇرالماس.*
*ئادەم تاماخور بولسا، (نەپسىگە) قۇل بولىدۇ.*
*ئادەم قىلىس - نادىر ئەمەس، (بەلكى) كىشىلىك قىلىستۇر، ئىنسانلار*
*ئاز ئەمەس، (بەلكى) توغرىلىق ئازدۇر.*

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى

# «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ سىلىشتۇرمىسى*

مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئۇقىيا

(ئەنگلىيە)

## VII Til Erdemin Münin Asığın YasınAyur

## VII. Dilin Meziyetini Ve Kusurunu, Faydasını Ve Zararını Söyler

## يەتتىنچى باب
## تىلنىڭ پەزىلىتى بىلەن قۇسۇرى ۋە پايدىسى بىلەن زىيىنى باياىندا

162. Ukuşka biligke bu tılmaçı til,
yaruttaçı erni yorık tilni bil.

162. Anlayış ve bilgiye tercüman olan dildir; insanı aydınlatan fasîh dilin kıymetini bil.

162. ئەقىل ھەم بىلىم تەرجىمانى بۇ تىل،
روشەن تىل كىشىنى يورۇتقۇچى، بىل !

163. Kişig til ağırlar bulur kut kişi,
kişig til uçuzlar barır er başı.

163. insanı dil kıymetlendirir ve insan onunla saadet bulur; insanı dil kıymetten düşürür ve insanın dili yüzünden başı gider.

163. قەدىرلىك قىلار تىل، تاپار بەخت كىشى،
قىلار ئەرنى تىل خار، كېتەر ھەم بېشى.

164 Til arslanturur kür eşikte yatur,
ayâ evlig er sak başıŋnı yeyür.

164 Dil arslandır, bak, eşikte yatar; ey ev sahibi, dikkat et, senin başını yer.

164. ئىشىكتە تۇرار ئارسلاندۇر بۇ تىل،
ئەي ئۆيلۈك ھەزەر قىل، بېشىڭ يەيدۇ بىل.

165. Tilin emgemiş er negü ter eşit,
bu söz işke tutğıl özüŋe iş it.

165. Dilinden eziyet çeken adam ne der, dinle; bu söze göre hareket et, onu dâima hatırda bulundur.

165. نېمە دەيدۇ تىلدىن جاپا كۆرگەن ئەر،
قۇلاق سال، ئەمەل قىل، دىققىتىڭنى بەر.

166. Meni emgetür til idi ök telim,
başım kesmesüni keseyin tilim.

166. Bana dilim pek çok eziyet çektiriyor; başımı kesmesinler de ben dilimi keseyim.

166. جاپا سالدى تىلىم ماڭا كوپ قىتىم،
كېسىلمەستە باشىم، كېسەي مەن تىلىم.

* ئەسلەتمە: «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ سېلىشتۇرمىسى سىزگە ئەسلى تېكست، ھازىرقى تۈركچە ۋە ھازىرقى ئۇيغۇرچە تەرجىمە تەرتىۋى بىلەن بېرىلگەن بولۇپ، رېتى ئۆز پېتى ئېلىندى (ئاپتور).

167. Sözüŋni küdezgil başıŋ barmasun,
tiliŋni küdezgil tişiŋ sınmasun.
167. Sözüne dikkat et, başın gitmesin; dilini tut, dişin kırılmasın.

167. سۆزۈڭنى كۆزەتكن، بېشڭ كەتمسۇن،
تلڭنى كۆزەتكن، چشڭ سۇنمسۇن.

168. Biliglig bilig berdi tilke bışığ,
ayâ til idisi küdezgil başığ.
168. Bilgili dil için özlü bir söz söyledi; ey dil sahibi, başını gözet.

168. بر ئالم دېدى تل ئۇچۇن پۇختا سۆز،
ئايا تل ئگسى كۆزەت باشنى ئوز.

169. Esenlik tilese seniŋ bu özüŋ,
tiliŋde çıkarma yarağsız sözüŋ.
169. Sen kendi selâmetini istiyorsan, ağzından yakışıksız bir söz kaçırma.

169. ئېسەنلك تلسەڭ ئەگەر سەن ئۆزۈڭ،
تلڭدن چقارما ياراقسز سۆزۈڭ.

170. Bilip sözlese söz biligke sanur,
biligsiz sözi öz başını yeyür.
170. Söz, bilerek söylenirse, bilgi sayılır; bilgisizin sözü kendi başını yer.

170. بلپ سۆزلسە سۆز بلم سانلۇر،
بلمسز سۆزى ئۆز بېشنى يېيۇر.

171. Üküş sözde artuk asığ körmedim,
yana sözlemişte asığ bulmadım.
171. Çok sözden fazla fayda görmedim; amma söylemek de faydasız değildir.

171. تولا سۆزدە ئارتۇق پايدا كۆرمدم،
يەنە سۆزلمەيمۇ پايدا تاپمدم.

172. Üküş sözleme söz birer sözle az,
tümen söz tügünin bu bir sözde yaz.
172. Sözü çok söyleme, sırasında ve az söyle; binlerce söz düğümünübu bir sözde çöz.

172. تولا سۆزلمە سۆز ، برەر سۆزلە ئاز،
تۈمەن سۆز تۈگنن بۇ بر سۆزدە ياز[51].

173. Kişi söz bile koptı boldı melik,
üküş söz başığ yerke kıldı kölik.
173. İnsan söz ile yükseldi ve sultan oldu; çok söz başı, gölge gibi, yere serdi.

173. كشى بولغۇسى شاھ ئۆسۈپ سۆز بلەن،
تولا سۆز بېشڭنى قلار يەنە تۆۋەن.

174. Üküş sözlese yaŋşadı ter bilig,
yana sözlemese ağın ter tilig
174. Çok konuşan kimseye bilgi "gevezelik etti" der; söylemezse de, ona "dilsiz" der.

174. بلم دەر «مەمەدانە»، كۆپ سۆزلسەڭ،
گاچا دەيدۇ سۆزنى ئەگەر دېمسەڭ.

175. Kalı mundağ erse yorık utru ur,
yorık utru ursa kişig yoklatur.
175. Mademki böyledir, sen fasîh dil kullan; dil fasih olursa, insanı yükseltir.

175. پاساھەت بلە قل شۇڭا سەن سۆزۈڭ،
پەسھ بولسا تلڭ، ئۆسەرسەن ئۆزۈڭ.

176. Tilig ked küdezgil küdezildi baş,
sözüŋni kısurğıl uzatıldı yaş.
176. Dili iyi gözet, başın gözetilmiş olur; sözünü kısa kes, ömrün uzun olur.

176. تىلىڭنى كۆزەت بەك، كۆزىتىلەر باش،
سۆزۈڭنى قىسقا قىل ئۇزارتىلار ياش.

177. Til asğı telim bar yası ma üküş,
ara ögdilür til ara miŋ söküş.
177. Dilin faydası çok olduğu gibi, zararı da çoktur; dil bâzan öğülür, bâzan da çok söğülür.

177. بۇ تىل پايدىسى كۆپ، زىيانمۇ تولا،
ئارا ماختىلۇر، مىڭ سۆكىلۇر ئارا.

178. Kalı mundağ erse bilip sözle söz,
sözüŋ bolsu közsüz karağuka köz
178. Mademki böyledir, sözü bilerek söyle; sözüngözsüzlere, körlere göz olsun.

178. ئەگەر مۇنداغ ئولسا ، بىلىپ سۆزلە سۆز،
سۆزۈڭ بولسۇن كۆزسىز قارغۇ ئۈچۈن كۆز .

179. Biligsiz karağuturur belgülüg,
yorı ay biligsiz bilig al ülüg
179. Bilgisiz insan, şüphesiz, kördür; ey bilgisiz, yürü; bilgiden nasip al.

179. ئېنىقكى، بىلىمسىز بى قارغۇ ئېرۇر،
بىلىمدىن نەسىپ ئال ، بىلىمسىز ،يۈگۈر .

180. Toğuğlı ölür kör kalır belgü söz,
sözüŋ edgü sözle özüŋ ölgüsüz.
180. Bak, doğan ölür; ondan, eser olarak, söz kalır; sözünü iyi söyle, ölümsüz olursun.

180. توغۇلغان ئۆلەر، كور، قالۇر بەلگۈسىز،
سۆزۈڭ ياخشى بولسا، ئۆزۈڭ ئۆلگۈسىز .

181. İki neŋ bile er karımaz özi,
bir edgü kılınçı bir edgü sözi
181. İnsan iki şey ile kendisini ihtiyarlamaktan kurtarır : biri —iyi iş ve diğeri — iyi söz.

181. ئەر ئىككى نېمىدىن قېرىماس ئۆزى،
بىرى ياخشى ئىش ، بىرى ياخشى سۆزى .

182. Kişi tuğdı öldi sözi kaldı kör,
özi bardı yalŋuk atı kaldı kör
182. Bak, insan doğdu, öldü; sözü kaldı; insanın kendisi gitti, adı kaldı.

182. كىشى تۇغدى، ئۆلدى، سۆزى قالدى كۆر،
ئۆز قالدى ئىنسان ، ئېتى قالدى كۆر .

183. Tiriglik tilese özüŋ ölmegü,
kılınçıŋ sözüŋ edgü tut ay bügü
183. Kendin ölümsüz bir hayat dilersen, ey hakîm, işin ve sözün iyi olsun.

183. ئۆلۈمسىز هاياتنى تىلىسەڭ ئۆزۈڭ،
قىل ياخشى، ئەي هېكىم، خۇلقۇڭ هەم سۆزۈڭ.

184. Tilig ögdüm ança ara söktüküm,
tilekim söz erdi saŋa yördüküm.
184. Dili bu kadar eğmekten ve arada bir söğmekten maksadım, sana sözün ne olduğunu anlatmak idi.

184. قىلىپ مەدهى تىلنى، ئارا سۆكمىگىم،
ساڭا سۆز ئۇقتۇرۇش ئىدى تىلىگىم .

185. Kamuğ sözni yığsa ukuş taplamaz,
kerek sözni sözler kişi kizlemez

185. Her sözü saklamağı da anlayış hoş görmez; insan lüzumlu olan sözü söyler, gizlemez.

185. پەقەت سۆزلىمەسلىكنى ئەقىل خالىماس،
كېرەك سۆزنى سۆزلەر كىشى يوشۇرماس.

186. Sözüm oğluma sözledim men toŋa,
oğul minde altın maŋa ne teŋe

186. Ey yiğit, ben bu sözü oğlum için söyledim; oğul benden aşağı derecededir ve bana nasıl denk olur.

186. سۆزۈمنى دېدىم مەن بالامغا، باتۇر،
مېنىڭدىن تۆۋەن ئۇ ، نېچۈك تەڭ بولۇر ؟

187. Saŋa sözledim men sözüm ay oğul,
saŋa berdi bu pend özüm ay oğul

187. Ey oğul, bir sözümü sana söyledim; ey oğul, bu nasihatleri ben sana verdim.

187. ئەي ئوغلۇم دېدىم مەن ساڭا بۇ سۆزۈم،
ساڭا بۇ ناساتمىنى بەردىم ئۆزۈم.

188. Kümüş kalsa altun meniŋdin saŋa,
anı tutmağıl sen bu sözke teŋe

188. Benden sana gümüş ve altın kalırsa, sen onları bu söze denk tutma.

188. كۈمۈش قالسا ئالتۇن مېنىڭدىن ساڭا،
ئۇنى تۇتمىغىن سەن بۇ سۆزگە تەڭا.

189. Kümüş işke tutsa tüker alkınur,
sözüm işke tutsa kümüş kazğanur

189. Gümüşü bir işe sarfedersen, biter, tükenir; sözümü işe sarfedersen, gümüş kazanılır.

189. كۈمۈشنى ئىشلەتسە تۈگەر، يوقىلۇر،
سۆزۈمنى ئىشلەتسە كۈمۈش قازىنۇر.

190. Kişidin kişike kumaru söz ol,
kumaru sözüg tutsa asğı yüz ol

190. İnsandan insana, miras olarak, söz kalır; vasiyet edilen sözü tutmanın faydası çoktur.

190. كىشىدىن - كىشىگە مىراس قالۇر سۆز،
مىراس سۆزنى تۇتساڭ يۈز پايدا بولۇر.

191. Bu kün tügme kaşıŋ ay bilge bügü,
özüm udrin aysa yeme eymenü

191. Ey âlim hakîm, bugün ürkerek, kendi özrümü söylersem, bana kaşını çatma.

191. قاۋاق تۈزمە بۈگۈن، ئەي دانا ماڭا،
يەنە ئۆزۈر ئېيتسام ئەيمىنىپ ساڭا .

ئادەم گويا تۈندەك قاراڭغۇ ئۆي بولسا، ئىدراك ئۇنى يورۇتقۇچى مەشئەلدۇر.

# ئەقلىيە سۆزلەر

مەجھۇل تەييارلىغان (گېرمانىيە)

ھەممە ئادەم خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ، لېكىن پەقەت دانالارلا خاتالىقىدىن ئۆگىنىدۇ.
ۋىنستىن چېرچىل (ئەنگلىيە)

ھىجران بىلەن مۇھەببەتنىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى شامال بىلەن ئوتنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. ھىجران ئاجىز مۇھەببەتنى ئۆچۈرىدۇ، كۈچلۈك مۇھەببەتنى كۈچلەندۈرىدۇ.
روژې دې بۇسسىي رابۇتان (فرانسىيە)

شۇنداق بىر ۋاقىت كېلىدۇكى، سىز قۇتقۇزغۇچىنى ساقلاشنى توختىتىشىڭىز ۋە قۇتقۇزغۇچى بولۇشنى باشلىشىڭىز كېرەك بولىدۇ.
برۇس سپرىنگستىين (ئامېرىكا)

ھازىرنى قوبۇل قىلىڭ، ئۆتۈپ كەتكەنگە ئىشىنىۋالماڭ، كەلگۈسىگە ئۈمىدۋار بولۇڭ.
سونىيا رىكوتتى (ئامېرىكا)

ئىشەنگۈچىلەرنىڭ نۇرغۇن مەسىلىلىرى ھەل بولىدۇ. شۇڭا - ئىشىنىڭ, شۇندىلا مەسىلىڭىز ھەل بولىدۇ.
نورمان ۋىنسېنت پىيل (ئامېرىكا)

كەتكۈزۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ يۈرۈپ قانچىلىك ئىشنى كەتكۈزۈپ قويغاندىمەن؟
پائۇلو كوئېلھو (برازىلىيە)

بەل قويۇۋېتىشنى باشلاپلا قويسىڭىز ئادەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ.
ۋىنس لومباردى (ئامېرىكا)

مەغلۇبىيەت خاتىمە ئەمەس، بەل قويۇۋېتىش خاتىمىدۇر.
رىچارد م. نىكسون (ئامېرىكا)

پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشقان ئادەم پۇشايمان قىلمايدۇ.
جورج خالاس (ئامېرىكا)

سىز ئۆزىڭىزدە بار دەپ قارىغان ھەممە ھوقۇق باشقىلاردىمۇ بار.
توماس پېين (ئەنگلىيە)

ھېچقانداق نەرسە بەدەلسىز قولغا كەلمەيدۇ، شۇڭا ئۇرۇش قىلىشتىن بۇرۇن قانچىلىك بەدەل تۆلەشكە رازىلىقىڭىزنى مۇقىملاشتۇرۇۋېلىڭ.
بېرناجوي ۋال (ئامېرىكا)

مەسىلە سېنى ئىزدىمىسە، سەن مەسىلىنى ئىزدىمە.
(نامەلۇم)

يوقاتقان ۋاقىتنى تاپقىلى بولمايدۇ.
بەنجامىن فرانكلىن (ئامېرىكا)

توغرا بولسىڭىز گەپتىن يانماڭ.
داۋىي كروككېت (ئامېرىكا)

مۇھەببەت ھەممىدۇر، ئۇ ھەممىنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ، ھەم ھەممىنى ئېلىپ كېتەلەيدۇ.
سۆرەن كىركېگورد (دانىيە)

غالىبىيەتكە باشلايدىغان يوللارنىڭ ھەممىسى جاپا كوچىسىدىن ئۆتىدۇ.
ئېرىك توماس (ئامېرىكا)

قىلالايمەن دەپ ئىشەنسىڭىز قىلالايسىز.
جون بورروۋس (ئامېرىكا)

بالىڭىزغا ئاچچىقلانماسلىقنى ئەمەس، ئاچچىقلانغاندا قانداق قىلىشنى ئۆگىتىڭ.
لىمان ئاببات (ئامېرىكا)

ئۆزىڭىز ياقتۇرىدىغان ئىشنى قىلىش ئەركىنلىكتۇر، ئۆزىڭىز قىلىدىغان ئىشنى ياقتۇرۇش بولسا بەختتۇر.
فرانك تايگىر (ئامېرىكا)

كىتاب قولدا تۇتقىلى بولىدىغان ئارزۇ - ئارماندۇر.
نىيل گايمان (ئەنگلىيە)

قۇياشقا ئوخشاش نۇر چاچماقچى بولسىڭىز، ئاشۇ قۇياشتەك كۆيىشىڭىز كېرەك.
ئا.پ.ج ئابدۇل كالام (ھىندىستان)

قۇياشنىڭ نۇرى بىر نۇقتىغا يىغىلمىغۇچە كۆيدۈرمەيدۇ. شۇڭا پۈتۈن زېھنىڭىزنى قولىڭىزدىكى ئىشقا يىغىڭ.
ئالېكساندىر گراھام بېل (شوتلاندىيە)

مۇھەببەت قارىغۇدۇر.
فرىدرىچ نىچې (گېرمانىيە)

ئەينەك بىلەن يۈزىڭىزنى كۆرىسىز، سەنئەت بىلەن روھىڭىزنى كۆرىسىز.
جورج بېرنارد شاۋ (ئېرلاندىيە)

مائارىپ ئەركىنلىكنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچتۇر.
جورج ۋاشىنگتون كارۋېر (ئامېرىكا)

مەن ئۇلۇغ گىگانتلارنىڭ مۈرىسىدە تۇرغاچقا شۇنچە يىراقنى كۆرەلىدىم.
ئىساك نيۇتون (ئەنگلىيە)

ئۆز قىممىتىڭىزنى سۆزىڭىز بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەرىكىتىڭىز بىلەن ئىسپاتلايسىز.
شان پاۋېل (يامايكا)

تۈنۈگۈن بۈگۈننىڭ خاتىرىسىدۇر، ئەتە بۈگۈننىڭ ئارزۇ - ئارمىنىدۇر.
خالىل جىبران (ئوسمان ئىمپېرىيىسى)

قانداقلا ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ۋاقىتنىڭ قەدىمى توختىمايدۇ.
ۋىليام شېكسپېر (ئەنگلىيە)

بۇ دۇنيا رەزىللىكنىڭ بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ رەزىللىكنى توسمىغانلىقى ئۈچۈن خەتەرلىك.
ئالبېرت ئېينىشتېين (گېرمانىيە)

مۇھىمى سان ئەمەس، بەلكى سۈپەتتۇر.
(نامەلۇم)

تالانتنىڭ بىر پىرسەنتى ئىلھام، توقسان توققۇز پىرسەنتى تىرىشچانلىقتۇر.
توماس ئېدىسون (ئامېرىكا)

ئۆلگەنلەر بىز ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالغاندىلا بىزگە نىسبەتەن ئۆلگەن بولىدۇ.
جورج ئەللىيوت (ئەنگلىيە)

تەنقىد ۋە تۈزىتىشنىڭ رولى زور، لېكىن رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ رولى زورراق.
يوھان ۋولفگاڭ فون گۆتې (گېرمانىيە)

جەمئىيەتنىڭ بىردىنبىر تۇراقلىق ھالىتى ھەممە ئادەم قانۇننىڭ ئالدىدا باراۋەر بولىدىغان ھالەتتۇر.
ئارستوتىل (يۇنان)

ئادەمنىڭ ئۆز بەدىنىنىڭ ئەڭ گۈزەل ۋە قۇدرەتلىك ھالىتىنى كۆرمەي تۇرۇپ قېرىپ كېتىشى بەك ئېچىنىشلىق ئىش.
سوقرات (يۇنان)

ئانا - سىز يۆلىنىدىغان ئادەم ئەمەس، بەلكى يۆلىنىشنى ھاجەتسىز قىلىدىغان ئادەم.
دورسىي س. فىشېر (ئامېرىكا)

سىزنى ۋاز كەچتۈرگەن قىيىنچىلىقلار ئەمەس، بەلكى سىز ئۆزىڭىز.
جوناسېن لوكۋۇد خيۇئى (ئامېرىكا)

نىشاننى ياخشى تىكلەش ئىشنىڭ يېرىمىنى قىلىپ بولغان بىلەن ئوخشاش.
ھىلارىي زىگلار (ئامېرىكا)

قىيىنچىلىقتا قالغاندا ئادەم ئۆزىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلەلەيدۇ.
لايلاھ گىفتىي ئاكىتا (گانا)

ئەتىرگۈلنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋەتسىڭىزمۇ يەنىلا خۇش پۇرايدۇ.

ۋىليام شېكسپىر (ئەنگلىيە)

ئەگەر سىز راست سۆزلىسىڭىز ھېچنېمىنى ئېسىڭىزدە تۇتۇشىڭىزنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ.
مارك تېۋىن (ئامېرىكا)

ھەرگىز مەغلۇبىيەتتىن قورقۇپ توختاپ قالماڭ.
كىچىك جورج رۇس (ئامېرىكا)

ھەممە كىشىگە ئوخشاش چۈشىدىغان قائىدە ناھەق ئەمەس.
(نامەلۇم)

ھەقىقىي باشلامچى كەڭ قورساق بولۇشى كېرەك.
ئېفئوپىيە ماقال - تەمسىلى

ھەممە ئادەم دۇنيانى ئۆزگەرتەلەيدۇ.
ستەللا مەككارتنىي (ئەنگلىيە)

مەغلۇبىيەت يولنىڭ ئاخىرى ئەمەس، بەلكى پەقەت يولدىكى بىر ئەگىمدۇر.
روي ت. بەننىت (ئامېرىكا)

مائارىپ سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئۇقمايدىغانلىقىڭىزنىمۇ ئۇقمايدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنىش دېمەكتۇر.
دانىئال بورىستىن (ئامېرىكا)

مەن مەغلۇپ بولمىدىم، پەقەت ئون مىڭ خىل خاتا ئۇسۇلنى بايقىدىم.
توماس ئېدىسون (ئامېرىكا)

مۇھەببەت ئوتقا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ قەلبىڭىزنى ئىللىتىدىغىنىنى ياكى ئۆيىڭىزنى كۆيدۈرىۋېتىدىغىنىنى ئالدىن بىلەلمەيسىز.
جوھن كروۋفورد (ئامېرىكا)

ھەممە شارائىت مۇكەممەل بولغاندا باشلايمەن دېمەڭ، ھازىرلا باشلاڭ، باشلىنىش ھەممە شارائىتلارنى مۇكەممەل قىلىدۇ.
ئەلىن كوھىن (ئامېرىكا)

# ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى

## ئۆزۈمنى ئالدىراشقىغۇ دېسەم...

تولىمۇ ئەزمە بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ ھەرقانچە جىددىي گەپنىمۇ يەتتە ئايلاندۇرۇپ قىلىدىكەن. بىر كۈنى قوشنىسى ئۇنىڭكىگە پاراڭلاشقىلى كىرىپ، ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشى كۆيۈشكە باشلاپتۇ، بىراق ئۆزى بايقىماپتۇ، ئەزمە بولسا بۇنى كۆرۈپ:

– مەن بىر نەرسە كۆرۈپ قالدىم، ئەگەر سىز ئۇنى يېقىن ئارىدا نېرى تارتمىسىڭىز، ئۆزىڭىزگە زىيان بولارمىكىن. ئەگەر دەپ بەرگىن دېسىڭىزغۇ، قوشنىدارچىلىقنىڭ يۈزىدىن دەپ بېرىمەن...، – دېيىشكە باشلاپتۇ. قوشنىسى ئۇنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەي:

–زادى نېمە ئىش بولدى، دېسىڭىزچۇ؟– دەپ سوراپتىكەن، ئەزمە:

– چاپىنىڭىزنىڭ پېشى كۆيۈۋاتقىلى نەۋەخ،– دەپتۇ. قوشنىسى دەرھال ئوتنى كۆچۈرۈۋاپتۇ - دە، ئاچچىقلىنىپ:

– قانداق ئادەمسىز، كۆرگەن ھامان ھايت دەپ قويسىڭىز بولمامدۇ؟– دەپتىكەن، ئەزمە قىتىغا كەلمىگەن ھالەتتە جاۋاب بېرىپتۇ:

– مەن ئۆزۈمنى ئالدىراشقىغۇ دېسەم، سىز مەندىنمۇ ئۆتە ئالدىراشقىغۇ ئىكەنسىز جۇمۇ!

## بالدۇرراق بىلگەن بولسامچۇ

بىر كىشى ئازازۇل خوتۇنىدىن زېرىكىپ يۈرگىنىدە، ئايالى تۇيۇقسىز ئۆيىدىكى خىزمەتچى ئايالنى ماختاپ قاپتۇ:

– بىزنىڭ بۇ خىزمەتچىمىز قالتىس بەلەن ئايال–دە! تاماققا ئۇستا، ئارتۇق گېپى يوق، ئۇنى-بۇنى دەپ ئادەمنىڭ بېشىنىمۇ قايمۇقتۇرمايدۇ...

گەپنىڭ ئېپى كەلگىنىنى بايقىغان ئەر دەرھال ئايالىنىڭ گېپىنى بۆلۈپتۇ:

– ئىست،شۇ خوتۇننىڭ مىجەز - خۇلقىنى سېنى ئالماستىن بۇرۇن بىلگەن بولسامچۇ!

## ئىنسابىڭىزنى تارتىپ باقسىڭىز...

گۆشنى دائىم كەم تارتىدىغان بىر قاسساپ «گۆشۈڭ كەمكەن» دەپ ئەرز قىلغان بىر ئادەمگە:

– بىلەمسىز، مېنىڭ بۇ تارازامدەك للىلا تارازا بۇ شەھەردە يوق،– دەپ پوپوزا قىپتۇ.

– بەك ياخشى،– دەپتۇ گۆش ئالغۇچى،– ئەمسە مۇشۇ ئىلىلا تارازىڭىزدا ئىنسابىڭىزنى بىر تارتىپ باقسىڭىز ئىكەن!

## نېمىشقا قىزىرىدۇ

بىر گەپچىدىن ئاغىنىسى سوراپتۇ:

– بۇرادەر، نېمە ئۈچۈن كۈن پاتاي دېگەندە قىزىرىپ كېتىدۇ؟

گەپچى جاۋاب بېرىپتۇ:

– شۇنىمۇ بىلەلمىدىڭىزمۇ؟ پاتالماي قىزىرىدۇ- دە!

## پۇل ۋە ئابرۇي

ئىككى سودىگەر زىياپەت ئۈستىدە بىر-بىرى بىلەن قىزىرىشىپ قاپتۇ.

– ئادەم بولامسىز؟– دەپتۇ بىرى ئىككىنچىسىگە،– دائىم پۇل،پۇللا دەيسىز، مانا بىزچۇ، جان چىقسىمۇ ئابرۇي ئىزدەيمىز، پۇل دېمەيمىز.

– بەك توغرا سۆزلىدىڭىز،– دەپتۇ ئىككىنچىسى،– ئادەم ھامانەم ئۆزىدە يوق نەرسىنى تېپىشنىڭ كويىدا بولىدۇ ئەمەسمۇ!

## ئۇستىرا ئىتتىك...

بىر كىشى ساتىراشقا كىرىپ چاچ ئالدۇرۇپتۇ. ساتىراشنىڭ ئۇستىرىسى تولىمۇ گال بولغاچقا، بېشى ئاغرىپ، قىينىلىپ كېتىپتۇ، لېكىن چىشىنى چىڭ چىشلەپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. بىر چاغدا ساتىراش ئۇنىڭغا:

– خۇشيېقىپ ئۇخلاپ قالدىڭىزمۇ، نېمە؟ ئۇستىرا بەك ئىتتىككىچۇ،– دەپتۇ.

– ۋاھ، بۇنى بىر دېمەك،– دەپتۇ چاچ ئالدۇرغۇچى،– ئۇخلاپ چۈش كۆرۈپتىمەن، بېشىم بىر توك كاۋىغا ئايلانغانمىش، ئېشەك كېلىپ ھەدەپ غاجىلىغۇدەك ئىمىش. چۆچۈپ ئويغانسام ئېشەك ئەمەس، سىلىنىڭ ئۇستىرىلىرى ئىكەن.

ئۇ شۇنداق دەپتۇ-دە، پېشىنى قېقىپ تۇرۇپ كېتىپتۇ.

ئا. ئازات تەييارلىغان

# سېھىرلىك ئالما

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا، بىر پادىشاھ ئوغۇللىرىنى سىناپ بېقىش ۋە ئۇلارنى ھەقىقىي تۇرمۇشقا ھازىرلاش ئۈچۈن، بىر سىناق ئورۇنلاشتۇرماقچى بولۇپتۇ. ۋەزىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۇ سىناقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر پىلان تۈزۈشۈپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن، شاھزادە مەھمەت، شاھزادە سېلىم ۋە شاھزادە مۇرات. پادىشاھ بىر كۈنى ئوغۇللىرىنى يېنىغا چاقىرتىپ، ئۆز كۆڭلىدىكىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنى بولسا: ئوغۇللىرىنىڭ ھەر بىرى پەرقلىق ئۈچ دۆلەتكە بېرىپ، ئىنساننى ھەيران قالدۇرغۇدەك بىر مەھسۇلات ياكى بىرە يېڭىلىقنى دادىسىغا ئېلىپ كېلىشى ئىكەن.

شاھزادە مەھمەت ئىراننىڭ شىراز شەھىرىگە بېرىپتۇ. ئۇ يەردە ھەر تۈرلۈك بازارلارنى ئايلىنىپتۇ، گىلەم بازىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، سېھىرلىك بىر گىلەم كۆرۈپتۇ، گىلەمنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا، ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرغان ھامان ئۆزى خالىغان بىر دۆلەتكەن تولىمۇ تېز سۈرئەتتە بارغىلى بولىدىكەن.

ئىككىنچى ئوغۇل شاھزادە سېلىم ھىندىستانغا بېرىپتۇ. ئۇ يەردە ھەر تۈرلۈك بازارلارنى، ئىلىم-مەرىپەت مەركەزلىرىنى، زەرگەر دۇكانلىرىنى كۆرۈپتۇ. تولىمۇ قالتىس مەھسۇلاتلارنى ساتىدىغان بىر دۇكاندا، سېھىرلىك بىر ئەينەكنى ئۇچرىتىپتۇ. ئەينەكنىڭ ئىقتىدارى بولسا يىراقتىكى بىر دۆلەتتە نېمە ئىشلار يۈز بېرىۋاتقىنىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىكەن. مۇشۇنداق قالتىس نەرسىگە ئىگە بولسا، قالغان ئىككى قېرىندىشىدىنمۇ بەكرەك ئۇتۇققا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئەينەكنى سېتىۋاپتۇ.

ئۈچىنچى شاھزادە بۇخارا شەھىرىگە بېرىپتۇ ۋە شۇ يەردە ئايلىنىپ يۈرگىنىدە بىر ئالىم كىشى ئۇنىڭغا ئانار دەرىخىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. ئانارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى: ئېغىر كېسەل بولۇپ، سەكراتقا چۈشكەن كىشىگە بۇ ئاناردىن يېگۈزسە، ئۇ كىشى دەرھال شىپا تېپىپ، ساقىيىپ كېتىدىكەن.

ئۈچ ئوغۇل بۇرۇن دېيىشىۋالغىنى بويىچە، يولغا چىقىشتىن بۇرۇن باش قوشۇپ مەسلىھەت قىلىشقان كارۋانسارايدا ئۇچرىشىپتۇ. دەسلەپتە بىر-بىرىنى كۆرۈپ، شۇنچىلىك خۇشال بولۇشۇپتۇ. ئاندىن ئۆزلىرى تېپىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى بىر-بىرىگە كۆرسىتىشىپتۇ.

شاھزادە سېلىم مەلىكە گۈلنازنى كۆرۈپ باققۇسى كېلىپ، ئەينىكىگە قارىغانىكەن، قورققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاپتۇ. چۈنكى گۈلناز مەلىكە ئېغىر كېسەل بولۇپ، سەكراتقا چۈشۈپ قالغانىكەن. ئىككىنچى شاھزادە ئۆزىدىكى گىلەم بىلەن تېز سۈرئەتتە مەلىكىنىڭ يېنىغا بارغىلى بولىدىغىنىنى ئېيتقانىكەن، شاھزادىلەر دەرۋەقە گىلەمگە ئولتۇرۇپ، مەلىكە گۈلنازنىڭ يېنىغا بىردەمدىلا بېرىپ قاپتۇ. ئۈچىنچى شاھزادە مۇرات دەرھال سېھىرلىك ئانارنى چىقىرىپ، سويۇۋېتىپ، مەلىكىگە يېگۈزگەنىكەن، مەلىكە شۇ ھامان يېڭىدىن جانلىنىپ، ئەسلىگە كەپتۇ.

ئەسلىدە ئۈچىلا شاھزادە مەلىكە بىلەن ئۆيلىنىشنى خالايدىكەن ۋە مەلىكىگە قايسى شاھزادە بىلەن تويلىشىشنى خالايدىغىنىنى سورىشىپتۇ. گۈلناز مەلىكە دەسلەپتە چوڭ شاھزادىگە سوئال قويۇپتۇ:

— شاھزادە مەھمەت، سىز كەلگەندىن بېرى گىلىمىڭىزدە بىرە ئۆزگىرىش بولدىمۇ؟

— ياق، مەلىكەم، —دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاھزادە.

ئاندىن مەلىكە ئوخشاش سوئالنى شاھزادە سېلىمدىنمۇ سورىغانىكەن، سېلىممۇ ئوخشاشلا «ياق، مەلىكەم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئاخىردا مەلىكە ئوخشاش سوئالنى شاھزادە مۇراتتىنمۇ سورىغانىكەن، مۇرات شۇنداق دەپتۇ:

— شۇنداق مەلىكەم، ئۆزگىرىش بولدى، بۇ توغرىسىدا پىكىرلىرىڭىز ئۈچۈن قۇلىقىم سىزدە.

گۈلناز مەلىكە بۇنىڭغا جاۋابەن شۇنداق دەپتۇ:

— سۆيۈملۈك ئائىلەم، قىممەتلىك دوستلىرىم، شاھزادە مۇرات تەڭداشسىز قىممەتكە ئىگە ئانارنىڭ بىر پارچىسىنى ماڭا بەردى، سالامەتلىكىممۇ ئەسلىگە كەلدى. ئەگەر شاھزادە ئۆزى خالىسا ئىدى، بۇ شىپالىق مېۋىسىنى ئۆزىگە ئېلىپ قالالايتتى، بۇ پىداكارلىقنى ھەممىمىز قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك، شاھزادە مۇراتنىڭ كۆڭلىنىڭ دېڭىزدىنمۇ چەكسىزلىكى مېنى تەسىرلەندۈردى، مەن شاھزادە مۇراتقا ئۆيلەنسەم تولىمۇ شاد بولار ئىدىم.

مەلىكىنىڭ بۇ قارارى ھەممىنى خۇشال قىلىپتۇ. پادىشاھ تولىمۇ كۆركەم بىر مۇراسىم بىلەن شاھزادە مۇرات ۋە مەلىكە گۈلنازنىڭ تويىنى قىلىپ قويۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ شاھزادە مۇرات ۋە مەلىكە گۈلناز ئۆز مۇراتلىرىغا يېتىشىپتۇ.

تۈركچىدىن رەنا ئايبالا ياشار ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (نورۋېگىيە)



# «سىدنېي ئۈمىد ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپى» 14 يېشىڭغا مۇبارەك بولسۇن!

سەلىمە ئا. كامال( ئاۋستىرالىيە)

*بىر مىللەت بەلكىم نامى،تەن قۇرۇلمىسى جەھەتتىن يوقاپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. بىراق، ئانا تىلى يوقالسا، بۇ مىللەت مۇقەررەر ھالدا ئىنسانىيەت ئارىسىدىكى مەدەنىيەت نادانلىرىغا،ماددىي قەلەندەرلەر توپىغا، ھەتتا، سېپىي ئۆزىدىن قۇللارغا ئايلىنىدۇ.*

## خاتىرەمدىن

بىرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مىللىي كىملىكىنىڭ ئەڭ داڭلىق ماركىسى—ئۇيغۇر ئانا تىلىمىزدۇر. مىللىي كىملىكنى ساقلاش - ساقلىيالماسلىق ئانا تىل ۋە يېزىقىمىزنى ساقلاش- ساقلىيالماسلىق بىلەن نېگىزىدىن باغلىنىشلىق.

ۋەتىنىمىزدىن كىچىك ئايرىلغان، چەتئەللەردە تۇغۇلغان باللارنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت تىلىنى پىششىق بىلىشى بىزنى سۆيۈندۈرىدۇ. بىراق، خۇددى رۇس تىلىنى پىششىق ئۆگەنگەن ل.مۇتەللىپ، رۇس، خىتاي تىلىنى پىششىق ئۆگەنگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خىتاي بولمىغىنىدەك، ئىنگلىز، فىرانسۇز... تىللىرىنى پىششىق ئۆگەنگەنلەرنىڭمۇ ئىنگلىز، فىرانسۇز...بولۇۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس. دىئاسپورادا ئۇيغۇر تىل مۇھىتى سۇس. باللىرىمىزنىڭ ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ كېتىش خەۋپىگە قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرساق، بىزنىڭ ئالىم-ئەدىبلىرىمىز ھاياتى بەدىلىگە ياراتقان، يېزىپ قالدۇرغان تارىخ-ئەدەبىيات بايلىقىمىز، ئەجدادلار شەجەرىمىز، تەجرىبە--ساۋاقلار، پۈتۈكلىرىمىز: «چەتئەللەردە ئوقۇپ، كۆپ تىل ئىگىلىگەن، كەڭرى بىلىم توپلىغان» ئەۋلادىمىزنىڭ نەزىرىدە ئەخلەت ئارگىنال بولماسمۇ؟ مۇزېيلاردىكى مۇمىيالار ھەرقانچە قەدىمىي ۋە قىممەتلىك بولسىمۇ، يازمىلاردەك «سۆزلىيەلمەيدۇ»-دە! ئۇنداقتا، كەلگۈسى ئەۋلادىمىزنىڭ ئۆز تارىخىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئانا تىلىمىزنى ئۆگىنىپ، تارىخىمىزنى تەتقىق قىلغان چەتئەللىكلەرنى ئارىغا تەرجىمانلىققا سالامدۇق؟ بۈگۈنكى دۇنيادا تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرىنىڭ بۈيۈك نەتىجىلىرى ئىنسانىيەتكە تەۋە. ئەمما، داڭدار ئالىم-مۇتەخەسسىسمۇ كىملىكىگە: «مەن دۇنيا مىللىتى»دىن دەپ يازمايدۇ. چۈنكى، يىلتىز تەۋەلىكى مەسىلىسىدە ھەركىم خاس بىر توپقا تەۋەدۇر.

ۋەتىنىمىزدە ئانا تىل مائارىپىمىز يەسلىدىن تاكى ئالىي مەكتەپكىچە سىقىپ چىقىرىلدى. كۈچلۈك مائارىپىمىز يوقىتىلدى، مۇكەممەل نەشرىياتچىلىقىمىز ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىلدى. ئانا تىلنى قۇتقۇزۇش تىلشۇناسلارنىڭلا ئىشى ئەمەس. ئۆزىنى «ئۇيغۇر» دەيدىغان ھەممە كىشىنىڭ، بولۇپمۇ، دىئاسپورادىكى ھەممە ئۇيغۇرنىڭ مەجبۇرىيىتى بولۇپ قالدى. ئەگەر بۇ مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلمىساق، تارىخىمىزنىڭ قىممەتلىك ئىسپاتلىرىمۇ خۇددى جۇڭگونى 200 يىلدىن ئۇزاق سورىغان مانجۇلارنىڭ تىل-يېزىقىدەك، ئامېرىكىدىكى ئىندىيانلارنىڭ تارىخىي يازما مىراسلىرىدەك مۇزېيلاردا ئەينەك قۇتىلارغا قاچىلىنىپ، كۆرگەزمىگە قويۇلغان ئاسارە - ئەتىقىگە، كۈتۈپخانا تەكچىلىرىدە يوقالغان تىللارنىڭ ئېنىقسىز بۇيۇملىرى قاتارىغا تىزىشقىلا يارايدىغان ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قېلىشى مۇمكىن.

ئاقىۋەتتە،ئۆزىمىز مىللەت سۈپىتىدە يوقۇلۇشىمىز مۇمكىن.

ئانا ۋەتىنىمىزدىن ناھايىتى يىراقتىكى پايانسىز ئوكيانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۇغا چىلىشىپ قالغان بىرتال يوپۇرماقتەك لەيلەپ تۇرغان ئاۋستىرالىيەگە ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەن بولغىنىغا 40 يىلچە بولدى. ئۇيغۇرلار بۇ زېمىندا ئەۋزەللىكلەرگە، ئەڭ مۇھىمى، ئانا تىلنى ساقلاش ئەۋزەللىكىگە ئېرىشتى. ھۆكۈمەت: مىللەتلەر ئۆز ئەۋلادىغا ئانا تىلنى ئۆگىتىشنى خالىسا شەنبە-يەكشەنبىلىك ئانا تىل مەكتىپى ئاچسا بولىدۇ. دۆلەت بىر ئوقۇغۇچىغا بىر يىلدا 60 ئاۋستىرالىيە دوللىرى بېرىدۇ. مەكتەپ ئېچىلغان تۇنجى يىلى ھەق بېرىلمەيدۇ. بىر يىللىق سىناقتىن ئۆتۈشى كېرەك. بۇ پۇلنى-ئىستراخوۋانىيە ئېلىش، پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈش، ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلاپ رىغبەتلەندۈرۈش... لەرگە ئىشلىتىش كېرەك. ئوقۇتقۇچىلارغا ھەق بېرىلمەيدۇ. (كېيىنكى بەش يىلدا 120 دوللارغا ئۆستۈرۈلدى.) دەپ بەلگىلىگەن.

ئانا تىلنى ساقلاش ياكى يوقىتىشتىن ئىبارەت كەسكىن تاللاشتا يار لېۋىگە كېلىپ قالغان ئۇيغۇر ئۈچۈن بۇ تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئەمەسمۇ؟! پۇرسەت ھوقۇقنى شەرت قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار يات ئەلدە ھوقۇققا ئېرىشىۋىدى، كۆنسېرى سارغىيىۋاتقان ئانا تىلنى قوغداش- -ساقلاش، ئۆگىتىش- ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

## ئاۋستىرالىيەدە ئۈچ ئانا تىل مەكتىپى قۇرۇلدى

جەنۇبىي ئاۋستىرالىيەنىڭ ئادىلايدې شەھرىدە ھۆرمەتلىك ئەھمەت ئىگەمبەردى ئاكا يېتەكچىلىكىدە 1991 - يىلى6 -ئايدا «ئۆزبېك ئانا تىل مەكتىپى» قۇرۇلغان. ئەھمەت ئاكا مۇدىر بولغان. 1992 - يىلى 11 -ئاينىڭ 15 -كۈنى «جەنۇبىي ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپى»كە ئۆزگەرتىلگەن. 28 يىللىق تارىخقا ئىگە.

«ۋىكتورىيە ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپى»نى 2014 - يىلى4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مېلبورن شەھرىدە نادىرە يۇسۇپ قۇرغان. نادىرە ئالتە يىلدىن بۇيان ئىزچىل مەكتەپ مۇدىرى ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەكتە.

بۇ يازمىدا «سىدنېي ئۈمىد ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپى»نىڭ 14 يىلدىن بۇيانقى نەتىجىلىرى ۋە تەجرىبىلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن:

«سىدنېي ئۈمىد ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپى» 2006 - يىلى 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قۇتلۇق يەكشەنبە كۈنى تۆرك مەكتەپ، يەكشەنبە ئىشلىتىشىمىزگە بەرگەن سىنىپتا تىزىملانغان ئالتە ياشتىن ئون سەككىز ياشقىچە بولغان 30 بالا ۋە ئاتا-ئانىلار بىلەن ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، دەرس باشلىدۇق. مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى مەن ئۈستۈمگە ئالدىم. دەرسنى ئانا تىل كەسپىدە باكلاۋۇر دىپلوملۇق تۇرسۇنئاي ئىمىن ئۆتتى. مەكتەپ ھەقسىز ئىدى.

شۇ كۈنى ئانا تىل مۇئەللىمى دوسكىغا:

— ئا! ئا!...ئانادىكى ئا!...دەپ يازدى. ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوقۇدى.

ئاسىيا قىتئەسىنىڭ كىندىكىدىن كەلگەن ئۇيغۇر بالىلىرىمىز ئوكيانىيىدە يېقىملىق ئانا تىل ساداسىنى ياڭراتتى.

ھەر يەكشەنبە كۈنى سائەت 10:00 – 12:30 غىچە ئانا تىل-يېزىقنى ئۆگىنىشنى باشلىۋەتتى.

شۇ كۈندىن بۇيانقى 14 يىلدا ۋەتەنداشلاردىن دىلمۇرات، مالىك قاتارلىق پىداكارلار مەكتەپكە كېلەلمىگەن بالىلارنى توشىدى. نادىرە يۇسۇپ، رىزۋانگۈل قاتارلىق ياشلار قوللىدى، ياردەمدە بولدى. پىداكارلىقلىرىنىڭ ئەكسىچە، مەكتەپكە تۆھمەت تاشلىرى ئېتىلىپ، ئىمزا توپلاپ مەكتەپنى يوقاتماقچى بولغانلارنىڭ كاسا- پىتىدىن ئوقۇغۇچىلار ئازلاپ تۆت-بەشكە چۈشۈپ قالدى. لېكىن، ئانا تىلنى قوغداشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىنقىلاب ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن مەكتەپنىڭ قۇرغۇچى- قوللىغۇچىلىرى بىر بالا كەلسىمۇ دەرسنى توختاتمىدى. ھەق-ناھەقنى چۈشىنىپ، بالىلىرىنى يەنە مەكتەپكە ئەكىلىدىغانلار كۆپەيدى. مەكتەپ ئېغىر بېسىم ئاستىدىكى بۇ كۈنلەردە ئانا تىل مۇئەللىمىمىز سالامەتلىك سەۋەبىدىن ئىستېپا سورىدى. مۇدىرلىق، ئوقۇتقۇچىلىقنى مەن ئۈستۈمگە ئالدىم. بۇنداق غەيرەتكە كېلىشىمىزنىڭ تۈپ سەۋەبى–يۇقىرىدا ئېيتقىنىمدەك، ئانا تىلىمىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە يەكلىنىشى، يەنى، بىزگە كېلىۋاتقان زور يوقىتىشنىڭ تۈرتكىسى بولدى. يەنە بىر مۇھىم تۈرتكە شۇ بولدىكى، مەكتەپنىڭ بىر يىللىق تەنتەنىلىك مۇراسىمى بىلەن ئانا تىل ئۆگىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ رەسىملىرىنى «باغداش»، «دىيارىم»، «سەلكىن»... قاتارلىق تورلارغا يوللاپ تۇرغان ئىدىم. «دىيارىم>> تور بېتىگە ئىككى كۈندە 7 بەت ئىنكاس چۈشتى. بىر يىگىت شۇنداق يېزىپتۇ:« خەۋەرنى كۆرۈپ كۆزۈمدىن ياش تۆكۈلدى. قىسقا يەڭ كۆينىكىمنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈپ بولالماي قالدىم. سىزلەرگە رەھمەت!»

يەنە بىر نوپۇزلۇق كىشى تېلېفوندا:

– ئۈرۈمچىدە ماددىي جەھەتتىن تويۇنۇپمۇ قالدۇق. مەنىۋىيىتىمىز قۇرۇپ كەتتى. ئانا تىلنى چىڭ تۇتۇڭلار،– دېدى.

سۆيۈملۈك، تالانتلىق شائىرەمىز چىمەنگۈل «ئانا تىلىم ئانامدەك» تېمىلىق بالىلار شېئىرىنى مەخسۇس مەكتىپىمىز ئۈچۈن يېزىپ تەبرىكلىدى.

يالقۇن روزى قاتارلىق بىرنەچچە زىيالىيلىرىمىز ئېلىپبە كىتاب، مەشىق كىتاب، يەسلى بالىلار ئېلىپبەسى، ئەللەي تەبىئەت، ۋەتەن جۇغراپىيەسى، تارىخ، يەر ئاستى-ئۈستى بايلىقلىرى ھەققىدە بالىلارغا لايىقلاشتۇرۇلۇپ تۈزۈلگەن دەرسلىكلەرنى، تولۇقسىز- -تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئەدەبىيات گۇمانىتار ئوقۇشلۇقى... قاتارلىق دەرسلىكلەرنى پوچتىدىن يوللاپ، مەكتىپىمىزنى تەبرىكلىدى، مەدەتكار بولدى.

ئۇلار نېمە ئۈچۈن شۇنچە ھاياجانلىنىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن مەدەت بېرىدۇ؟ مۇساپىرلاردىن زور ئۈمىد كۈتىدۇ؟ بۇنى ھەربىر ۋىجدان ئىگىسى ئويلىنىشى كېرەك.

## 1. دەرسلەر

**دەرسلەر:** ئىنگلىز يېزىقىنى سولدىن ئوڭغا يېزىپ كۆنگەن باللارغا ئوڭدىن سولغا يېزىش تەس كەلدى. شۇڭا، يېڭى ھەرپ ئۆگىنىش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ، مەشىققە كۆپرەك ۋاقىت بەردۇق. ھەرپ ئۆگىنىشنى سۆز ئۆگىنىشكە بىرلەشتۈردۇق. مەسىلەن: «ب»نى ئۆگەنگەن كۈنى «ب»غا سۆز ياساش، «ز»نى ئۆگەنگەندە «ز»غا ۋە باشقا ھەممە ھەرپلەرگە سۆز ياساش، سۆز تېپىشتا مۇسابىقىلىشىش...

بىز ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىمىزنى ئاساس قىلدۇق. ئەمما، لاتىن ئۇيغۇر يېزىقى چەتئەلدىكى خېلى كۆپ ئۇيغۇر زىيالىيلىرى تەرىپىدىن ئۇنسىز قوبۇل قىلىنىپ، ئالاقە تورلىرىدا لاتىن ئۇيغۇر يېزىقىنى خېلى كەڭ ئىشلىتىۋاتقانلىقى سىر ئەمەس. بەزى ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى سوئالىغا جاۋاب بېرىش بىلەن كېيىنكى يىللاردا لاتىن ئۇيغۇر يېزىقىنى قوشۇمچە ئۆگەتتۇق. بۇنىڭدا دوكتور ۋارىس ئابدۇكېرىم جانبازنىڭ «ئويغان» تور بېتىدە ئېلان قىلغان ئۇيغۇر-لاتىن ھەرپلىرى ئېلىپبە جەدۋىلىدىن پايدىلاندۇق.

**تاپشۇرۇق:** ئۆزگىچە مائارىپتا تەربىيەلىنىۋاتقان باللارغا ئانا تىل ئۆگىتىشتە تاپشۇرۇق ناھايىتى مۇھىم. تاپشۇرۇقنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈش،سىنىپتا خاتالىرىنى ئاشكارا تۈزىتىش-تولۇقلاشقا ئەھمىيەت بەردۇق.

تەجرىبە شۇ بولدىكى، ئاتا-ئانىلار بالىنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلغان، كۆڭۈل بۆلگەن بولسا،كۈتكەن نەتىجە كۆرۈلدى.

بىر ئادەم، بىر مىللەتنىڭ ئەڭ نورمال تەپەككۇرى –ئانا تىلى ئارقىلىق كۈچىيىدۇ. نورمال تەپەككۇر ئادىتىنى تاشلاش – ماھىيەتتە، ئەقلىي جەھەتتىن چېكىنىشكە تەڭ. ئۇنداقتا، باللارنىڭ نورمال تەپەككۇرىنى كۈچەيتىشكە بىز قانداق ياردەم قىلدۇق؟

**تېپىڭلارچۇ ئۇ نېمە؟ پىروگراممىسىز بويىچە تېپىشماق دەرسى:** بۇنىڭدا ھۆرمەتلىك ئۇستاز توختاش بەكرى ئاتىمىزنىڭ باللار تېپىشماقلىرىدىن پايدىلاندۇق. ئۇنىڭدىن باشقا، سادىر پالۋان، نۇزۇگۇم قوشاقلىرىنى يادلىتىش، «ئىككى ئۆچكىنىڭ يول تالىشىشى»، «زىبا بىلەن قارلىغاچ»... قاتارلىق باللارغا خاس مەسەللەرنى يادلىتىپ، سىنىپتا دىراما ئويناشقا، مەسەللەرنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ چۈشەندۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردۇق.

كۆكتاتلارنىڭ، گۈللەرنىڭ ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى، ئۇيغۇر تاماقلىرىنىڭ نامى، سىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر كىملەر؟ ئۇيغۇرلاردا «7» ساننى ئۇلۇغلاش... دېگەندەك كەڭرى مەزمۇنلار بويىچە يېتەكلىدۇق. پەرھات تۇرسۇننىڭ «ئانا تىلىم»نى ۋە ئا.ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» نى ئايرىم ئوقۇغۇچىلارغا پائالىيەتلەردە ئوقۇتتۇق. ئوقۇغۇچىلارغا چىمەنگۈل ئاۋۇتنىڭ مەكتىپىمىزگە تەقدىم قىلغان «ئانا تىلىم ئانامدەك» شېئىرىنى كوللېكتىپ دېكلاماتسىيە قىلدۇردۇق. يەنە بىرى، نەرسىلەرنىڭ خاس ئىسمىنى رەسىم سىزىپ ئىپادىلەشمۇ ئۈنۈملۈك بولدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرى، قىسقا تەسىرات ماقالىلىرى، سىزغان رەسىملىك ئېلىپبەلىرى ئارخىپ سۈپىتىدە ساقلانماقتا.

## 2. ھەربىر ئىنسان ئۆزىگە بولغان ئىشەنچنى ئۆز تارىخىدىن تاپىدۇ

بىزنىڭ پىلانىمىز باللارغا ئېلىپبەنى ئۆگىتىشلا ئەمەس. بىز ئوقۇش باشلىغان تۇنجى يىلىلا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ «ئارمىيە مارشى»نى ئۆگەتتۇق. ۋەتەن جۇغراپىيەسىدە شەھەرلىرىمىزنىڭ نامىنى ئۆگەتتۇق. «نورۇز »دا «كىمنىڭ كىيىمى ئەڭ چىرايلىق؟» مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، ئۇيغۇر كىيىم كېچەكلىرى، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى تونۇشتۇردۇق. مەكتەپنىڭ 3 يىللىقىنى تەبرىكلەش كۈنىدە «مەمتىلى تەۋپىق كىم؟» تېمىسىدا پائالىيەتتە تەۋپىقنىڭ ھاياتى، ئۆلۈمى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلدى. باللار تەۋپىق شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى. شۇ زامان ئۇيغۇر تارىخى، مائارىپى ھەققىدە بىلىم ئالدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، قىرىقتىن ئاشقان، ئالى مائارىپ تەربىيەسى ئالغان بىر ئاتا: «مەمتىلى تەۋپىقنى مەن تېخى ئاڭلاپ باقماپتىمەن»، دەپ كۆز يېشى قىلدى. بۇ پاجىئە شۇنى چۈشەندۈردىكى، تارىخىمىزنى باللارغىلا ئەمەس، ئاتا-ئانىلارغىمۇ ئۆگىتىش زۆرۈر ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، مەكتەپكە بالىسىنى ئەكېلىپ، دەرستىن چۈشكىچە ساقلاپ ئولتۇرغان ئاتا-ئانىلارغا تارىخ دەرسىنى باشلىدۇق. بۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولغان ئىدى. ئىككى مەۋسۇم داۋاملاشتۇرالىدۇق. مەكتەپكە تاش ئېتىلغان ھېلىقى كۈنلەردىن كېيىن توختاشقا مەجبۇر بولدۇق. بۇ يىلدىن باشلاپ مەكتەپتە ئىشلەۋاتقان پىداكار ياش مۇئەللىملەر بۇنى داۋاملاشتۇرماقتا.

## 3. «خەلقئارا ئانا تىل كۈنى»نى ھەريىلى ئالاھىدە قۇتلۇقلاش

بۇ كۈننى ھەريىلى قۇتلۇقلاپ، سەنئەت نومۇرلىرى تەييارلىدۇق. باللارنى مۇكاپاتلاپ ئىلھاملاندۇردۇق. باللاردا: «ئانا تىلنى قەدىرلەش بارلىق ئىنسانغا ئورتاق ئۇلۇغ مەجبۇرىيەت ئىكەن، مەنچۇ؟» دېگەن تۇيغۇنى ئويغىتىشقا بۇ كۈننى ئالاھىدە ئۆتكۈزۈشنىڭ تۈرتكىسى كۈچلۈك بولدى.

## 4. تىلىمىزغا چەتئەل تىلىدىن كىرگەن، ئەينەن ئومۇملاشقان سۆزلەرنى توپلاش

مەكتىپىمىزدىكى چوڭراق ئوقۇغۇچىلار تىلىمىزدىكى چەتئەل تىلىغا ئەينەن ياكى قىسمەن ئوخشايدىغان سۆزلەرگە قىزىقتى. بۇمۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا تىللارنىمۇ قوبۇل قىلىپ، ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالىغان مۇكەممەل تىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتە ياخشى پاكىت ئىدى. شۇڭا، مەكتەپ ئېچىلغان 3 - يىلى «چەتئەل تىللىرىدىن بىۋاستە-ۋاستىلىك كىرىپ، تىلىمىزدا ئەينەن ئومۇملاشقان سۆزلەر»نى تېپىش قىزغىنلىقىنى قوزغىدۇق، ئۆزىمىزمۇ ئاۋاز قوشتۇق. بۇ چاغدىكى ئانا تىل مۇئەللىمىمىز

تۇرسۇنگۈل باللارنىڭ شۇنداق سۆزلەرنى تېپىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۆزى كۆپ ئىزدەندى. نەتىجىدە، جەمى 339 سۆز توپلاندى. بۇ تېما–ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئانا تىلنى چۈشىنىشى ۋە مۇھەببىتىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينىدى.

## 5. ئۇيغۇر–ئىنگلىز تىللىرىدىكى ئاھاڭداش–مەنىداش سۆزلەر تەتقىقاتى

مەكتەپ ئېچىش– ھەم ئۆگىنىش، ھەم ئۆگىتىش دېمەكتۇر. ئانا تىل مەكتەپنى ئاچقان كۈنلىرىمدە ئۆزۈم ئاۋستىرالىيەگە كەلگىلى بىر يىل بولغان ئىدى. شۇڭا قىسقا مۇددەتلىك ئىنگلىز كۇرسلاردا ئوقۇتاتتىم. ئانا تىل مەكتەپ ئۆزۈم ئۈچۈنمۇ ئانا تىلنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىش بولۇۋاتقان بۇ كۈنلەردە ئىنگلىز مۇئەللىم «in» دېگەن سۆزنى ئۆگەتتى. بەك ھەيران بولدۇم. مەن تۇغۇلغان غۇلجا شەھىرىدە موماي-بوۋايلار، قوشنىلار بىر-بىرىنى ئۇزاقراق كۆرمىسە: «ھوي، ئىنىڭدىن چىقالمايلا قالدىڭغۇي!» دېيىشىپ كۆرۈشەتتى. پاقا-يىلان قاتارلىق ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارنىڭ تۇرالغۇسىنى– ئىن، ئىنى-دەيتتى. «كەسلەنچۈك ئىنىغا كىرىپ كەتتى»...دېگەندەك.

مەن كېيىن مۇشۇنداق سۆزلەردىن 40 تىن كۆپرەكنى توپلىدىم. كۆپىنچىسى ئەرەبچە -پارىسچىدىن كىرگەن سۆزلەر بولسىمۇ، ئەمما، بىزگە ئانا تىلىمىزدەك سىڭىپ كەتكەن بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنى، ئانا تىلىمىزغا قىزىقىدىغان چەتئەللىكلەرنى بۇ ئوخشاشلىق ئارقىلىق تىلىمىزنى ئۆگىنىشكە قىزىقتۇرۇشقا پايدىسى بولۇشى چوقۇم. شۇڭا، توپلىغان سۆزلۈكلىرىمنى ئىلمىي جەھەتتىن شەرھلەپ رەتلىدىم ۋە دوكتور قاھار باراتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈپ، مەكتەپكە ئاتاپ نەشر قىلغان كىتابىم «ئوكيانىيىدە ئۇيغۇر ساداسى»غا كىرگۈزدىم. ئۇيغۇر، تۈرك، ئىنگلىز تىل-يېزىقىدا تەييارلانغان كىتابىمنى «سىدنېي ئۈمىد ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپى» كە بېغىشلىدىم.

## 6. نەتىجىلەر

- NSW شتات مائارىپ مىنىسترلىكىنىڭ «ئانا تىلنى ياخشى ئۆگەنگەن ئوقۇغۇچى»لارنى مۇكاپاتلاش 2008 - يىللىق يىغىنىدا ئوقۇغۇچىلىرىمىزدىن رافىلە شۆھرەت بىلەن ئىلياس ئادىللار مىنىستىرنىڭ قولىدىن تەقدىرنامە ئالدى.
- مەكتىپىمىز بېسىم ئاستىدا قالغاندا ياردەم قىلغان دوكتور ئىلياس قاسىمغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى «شتاتلىق ئانا تىل مەكتەپلىرى پىروگىراما ئورگىنى» نىڭ 2014 - يىللىق ئىلغار ئوقۇتقۇچىلارنى تەقدىرلەش پائالىيىتىگە نامزات قىلدۇق. ئۇ مىللەتلەرنىڭ 100 دىن ئارتۇق مەكتەپلىرى نامزاتلىرىدىن تاللانغان 10 ئانا تىل ئوقۇتقۇچىنىڭ بىرى بولۇپ تاللاندى ۋە چوڭ يىغىندا تەقدىرلەندى.
- شتات مائارىپ ئورگىنى 2008–2014 - يىللىق كالېندارىغا ئۇيغۇر ئانا تىل-يېزىقىمىز ۋە مىللىتىمىزنىڭ قىسقىچە تارىخى بىلەن چۈشەنچە يازدى ۋە ماي ئېيىنى ئىككى قېتىم بىزنىڭ مەكتەپكە بېغىشلىدى.
- شتات مائارىپ ئورگىنىنىڭ «تىل مەكتەپلىرى پەسىللىك ژۇرنىلى» نىڭ 2013 - يىللىق 2 - سانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى ھەققىدە ماقالە بىلەن ئوقۇغۇچى-ئوقۇتقۇچىلار سۈرەتلىك تونۇشتۇرۇلدى.
- زەمىرە ئارافات، ئىپار شۆھرەت، دىلارە جۈرئەت «مىللىي مەدەنىيەت تەسۋىرى رەسىم مۇسابىقىسى»غا قاتنىشىپ، گۇۋاھنامە ئالدى. مەكتىپىمىز ئۇلارنى نەقپۇل بىلەن مۇكاپاتلىدى.
- «يېڭى دەۋر» گېزىتى 2010 - يىل 3 - فېۋرال سانىدا «سىدنېيدىكى ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتەپ خەلقئارا ئانا تىل كۈنىنى تەبرىكلىدى» سەرلەۋھەلىك سۈرەتلىك خەۋەر ئېلان قىلدى.
- 2018 - يىلى «ئانا تىل مەكتەپلىرىنىڭ يىللىق خۇلاسە يىغىنى» دا شتاتلىق كۆپ خىل مەدەنىيەتلەر مىنىستىرى مەكتىپىمىز ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى. مەن «ئوكيانىيىدە ئۇيغۇر ساداسى»نى تەقدىم قىلدىم.

ھازىر سىدنېيدىكى مىللەتپەرۋەر ياشلار گۇرۇپپىسى مەكتەپنى داۋاملاشتۇرماقتا. نۆۋەتتە، ئوقۇغۇچىلار سانى كۈنسېرى كۆپەيمەكتە. ئوقۇش-ئوقۇتۇش سۈپىتىمۇ كۈنسېرى ياخشىلانماقتا.

بۇ ئۇزاق يىللاردا ھېس قىلغان مەسىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇ يەردە يازسام يازما بەك ئۇزۇرۇپ كەتكۈدەك.

**بىرلا مەسىلىنى ئېيتاي:** ئوقۇغۇچى سانى ھەربىر دۆلەتنىڭ ئۆلچىمىگە يەتكەن بولسا، دەرھال مۇنتىزىم ئۇيغۇر مەكتەپ قۇرۇشىمىز كېرەك. قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر، ئاۋستىرالىيەدىكى تۈرك قېرىنداشلىرىمىزدەك. شۇ چاغدىلا، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ تىلى ئاساسىدىكى پېداگوگىكا قائىدىلىرىنى يېتەكچى قىلىپ، ئانا تىلىمىز، ئەدەبىياتىمىز، تارىخىمىز... قاتارلىق دەرسلەرنى قوشۇپ ئۆتەلەيمىز. ئەۋلادىمىزنى مەڭگۈ ئۇيغۇر قىلالايمىز!

ۋەتەنداشلارغا دەيدىغىنىم شۇكى، شەنبە-يەكشەنبىلىك ئانا تىل مەكتەپلىرىنىڭ خىزمىتى– مىننەتسىز بەدەل تەلەپ قىلىدىغان، ئۇنۇمى ئاستا كۆرۈلىدىغان، مائاشسىز، ئەمەل-مەنسەپسىز، ئەمما، بۇگۈنكى ۋەزىيەتتە ئەڭ شەرەپلىك خىزمەت. بۇ خىزمەت– بىزدىن ئىزچىللىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

سۆيۈملۈك ئانا تىل پىداكارلىرى: مىللىتىمىزنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈن غەيرەت قىلايلى.

چەتئەللەردە ھېچكىم بىزگە:« ئانا تىلىڭنى ئۆگەتمەيسەن– ئۆگەنمەيسەن!» دەپ بۇيرۇق قىلمايدۇ. ھۆكۈمەتلەر ھەرۋاقىت قوللاشقا تەييار! ئۆزىمىز تەييارمۇ؟


## ماقالە ۋە ئانا تىل مەكتىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك رەسىملەر



مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىدىن خاتىرە




ئاپتور كىتابىنى مەدەنىيەت مىنىستىرىغا تەقدىم قىلماقتا




ئاپتورنىڭ «ئوكيانىيەدە ئۇيغۇر ساداسى» ناملىق كىتابى



ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتەپ فورمىسى بىلەن ساياھەت



NSW Federation of Community Language Schools
TERM 2 2013
Quarterly Magazine

LEARN A LANGUAGE

Premier's Harmony Dinner 2013 - Celebrating Multiculturism in NSW

Contents

NSWFCLS President's Message........2
Message from the Premier of NSW, the Hon. Barry O'Farrell........4
Message from the Hon. Victor Dominello, Minister for Citizenship and Communities........6
Message from the Hon. Gladys Berejiklian, Minister for Transport........8
Message from Guy Zangari MP, State Member for Fairfield........10
The 2013 Premier's Harmony Dinner........11
Message from Jozefa Sobski........16
Henry Parkes Resource Centre........19
Professional Development........20
Language as Fun or Borsch in the Bush........21
Datong Chinese School........25
The Saturday School of Community Languages........28
Management Committees and Community Languages Schools........30
Community Languages Conference and Training Day 2013........31
Uyghur Language School........32
Education Officer's Message........33
From Eva's Desk........35

NSW Federation of Community Language Schools
269A Livingstone Road
Marrickville 2204
Tel: *02 9558 6134*
Fax: *02 9558 6167*

Supported by

NSW GOVERNMENT

ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپى دۆلەت ژۇرناللىرىدا



ئوقۇغۇچىلارنىڭ دېڭىز ساياھىتى




شتات كالېندارىدا ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭقىسقىچە تارىخى



تېپىشماق دەرسىدىن بىر كۆرۈنۈش



ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار




ئوقۇغۇچىلارغا ھەدىيە...

# Uyghur Language School

The Uyghurs are a Central Asian nation known for their rich culture and history. They are the creators of a thousand year old literature gems such as "Divan-i Lugat-it Turk (A Dictionary of Turkic Dialects)" and "Qutatqu Bilik (Wisdom Of Royal Glory)", architectural treasures such as the "thousand rooms" built in the 5th century and the musical masterpiece "12 Muqam".The Uyghur language belongs to the Turkic family of the Oral-Altay language system and it is related to languages spoken by 230 million people

ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپى ھەققىدىكى خەۋەرنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكى ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان.
NSW Federation of Community Language Schools TERM 2, 2013 Quarterly Magazine, pages (29-32).

from more than 30 nations including Turkish, Kazakh, Kirghiz, Azeri, Uzbek, Tatar and Turkmen. Although modern Uyghur is the language of more than 10 million Uyghurs living in East Turkistan (Also known as Xinjiang Uyghur Autonomous Region), it began to decay in its homeland in the last 13 years. Just as the Manchurian language, the speakers of which conquered China for 200 years, can now only be appreciated in museums and lecture rooms, the Uyghur language is on its way to suffer the same fate. It is in this harsh reality, in order to contribute to the preservation of the Uyghur language and identity, that the Uyghur Language School opened its doors 17 years ago.




# ئاق لەيلىگۈل دۆلىتىدە

*بىر مىللەتنىڭ ئويغىنىشى*

بىر يىل بۇرۇن «ئۇچار ئۇنىۋېرسىتېت» دېگەن كىتاب ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ھەر ساھەدىكى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە سۆيۈپ ئوقۇشىغا ئېرىشكەن ئىدى. بۇنداق بولۇشىنىڭ تۈپكى سەۋەبىنى كىتابنىڭ بىزدەك ئەركىنلىك ۋە ھۆرلۈككە چاڭقاپ كەتكەن، مەۋجۇتلۇقى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچراۋاتقان بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇق كۆرۈشىنىڭ نېمىدىن باشلىنىدىغانلىقى، نېمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ۋە قانداق شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە بىر يول كۆرسەتكۈچ سۈپىتىدە بولغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ ئەلۋەتتە!

بۇ يىلمۇ بۇ كىتابنىڭ تولۇقلىغۇچىسى، ئىزاھلىغۇچىسى، شەرھلىگۈچىسى رولىنى ئوينايدىغان رۇسىيەلىك يازغۇچى گىرگورىي پېترونىڭ «ئاق لەيلىگۈل دۆلىتىدە» ناملىق كىتاب دوستۇم ئىرشات بەختىيار تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ كۈتۈپخانىمىزغا قوشۇلدى.

گەرچە گىرگورىي پېترو رۇسىيەلىك بىر يازغۇچى بولسىمۇ ئەسەرلىرى بۇلغارىيە ۋە تۈركىيەدە ناھايىتى ئالقىشقا ئېرىشكەن. ئەسەرلىرى بۇلغارچىغا تەرجىمە قىلىنىپ بۇلغارىيەدە ناھايىتى سۆيۈپ ئوقۇلغان ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. بۇلغارىيەلىك يازغۇچى بالتاجىۋنىڭ گىرگورىي پېترونىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى كىتابنىڭ قىممىتىنى تونۇشىمىزغا يېتەرلىك دەپ ئويلايمەن.

«بۇلغارلار بىر مىللەت سۈپىتىدە پۈتۈنلەي يوقۇلۇپ كەتمىگەن بولسا بۇنى گىرگورىي پېترونىڭ كۈتۈپخانىمىزدىكى ئەسەرلىرىگە قەرزدار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن! ۋە يەنە پات يېقىندا بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەرقانداق بىر مەكتەپ ۋەياكى مىللەتنىڭ كۈتۈپخانىسىدا بولماسلىقىنى گۇناھ دەپ قارايدىغانلىقىمىزغىمۇ ئىشىنىمەن. بولۇپمۇ فىنلاندىيەگە دائىر ‹ئاق لەيلىگۈل دۆلىتىدە› ناملىق كىتابى.»

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ كىتاب ھەربىي مەكتەپلەردە دەرسلىك پىلانلىرىغا كىرگۈزۈلۈپ ئەسكەرلەرگە مەجبۇرىي ئوقۇتۇلغان ۋە مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ چوقۇم ئوقۇشى كېرەك دەپ تەۋسىيە قىلىنغان ئىدى.

گىرگورىبىي پېترو بۇ كىتابىدا پاتقاقلىق ۋە قىيا تاشلىق بىر زېمىننىڭ تارىختا دۆلەت قۇرۇپ باقمىغان،19 - ئەسىرگىچە باشقىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشىغان بىر مىللەت تەرىپىدىن قانداق قىلىپ گۈللەندۈرۈلگەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتىدۇ. بىر دۆلەت ۋە شۇ دۆلەتنى تۇتۇپ تۇرىدىغان مەدەنىيەت قۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئاددىي ۋەلېكىن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە تىل بىلەن بايان قىلىدۇ. كىتابتا بىر تۈركۈم دىن ئادەملىرى، ئالىملار، يازغۇچىلار ۋە تىجارەتچىلەردىن تەشكىل تاپقان ئاقارتقۇچىلار ئىمكانسىز دەپ قارالغان بىر ئىشنى روياپقا چىقىرىشى ۋەتەنپەرۋەر ھەربىر كىشىنى ھاياجانغا سالماي قالمايدۇ.

رىياسىز شەكىلدە خەلقنىڭ كەلگۈسىدىن باشقا پايدا - مەنپەئەت كۆزلەنمىگەن ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسىدە ياۋروپا مەدەنىيىتىگە ئۆلگە بولغىدەك بىر مەدەنىيەت بەرپا قىلغان فىن مىللىتىنىڭ ھېكايىسى گۈللىنىش ئارزۇسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن جەمئىيەتنىڭ ھەر قاتلام ۋە ھەر ساھەدىكى كىشىلەرنىڭ قانداق بىر مۇۋازىنەت ساقلىشى كېرەكلىكى يەنى بىر مىللەتنىڭ ئالىملىرى، دوكتورلىرى، يازغۇچىلىرى، ئوقۇغۇچىلىرى، ئاياللىرى، ئەرلىرى قانداق شەكىلدە ھەمكارلىق ئورنىتىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

كىتابنىڭ تىلى يەڭگىل، پىكرى چوڭقۇر بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن ھەربىر ئوقۇغۇچىنى ئۆزىگە رام قىلىدۇ. ئۇيغۇر مىللىتى نېمىنىڭ مىللەتكە خىزمەت ئىكەنلىكىنى، نېمىنىڭ قۇرۇق شوئاردىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى پەرق ئېتىدىغان ئەقىل كۆزىنى بۇ كىتابتىن تاپالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن يۈرەكلىرى پۇچىلىنىۋاتقانلار بولسۇن، تەنلىرى ھەسرەتتە يىلاندەك تولغىنىپ نېمە ئىش قىلىشنى بىلەلمەيۋاتقانلار بولسۇن بۇ كىتابنى چوقۇم ئوقۇپ چىقىشلىرى ۋە كىتاب ئۈستىدە مۇلاھىزە ۋە پىكىر يۈرگۈزۈشى شەرت دەپ قارايمەن. خەلقىمىزنىڭ «مىڭ داڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە كىتابنىڭ ئىككى بۆلۈمىنى بۇ يەردە ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

ئۈمىدىم شۇكى بۇ كىتاب ئائىلە كۇتۇپخانىمىزنى رەڭدارلاشتۇرۇپ ھاياتىمىزغا يېڭى مەنەلەر قوشقۇسى!

## ئاتا - ئانا ۋە پەرزەنتلەر

*«يېڭى ئەۋلادلارنى مۇۋاپىق تەربىيەلەش مەسىلىسى...»*

سىنېلمان ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى فىنلاندىيەنى ئويغىتىش ئۈچۈن بارلىق ئۈمىدلىرىنى مۇشۇنىڭغا - يەنى يېڭى ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش ئىشىغا باغلىغان ئىدى. ياشلار مەسىلىسى تىلغا ئېلىنىدىغان ئېمىلار سىنېلمان ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئېما، شۇنداقلا ئۇنىڭغا نىسبەتەن سەزگۈر ۋە ھاياجانلىق مەسىلە ئىدى.

سىنېلمان بەزىدە ياشلارنى يۈزىدىن - يۈزىگە ئەيىبلەپ، تىللىغان ۋاقىتلىرى بولغان. ئەمما ئۇ بەزى ياشانغانلار ياشلارنىڭ ناچارلىقى ۋە بۇزۇلغان ئەخلاقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغاندا، ھەمىشە ياشلارنى قوغدايتتى. ئۇ مۇنداق دەيتتى: «خاتالىق ياشلاردا ئەمەس، ئەسلى سىلەردە. سىلەر ياشلارغا قانداق قانداق تەربىيەدە بولساڭلار، ئۇلار شۇ بويىچە يېتىشىدۇ. ياشلارغا قانداق تەربىيە بەردىڭلار؟ ھېچقانداق! ھېچقانداق تەربىيە بەرمىدىڭلار!...»

ئانىلار ئۆيى ئىشلىرى بىلەن، دادىلار مەمۇرىي ئىشلار، تىجارەت، دۇكان، زاۋۇت ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش. كېچىلىرى بىكار ۋاقىتلىرىنى قەھۋەخانا، بەزمىخانىلاردا ئولتۇرۇش ياكى قارت ئويناش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئەمما بالىلىرى بىلەن ھېچ كارى يوق، بۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىتلىرى يوق. چۈنكى بالىلار بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈش «زېرىكىشلىك» ۋە «ئادەمنى چارچىتىدىغان» ئىش.

ئۇلار بالىلىرى بىلەن پاراڭلاشمايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. پەقەت زېرىكىپ قالغانلىرىدا بالىلىرىنى سۆيۈپ، ئەركىلىتىپ قويىدۇ. ئۇلارغا كەمپۈت ۋە ئويۇنچۇق سېتىۋېلىشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلمايدۇ. ئاندىن بالىلىرىغا: «ھە، ئەمدى ھۇجراڭلارغا كىرىپ، ھېچقانداق ئاۋاز چىقارماي ئۆزۈڭلار ئويناڭلار!» دەيدۇ.

ئەسلىدە بۇنىڭ مەنىسى شۇ: «بېشىمىزنى ئاغرىتماي، خالىغىنىڭنى قىل، پەقەت بىزنىڭ ئارامىمىزنى بۇزما!»

بۇخىل ئەھۋالدا بالىلارنىڭ ئەقلى، پىكرى، روھى... قاتارلىقلار ھېچ نەرسە تىكلىمەي ئاچ تاشلىۋېتىلگەن يەرگە ئوخشاپ قالىدۇ. گەرچە بالىلارغا بەزىدە ئاق كۆڭۈللۈك، ھەققانىيلىق ۋە مېھىر - مۇھەببەت ھەققىدە سۆزلەر قىلىنسىمۇ، بۇلار ھەمىشە روھسىز، قۇپقۇرۇق، تاشتەك قاتتىق، بالىلارغا يات سۆزلەر بولۇپ قالىدۇ.

ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ روھىنى ئويغىتىدىغان سۆزلەرنى قىلىشنى خالىمايدۇ. ئەگەر خالىغان تەقدىردىمۇ، قانداق قىلىشنى، نېمە دېيىشنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنى گېزى كەلگەندە بىكارچىلىقتا قىلىپ قويغان قۇرۇق نەسىھەتلىرى بالىلارنىڭ نازۇك روھىدا ياخشى ئىز قالدۇرالمايدۇ.

بەزى ئائىلىلەردە پەرزەنتلەر ناھايىتى ياخشى ئوزۇقلىنىدۇ، ياخشى كىيدۇرۇلىدۇ، بەدەن ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈنىدۇ. لېكىن بالىلارنىڭ روھى ساغلاملىقى، روھى ئاچلىقى، روھى گۈزەللىكلىرىگە سەل قارىلىدۇ. دەرۋەقە بۇ شارائىتتا چوڭ بولغان بالىلارنىڭ نۆۋەتتىكىدىنمۇ بەتتەر ھالەتتە بولۇپ كەتمىگەنلىكىدىن ھەيران قېلىشقا بولىدۇ. بالىلار چوڭ بولۇپ بەزى ئىشلارنى چۈشىنىشكە باشلىغانلىرىدا، ئائىلە ھاياتىغا قوشۇلغانلىرىدا ئۇلار ئائىلىدىن نېمىگە ئېرىشىدۇ ۋە نېمىلەرنى كۆرىدۇ؟!

بىرقىسىم شەھەر ۋە يېزا - بازارلارنىڭ مەيدانلىرىغا توپا ۋە ئەخلەت - چاۋالارنىڭ دۆۋىلەنگەنلىكىنى كۆرگەنلەر: «بۇلار ساغلاملىق قائىدىلىرىگە خىلاپ، بۇ قانداق نومۇسسىزلىق؟» دەپ ئېتىلىپ چىقىدۇ. ماڭا قاراڭ، پەرزەنت ساھىبى ئاتا - ئانىلار!.. بىر قېتىم ئويلاڭ. ئۆز ۋىجدانىڭىزنى ئوبدان تىڭشاپ قارار چىقىرىڭ. پەرزەنتىڭىزنى قاپلاپ تۇرغان ئائىلە مۇھىتى ۋە كەيپىياتى ئۇلارنىڭ ساغلام كىشىلىك خاراكتېر يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈن قانچىلىك دەرىجىدە پايدىلىق؟

بالىلارغا: «يالغان سۆزلىمە، كەپسىزلىك قىلما، بۇ ھەرىكەت ناچار، ئۇ ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدۇ، بۇ گۇناھ» دېگەندەك نەسىھەتلەرنى قىلغان كىشىلەر بىر - بىرلىرىنى ئالدىماقتا. بالىلارنى ئالدايدۇ، يەنە ئۆزلىرى بالىلارغا: «ھېچكىمگە ئازار بەرمە، ئاق كۆڭۈل ۋە ئەدەپلىك بول» دەيدۇ-يۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرى بۇ قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىشنى ئويلىشىپمۇ قويمايدۇ. بالىلار ئالدانغانلىقىنى تېزلا ھېس قىلىدۇ. ئۇلار ھەيرانلىق ئىلكىدە ئاتا - ئانىسىنىڭ يامانلىق ۋە گۇناھ دېگەن ئىشلىرىنى قانداق قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ سادىر قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەي قالىدۇ. ئاخىرى ئۇلار ئۆزلىرىگە: «ئاتا - ئانىلار دەيدۇ، ئەمما دېگىنىنى ئۆزى قىلمايدۇ» دېگەن خۇلاسىنى يەكۈنلىۋالىدۇ.

بۇ سەۋەبتىن بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ سۆزلىرىگە نىسبەتەن ئىشەنچى قالمايدۇ. «ئۇنى قىلما، بۇنى قىلما» دېگەن نەسىھەتلىرىگە پەرۋا قىلماسلىققا باشلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ كىچىك تۇرۇپلا ئۆزلىرىگە بويسۇنماي، باشباشتاق بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئاغرىنىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، پەرزەنتلەرنىڭ بۇ ھالەتكە كېلىشىگە ئۇلار ئۆزلىرى سەۋەبچى، ئەمما ئۇلار بۇنىمۇ بىلمەيدۇ. ھەرگىزمۇ بالىلارنى تەنبىھ، ئەيىبلەش ۋە جازالاش ئارقىلىق ئىتائەتمەن ۋە سۆيۈملۈك بولىدۇ دەپ ئويلىماڭ. ئۇلاردىن تەلەپ قىلغاننى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئورۇنداڭ، شۇندىلا ئۇلار سىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىڭىزنى كۆرۈش ئارقىلىق سىزنى سۆيۈشكە باشلىسۇن.

بەزى ئاتا - ئانىلار ئائىلە تۇرمۇشى، كىيىم - كېچەك ۋە بەدەن تازىلىقىغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بالىلىرى ئالدىدا مەينەت، يىرتىق كونا كىيىملەر، قول - پۇتلىرى مەينەت ھالەتتە ئايلىنىپ يۈرىدۇ. سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىدە ئەدەپ - ئەخلاق ۋە گۈزەللىككە رىئايە قىلمايدۇ. يەنە بەزى ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرى ئالدىدىلا ئۇرۇش - جېدەلگە كىرىشىپ كېتىدۇ. ۋە: «داداڭنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋاتامسەن؟!» ياكى «ئاناڭنىڭ قانداق بىر ئايال ئىكەنلىكىنى ئۆزۈڭ كۆر» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن بالىلارنىمۇ جېدەلگە ئورتاق قىلىدۇ.

ئائىلە يىغىلىشلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان مىش - مىش پاراڭلارغا، باشقىلارنى چېقىشتۇرۇش، كىچىك بىر مەنپەئەت ئۈچۈن ئىچ قارىنى تۆكۈۋېتىشكە دائىر سۆزلەرگىمۇ ھەم دىققەت قىلىڭ. بالىلار بالاغەتكە يەتكۈچە بولغان 15 - 20 يىلدا مانا مۇشۇنداق ئاپەت خاراكتېرلىك مۇھىتتا چوڭ بولىدۇ. ئاندىن چوڭلىرىمىز بالىلارنىڭ نېمىشقا ئاسماندا ئۇچمايدىغانلىقى ۋە قاناتسىز قالغانلىقلىرىدىن ھەيران قالىدۇ. بالىلىرىدىن بۇنداق بىر تەلەپنى كۈتكەن ئاتا - ئانىلاردىن شۇنى سوراپ بېقىش كېرەك: «سىز پەرزەنتىڭىزگە تەربىيە قىلغاندا ئۇنىڭغا بۈركۈت قاناتلىرىنى تاقىدىڭىزمۇ ياكى ئۇنىڭدا بار بولغان قاناتنى يىلتىزىدىن يۇلۇۋەتتىڭىزمۇ؟»

بالىلىرى چوڭ بولۇپ، ئوغۇللىرى يىگىت، قىزلىرى بويىغا يەتكەندە ئاتا - ئانىلار ئۇلارنىڭ كېلەچىكىگە دائىر شېرىن خىياللارنى سۈرىدۇ. ئۇلار ئوغۇللىرىنى ئىنژېنېر، دوختۇر، سودىگەر، ئادۋوكات، ئەمەلدار ياكى شۇلارغا ئوخشىغان ياخشى بىر كەسىپ ئىگىسى قىلىشنى خالايدۇ. قىزلىرى ئۈچۈن باي بىر ئەر تاللاشقا چۈشىدۇ.

بالىلىرى ئۈچۈن ھەر زامان بايلىق ۋە باي - باياشاتلىقنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن تىرىشىدۇ ۋە مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاتا - ئانىلىق ۋەزىپىمىزنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئادا قىلغان بولىمىز، دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقتە لېۋ تولستوي ناھايىتى توغرا ۋە ھەقلىق ھالدا مۇنداق دېگەن: «ھاياتتىكى قائىدىسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەڭ چوڭ سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ھەممە ئادەم ئۆز ھاياتىدا باي-باياشاتلىققا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما ئۇ ئۆز ھاياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ۋە تىرىشىش نەتىجىسىدە تۇرمۇشىنى تېخىمۇ ياخشى تەشكىللەشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلمايدۇ.»

ھەممە ئادەم ھاياتتىن بىر نەرسە ئالماقچى بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭغا بېرىشنى خالىمايدۇ. كۆپىنچە كىشىلەر ھاياتقا مەنپەئەتپەرەس، زومىگەر ۋە پارازىت قۇرت سۈپىتىدە تاشلىنىدۇ. ھاياتنىڭ مەنىسىنى بۇ پارازىتلىق ئىچىدىن ئىزدەيدۇ.

بۇنداق بىر ھايات چۈشەنچىسى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ناھايىتى ئىپچىنلىشىلىق ھالدا پەرزەنتلەرگە ئۆزلىشىدۇ.

كىم ئۆزلەشتۈرىدۇ؟

ئەلۋەتتە ئاتا - ئانا! ...

بۇ تەلقىنلەر بىلەن يېتىشكەن باللار چوڭ بولغاندا ئاچكۆز، زومىگەر، شەھۋەتپەرەس، ھورۇن ۋە تەپسە تەۋرىمەس بولۇپ قالىدۇ. ئاخىرىدا ئۇلار ھېچكىمدىن ۋە ھېچقانداق ئىشتىن سۆيگۈ - مۇھەببەت ھېس قىلمايدىغان ھېسسىياتسىز ياشلاردىن بولۇپ چىقىدۇ. بۇ تۈردىكى ئىنسانلاردا نە ۋەتەن، نە مىللەتكە بولغان سۆيگۈ، چوڭقۇر چۈشەنچە ۋە ئەستايىدىل تىرىشچانلىق يوق، ياكى بۇ ئىشلارنى روياپقا چىقارغانلارغا ھۆرمەت قىلىش روھمۇ ئويغانمىغان بولىدۇ. ھەتتاكى، ئاتا - ئانىسىغا نىسبەتەنمۇ چىن مۇھەببەت باغلىنىشى بولمايدۇ.

خۇلاسە: نېمە تېرىسىڭىز شۇنى ئالىسىز! ئالغىنىڭىزنى يەيسىز!.. ئەگەر ياشلىق روھىنى تېرىلمىغان ئاق يەرگە ئوخشاش تاشلىۋەتسىڭىز، ئۇ يەرنى ياۋا چۆپ ۋە تىكەنلەر قاپلايدۇ.

ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ زېھنى ۋە قەلبىگە ئەجىر قىلماي ئۆز ھالىغا قويۇشى نە ئەقىل، نە ۋىجدانغا ئۇيغۇن ئەمەس. ھەتتا بۇ بىر بوشاڭلىق، ئەخلاقسىزلىق ۋە جىنايەتتۇر. چۈنكى پەرزەنتلەرنىڭ ياخشى تەربىيە كۆرۈش - كۆرمەسلىك مەسىلىسى پەقەت ئاتا - ئانىلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنىڭ، دۆلەتنىڭمۇ جىددىي كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك بولغان مەسىلىدۇر. خالىغانچە مۇكەممەل ئاساسىي قانۇنلارنى تۈزۈڭ. ئەركىنلىك ساھەسىدە كىشىلەرگە خالىغانچە ھوقۇق بېرىڭ. سوتسىيالىزم ياكى لىبېرالىزمنىڭ سېھىرلىك كۈچىگە ئۆزىڭىز خالىغانچە ئىشىنىڭ. شۇنى بىلىڭكى، ئەگەر باللىرىڭىز مۇۋاپىق تەربىيەلەنمىسە، ئۇلار ئەخلەتكە ئوخشاش ھاياتقا، جەمئىيەت تۇرمۇشىغا تاشلىنىدۇ. گەرچە قانۇن ۋە بارلىق ئىجتىمائىي ھوقۇقلار بولسىمۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش يەنىلا كەلگۈسى غۇۋا، روھسىز بولىدۇ. بۇ ئەۋلادتىن يېتىشكەن مەمۇرلار شەخسىيەتچى، ھورۇن؛ دۆلەت ئەربابلىرى ۋە سىياسەتچىلىرىنىڭ سىياسىي قىممىتى يوق، مەنپەئەتپەرەس كىشىلەر بولۇپ، پايدا - مەنپەئەت پېشىدىن چاپىدۇ. مەكتەپلەر بولسا بۇ يېڭى ئەۋلادلارنىڭ زېھنىنى كور قىلىدىغان، قەلبىنى قارايتىدىغان بىر ئۆڭكۈر بولىدۇ. مەتبۇئاتلار كوچا خوتۇنلىرىنىڭ ئالبوملىرىغا ئايلىنىدۇ. توق ياكى ئاچ قالغان ئاۋام بولسا ئۆزلىرىگە يات بولغان ھەرقانداق نەرسىگە، بولۇپمۇ بايلار سىنىپىغا مەنسۇپ كىشىلەرگە قارشى نەپرەت، ئۆچمەنلىك، قىزغىنىش ۋە ئۆچ ئېلىش تۇيغۇلىرىنى يېتىلدۈرۈشكە باشلايدۇ.

بىزنىڭ يېڭى ۋە ياش ۋەتىنىمىز ھەرگىزمۇ سىلەردىن بۇنداق ئاقىۋەتلەرنى كۈتمەيدۇ!.. فىنلاندىيەنىڭ ئىستىقبالى پارلاق بولىدۇ. بۇ يەردە ھەممە كىشى توق ۋە ئۆز ھالىدىن مەمنۇن بىر ھاياتتا ياشىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ھاياتىڭىزنى ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپ - ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى مۇشۇنىڭغا قارىتا شەكىللەندۈرۈڭلار.

سېنېلمان ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى شەھەر ۋە يېزا - قىشلاقلاردا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش لېكسىيەلەرنى سۆزلەپ كېلىۋاتاتتى. بۇ لېكسىيەلەرنى قىزىقىش بىلەن ئاڭلىغان ئاتا - ئانىلار باللىرىنىڭ مائارىپ، تەلىم - تەربىيە مەسىلىسى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشقا باشلىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى مەسئۇلىيىتىنىڭ قانچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. كۆپلىگەن شەھەرلەردە ئائىلە ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ، باللار مائارىپى ۋە تەلىم - تەربىيە ساھەسىدىكى مەغلۇبىيەتلەرنى ۋە سەلبىي سەۋەبلەرنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. مائارىپ ساھەسى مۇۋەپپەقىيەت تەرەپكە قاراپ ماڭغانسېرى، ئۇلار بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا پېداگوگ ۋە ئىلاھىيەتشۇناسلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلىدىغان بولدى.

مائارىپ ئىشلىرىغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىنغاندىن كېيىن، مەسىلىلەر بىرمۇ بىر ھەل بولۇشقا باشلىدى. داڭلىق مائارىپچى ۋە ئىلاھىيەتشۇناسلار پۈتۈن مەملىكەتنى ئايلىنىپ، ئاممىغا باللارنى ھايات تەجرىبىسى ۋە ئىلىم - پەننىڭ يېتەكچىلىكىدە قانداق تەربىيەلەش ۋە يېتىشتۈرۈش ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. ئۇلار باللار روھىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، نازۇك تەرەپلىرى، ئاجىز نۇقتىلىرى ۋە بىرقىسىم كېسەللىكلىرىنى ئىزاھلاپ چۈشەندۈردى ۋە سۆز جەريانىدا بۇ روھنى ئىسلاھ قىلىش يوللىرى ۋە كېسەللىكلەرنى داۋالاش قاتارلىقلارنى ئۆگەتتى.

دېھقانچىلىق مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئاممىغا ياخشى مايسىنى قانداق يېتىشتۈرۈش، ئۈنۈملۈك ۋە ياخشى دېھقانچىلىقنىڭ قانداق قىلىندىغانلىقىنى ئۆگەتكىنىگە ئوخشاش، داڭلىق پېداگوگلار ۋە ئىلاھىيەتشۇناسلار بارلىق ئاتا- ئانىلارغا باللارنى قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ئاقىلانە ئۇسۇلدا تەربىيەلەش ۋە قانداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ ۋەتەن، مىللەتكە تېخىمۇ پايدىلىق بولىدىغانلىقلىرىنى ئۆگەتتى. بۇ تىرىشچانلىق ۋە غەيرەتنىڭ تۈرتكىسىدە، فىنلاندىيە ئائىلىسى بىغەملىك ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، يۇقىرى تېزلىك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە، ئۆرلەشكە باشلىدى.

# خەلقنىڭ ساغلاملىقىغا ئۆزىنى ئاتىغان دوختۇر

«يىزا دوختۇرىنىڭ ئەسلىمىلىرى» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى، ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن تۇنجى كۈنىدىن باشلاپ خاتىرە قالدۇرۇپ ماڭغان بولۇپ، مېدىتسىنا فاكۇلتېتىنى قانداق پۈتتۈرگەنلىكى ۋە رايوندىكى خىزمىتىنى نېمە، قانداق نىيەتتە باشلىغانلىقىنىمۇ قوشۇپ قويغان. ئۇنىڭ تەلىيىمۇ بەك ئوڭدىن كەلمىگەن ئىكەن. ئۇ باللىق ۋە ياشلىق دەۋرلىرىنى موھتاجلىق ۋە يوقسۇللۇق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن. ئۇ كىچىك بىر شەھەردە ھاياتىنى قامداش ئۈچۈن تىرىشىپ كېتىۋاتقان بىر موزدوزنىڭ ئوغلى ئىكەن.

گەرچە ئۇ ئامەت - تەلەيىنىڭ ھەركىمگە كۈلۈپ باقمايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، ئەمما بۇ يەردە ئىشلەش جەريانىدا كۆرگەنلىرىدىن قورقماي تۇرالمىغان. بەزىدە ئۆزىنى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىپمۇ قالغان. دەسلەپتە كۆرگەنلىرى ئۇنىڭغا قەدىمكى دەۋرلەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئۆڭكۈر ھاياتىنى ئەسلەتكەن.

«ئەجەبا مەن مەملىكەتنىڭ ئەڭ ناچار يېرىگە چۈشتۈممۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ، ئەتراپتىكى رايونلارنى كۆرۈپ باقماقچى بوپتۇ. مەڭ ئەپسۇسكى، ئۇ يەردىمۇ ئوخشاش ئەھۋالغا يولۇقۇپتۇ. ھەتتا بەزى جايلاردىكى ئەھۋالنىڭ تېخىمۇ ئېغىر ۋە ئاپەت خاراكتېرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ قىيا تاشلار بىلەن دالدىلانغان يەرلەرگە بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە تىزىپ قوپۇرۇلغان شەكلسىز تاش ئۆيلەرنى كۆرگەن. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى پاكار، دېرىزىلىرى يوق ئىكەن. ئىشىك چۆرىلىرى ئوچۇق بولغاچقا، ئۆي ئىچىگە قار ۋە شامال كىرىپ تۇراتتى. يامغۇر ياغقاندا تامچە ئۆتۈپ تۇراتتى.

ئەينەك دېگەن نەرسە ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. دېرىزە دەپ ئوچۇق قويۇلغان تۆشۈكلەر مايلىق قەغەز، نىلون ياكى رەخت پارچىلىرى مىخلانغان بىر ھالدا ئىكەن. ھۇجرا دەپ نېپىز تېرە بىلەن قاپلاپ قويۇلغانلىرىنىمۇ كۆرۈپتۇ. پۈتۈنلەي تالادا قالغانلارمۇ بار ئىكەن. ئۆيلەرنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تاش ياكى توپىدىن ياسالغان ئوچاقلار بار ئىكەن. بۇ يەرلەرگە ئوت يېقىلغاندا، ئۆي ئىچىنى ئىس قاپلاپ، ئىچىدىكىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئېقىپ، ئۈستى - بېشى ئىس پۇراپ، نەپەس ئالالمىغۇدەك بولۇپ كېتىدىكەن. بۇ ئىسلار يوغان تاشلارنىڭ ئارىسىدىكى يوچۇقلاردىن چىقىپ كېتىدىكەن.

بۇ كىشىلەر ئىشلىگەندە، تاماقتا ھەم ياتقاندا ئوخشاش كىيىمنى كىيىدىكەن. يىل ئۆتۈپ بىرە قېتىم يۇيۇنالمايدىكەن. كىر - قات يۇيۇش ئادىتىمۇ يوق بولۇپ، ئۈستى - بېشى پىت ۋە ھاشارātلار ئۇۋىسى ئىكەن. ئۇلار تراخوما كېسەللىكىنىڭ ئەرزىيىتىنى كۆپ تارتىدىكەن. كۆپىنچە سوغۇق ئۆتكۈزۈپ يېتىۋېرىپ، كېسەل تۇبېركۇليۇزغا ئايلىنىپ كېتىدىكەن. سۇ قۇدۇقلىرى ھاجەتخانىنىڭ يېنىدىلا بولۇپ، سۇدا مىكروب بولغاچقا، كېزىك كېسىلى بىلەن قىرىلىپ كېتىدىكەن. ئىچ سۈرۈش، بوغما كېسىلى، قىزىل ۋە چېچەك كېسەللىرى بالىلار ئارىسىدا كۆپ ئۇچرايدىغان بولۇپ، مىڭلىغان بالىلار كىچىك ۋاقتىدىلا ئۆلۈپ كېتىدىكەن. خەلق پەرىشان ۋە يوقسۇللۇقتىن يېتەرلىك ئوزۇقلىنالمايدىكەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، توپلىشىپ ھاراق ئىچىشىدىكەن. خەلق ئىچىدە گاس-گاچا، كور، توكۇر، دۈمچەك، پالەچ ۋە گومۇشلارنىڭ سانىمۇ كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە ئىكەن.

دوختۇر مەلۇم بىر كەنتنى شۇنداق تەرىپلەيدۇ: «بىر كەنتكە كىرسىڭىز ھەيران قالىسىز. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەنلەر ئۆزىدىن، ئەتراپىدىن، جەمئىيەتتىن ۋە مەدەنىيەت دېگەن نەرسىدىن نومۇس قىلىدۇ. مېنىڭچە بۇ يەردىن يىراق ۋە باي يەرلەردە تىياتىرخانا، كونسېرت، يازغۇچى، سەنئەتكار، پارلامېنتلار، بازار، سودا سارايى، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى، قاۋاقخانا، قىمارخانا، ئىلىم - پەن ئاكادېمىيەسى، ئۇنىۋېرسىتېت، دوختۇرخانا ۋە نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى بار. بۇ يەردە بولسا سانسىز ئىنسان جەھەننەمگە ئوخشاش بىر ھايات ئىچىدە جان تالىشىۋاتىدۇ. مەسىلەن، سىز بىر كەنتلىكنىڭ ئۆيىگە كىرسىڭىز، ئۈچ بالا داق يەردە ياتقان ھالىتىدە قىزىل كېسىلى بىلەن جان تالىشىۋاتقان، ئانا بىر تەرەپتە تۇغۇلماقچى بولغان بالىسىنىڭ ئاغرىقىنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان، مەست ئاتا بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرغان. ئۇنىڭغا:

–ئۆيۈڭدە شۇنچە پاراكەندىچىلىك يۈز بېرىۋاتسا، مەست بولۇۋېلىشتىن نومۇس قىلمامسەن، – دەپ قالسىڭىز، ئالىدىغان جاۋابىڭىز:

–سەنمۇ بۇ يەردە ئولتۇرۇپ كۆر! ئورنۇمدا سەن بولساڭ مەستلا ئەمەس، ھاراقتا غەرق بولىسەن. بىزنىڭ بۇ ھاياتنى سەگەك ھالەتتە ئۆتكۈزگىلى بولمايدۇ، – دېگەن سۆز بولىدۇ.

باشقا بىر كۈلبىدە باشقا بىر بالا - قازا مەنزىرىسى: ئانا تۇبېركۇليۇزنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا كەلگەن بولۇپ، قان تۈكۈرىدۇ. بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈرەلمەيدۇ. دادا كېزىك كېسىلى بولغان بولۇپ قاتتىق قىزىتمىنىڭ تەسىرىدىن جۆيلىيدۇ . ئىككى بالىمۇ كېسەلدىن يەردىكى پارچە رەخت ئۈستىدە ياتىدۇ. كارىۋات دېگەن نەرسە يوق. ئىككىسىنىڭ بىرى بىر ياشتا، يەنە بىرى ئىككى ياشتا بولۇپ، بۇلار جانلىق ئىسكىلىتتىنلا ئوخشايدۇ. قوشنىلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ كېسەللەر بىلەن كارى يوق. چۈنكى ئۇلار بۇنىڭغا كۆنۈپ كەتكەن. ھەركىم ئۆز كېسىلىنىڭ ئازابىدا پۇچۇلىنىۋاتقان.

مەلۇم بىر يەردە چېچەك، كېزىك دېگەنگە ئوخشاش يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر يۇقۇملۇق ۋىرۇسقا

ئايلانغاندا، دۆلەت ئۇ يەرگە ئۈچ - تۆت دوختۇر ئەۋەتىدۇ. خەلق بولسا بۇنىڭغا ئاچچىقلاپ:

–نېمىشقا بۇ ئوكۇللارنى سالىسىلەر؟ بالىلارنى داۋالىماڭلار، ئۆلسە مەيلى ئۆلسۇن. ئاچ قالغانلارنىڭ سانى ئازلايدۇ. سىلەر ئاۋۋال بىز چوڭلارنى داۋالاڭلار!– دەيدۇ.

داۋالىنىش ۋە ياردەم ئېلىش ئۈچۈن ھەر ئۆيدىن كېسەللەر كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە سىفلىس يارىلىرى ياكى سېرىق تەمرەتكە بار. بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرى يىرىڭداپ كەتكەن. بەزىلىرى بولسا راك كېسەللىرىگە گىرىپتار بولغان.

ئىنسان بۇنداق چاغدا ئۈمىدسىزلىك ۋە ھارغىنلىق ئىچىدە قالىدۇ. نەتىجىدە ھارغىنلىق سەۋەبىدىن بىر سىزىمسىزلىك پەيدا بولىدۇ. تۇغۇتتىكى ئايالنىڭ يېنىدا مەست ياتقان ئەر كىشىنىڭ قىلغىنىنى توغرا دېگەننىڭ ئورنىغا، ئادەمنىڭ غەرق مەست بولۇۋالغۇسى ياكى بوغۇلۇپ ئۆلگۈسى كېلىدۇ.»

بۇ مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلىگەن دوختۇر شەھەردىكى كىشىلەرگە، دۆلەت ئەربابلىرىغا، سىياسەتچىلەرگە، بىلىم ئىگىسى، سەنئەتچى ۋە ئاخباراتچىلارغا شۇنداق نىدا قىلىدۇ: «ئەپەندىلەر! بۇ مۆكۈشمەك ئويۇنىنى قاچانغىچە داۋام قىلىسىلەر؟ ھە دېسە ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەت سۆيگۈسى، مەدەنىيەتكە خىزمەت قىلىش ھەققىدە سۆزلەيسىلەر، ئەمما مىللەت ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن، ئىنسانلىق ئۈچۈن نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟

بەزىلەر مىليونلارچە ئىنسانلارنى ئۆلتۈرۈپ، سۆيۈملۈك يۇرتىمىزنى نومۇسسىزلارچە تالان - تاراج قىلىۋاتىدۇ. بەزىلىرى ئۆيلەردە، مەتبەئەلەردە، مەكتەپ - ئۇنىۋېرسىتېتلاردا مەمۇرلۇق قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتە بولسا مىليونلارچە خەلق تۆگىشىۋاتىدۇ، ھۆرۈنلىشىپ ، مەست ھالىتىدە ياشاۋاتىدۇ، ھايۋانلىشىۋاتىدۇ! مىللەتنىڭ ئاساسى يىقىلىۋاتىدۇ. پۇرسەتنىڭ بار ۋاقتىدا خەلقنى قۇتقۇزۇڭلار! خەلق ئىچىگە چۆكۈڭلار. ئۇلارنى داۋالاڭلار، ئوقۇتۇڭلار، تەربىيەلەڭلار! ئۆيلىرىنى قانداق ياساپ، قانداق رەتلەشنى ئۆگىتىڭلار. خەلققە يېڭى، ساپ ھاۋالىق، كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدىغان، نەملىك بولمىغان ئىسسىق ماكان، تۇرالغۇ بېرىڭلار. ئۇلارغا ئىنساندەك ھايات كەچۈرۈشنى ئۆگىتىڭلار! ئىنساندەك ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن ئۇلارغا ياردەم قىلىڭلار، ئىمكانىيەتلەرنى ھازىرلاپ بېرىڭلار.»

دوختۇر كىتابىنىڭ ئاخىرىغا شۇلارنى يازىدۇ: «دۆلەت بۈيۈك بىر ئائىلىدۇر. بۇ دۆلەتنىڭ ئىگىلىرى سىزنىڭ كىچىك قېرىنداشلىرىڭىزدۇر. تۆۋەن تەبىقىدىكى كەمچىللىكلەر، قىسمەن جەھەتتىن يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ سەل قارىشى ۋە شەخسىيەتچىلىكىدىن، قولىقىنى يوپۇرۇۋېلىشىدىن كېلىپ چىقماقتا.»

دوختۇرنىڭ بۇ كىتابى ھەققىدە ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدە نۇرغۇن مۇنازىرىلەر بولدى. ئەمما ئىجتىمائىي ساھەدە كىتاب زور دىققەتنى قوزغاپ، كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتتى. فىنلاندىيەدىكى بارلىق سەھىيە ئاپپاراتلىرىدا خىزمەتدىشىنىڭ بۇ كىتابى ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

ناھىيە مەركەزلىرىدىكى ھۆكۈمەت ۋە ئامما مەمۇرلىرى جىددىي يىغىنلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، كىتاب ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش، ئۆتكۈزگەن خاتالىقلارنى، مەغلۇبىيەت ۋە چاتاقلارنىڭ ھەل بولۇشى ئۈچۈن تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا باشلىدى. ھەر يەردە بۇ مەزمۇنغا ئالاقىدار مەلۇماتقا تويۇنغان لېكسىيەلەر ۋە يېڭى پاكىتلار توپلىنىشقا باشلىدى. ئىلگىرى تىلغا ئېلىنىشىدىنمۇ ئەنسىرەپ كۆرمەسكە سېلىنغان خەلقنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى ھەممە كىشى كۆردى ۋە ئاڭلىدى.

ھۆكۈمەتتىكى ھەركىم قۇرۇق تالاش - تارتىش، شەخسىي مەنپەئەت، ئاغدۇرمىچىلىق سۈيىقەستى دېگەندەك ئىشلىرىنى بىر تەرەپكە تاشلاپ، خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا كىرىشتى. مەملىكەتتىكى تۇبېركۇليۇز كېسىلى بىمارلىرى ۋە بۇ كېسەل بىلەن ۋاپات بولغانلارنىڭ سانى ئېنىقلاندى. بىر يىل ئىچىدە كېزىك، تراخوما كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ، ئىگە چاقسىز ۋە ئوزۇقلۇق يېتىشمەي ئۆلۈپ كەتكەن بالىلارنىڭ، چىش ئاغرىقى بارلاردىن تارتىپ، مېيىپلارنىڭمۇ سانى ئېنىقلاندى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنى ئىستېمال قىلىشقا كەتكەن پۇل ھېسابلاندى. ھاراق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۇرۇش، يارىلىنىش، قاتىللىق، ئوت ئاپىتى ۋە ئوغرىلىق ۋەقەلىرى ئېنىقلاندى. نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان سان ھەممەيلەننى قورقۇتتى. چۈنكى بۇ سان - سىپىرلار چوڭ بىر كالتەك بولۇپ ھەر بىرەيلەننىڭ بېشىغا تېگىپ، ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋاللارنى تۈزەش ئىستىكىنى قوزغاتتى.

ھۆكۈمەت مۈلكى ئىدارىلەر، رايونلۇق باشقارما ۋە دوختۇرلاردىن تەركىب تاپقان بىر تىببىي ئارمىيە قۇرۇپ چىقتى. بالىلار كېسەللىكلىرى دوختۇرى، ئاياللار كېسەللىكلىرى دوختۇرى ۋە چىش دوختۇرلىرى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، بارلىق كىشىلەرنى ساغلاملىق تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزدى. بۇلار بارغانلىكى يېرىدە، ھەم كېسەللەرنى داۋالاپ، ھەمدە ئۇلارغا چىش، كۆز، قۇلاقلارنى قانداق ئاسراش كېرەكلىكى، ئانىلار ساغلاملىقى ۋە بالىلارنى قانداق پەرۋىش قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگەتتىدۇ. بىر بالىنى چوڭ قىلىش ئۈچۈن كېتىدىغان چىقىمنى ھېسابلاپ چىقىدۇ ۋە ياخشى قارىيالماسلىق سەۋەبىدىن قانچىلىغان بالىلارنىڭ جان تالىشىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈردۇ.

دېھقانلار ئاستا - ئاستا ئىنسان ھاياتىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. دوختۇرلار كەنتتىكلەرگە:

—پۇلىڭىز، ئوغرىلانمىسۇن، ياكى كۆيۈپ كەتمىسۇن دەپ ئۇنى ناھايىتى ياخشى ساقلايسىز بالىلىرىڭىز، ئايالىڭىز ۋە ئۆزىڭىز پۇلدىنمۇ كۆپ قىممەتلىك. سىلەر جانلىق بىر بايلىق. بۇ سەرمايىنى ئوبدان ساقلاڭ، ئىسراپ قىلماڭ، كۆپەيتىڭ ، — دەپ چۈشەندۈردى.

نۇرغۇن كەنتلەردە ئۆرنەك سۈپىتىدە چوڭ ئىككى دېرىزىلىك ئۆيلەر ياسالدى. ئۆي ئىچىگە ئوچاقلار قويۇلدى. كەنتلەردە دېھقانلار ئۈچۈن ناھايىتى ئەرزان بولغان ئىشچىلار گۇرۇپپىلىرى تەشكىللەندى. ھۆكۈمەت كۆپلىگەن مەركەزلەرگە ئامبارلارنى تەسىس قىلىپ، ئۇ يەرگە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى توپلىدى. بۇ ئامباردىن دېھقانلار ۋە يېزا كوپېراتىپلىرى ناھايىتى مۇۋاپىق باھادا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىپ پايدىلىنالايتتى. 20 يىلدىن كېيىن نۇرغۇنلىغان كەنتلەرنىڭ قىياپىتى پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. ئۆيلەر ھايۋان ئېغىلى ھالىدىن ھەقىقىي بىر ئۆيگە ئوخشاش ھالەتكە كەلدى. كەنتتىكىلەر تېخىمۇ ياخشى ۋە ئىسسىق كىيىملەرنى كىيەلەيدىغان بولدى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كىيىم - كېچەك ۋە ئاياغ زاۋۇتلىرى قۇرۇلدى. بۇ يەردە ئىشلەپچىقىرىلغان كىيىم - كېچەك ۋە ئاياغلار ئەرزان باھادا ئاممىغا سېتىلىشقا باشلىدى. كەنتلەردە يېڭى كىيىم كىيگەنلەر بايرام كەيپىياتىنى باشتىن كەچۈردى. ياماق ۋە يىرتىلىپ كەتكەن كىيىملەر غايىب بولۇپ، كىشىلەر يېڭى ۋە چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىشكە باشلىدى.

سوغۇقتىن پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدى ئېلىندى. تۇبېركۇليۇزدا ۋاپات بولىدىغانلارنىڭ سانى بۇرۇنقىدىن 50% ئازايدى. نۇرغۇنلىغان ئۇششاق كېسەللىكلەر يوقىتىلىپ، ساغلام تۇرمۇشتا ساغلام تۇغۇلۇشلار كۆپىيىپ، ساغلام بوۋاقلار تۇغۇلدى ۋە ساغلام، تېتىك چوڭ بولۇشقا باشلىدى. دۆلەتتە ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىدىغان قوللار كۆپەيدى. خەلق تېخىمۇ كۆپ ئىرىشىشكە باشلىغاندا، تېخىمۇ ياخشى ئوزۇقلىنىشقا دىققەت قىلىدىغان بولدى. ئاخىرىدا بىر كۈن كەلدىكى، بارلىق سەھىيە خىزمەتلىرىنىڭ باشلىنىشىغا سەپەرۋەرلىك قىلغان دوختۇر ھايات بىلەن ۋىدالاشتى. ئۆز ھاياتىنى خەلقنىڭ ساغلاملىقىغا ئاتىغان بۇ دوختۇرنىڭ ئۆلۈمى پۈتۈن مەملىكەت ئىچىدە قاتتىق ھەسرەت ۋە ئۆكۈنۈش قوزغىدى.

دەپنە مۇراسىمىغا مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن يۈزلىگەن يېزا ۋەكىللىرى قاتناشتى. دېھقانلار بۇ ۋەكىللەرنى ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ ساغلام ياشلاردىن تاللىغان ئىدى. ساغلام، زەبەردەست ياشلار ئۆمرىنى خەلقنىڭ ساغلاملىقىغا ئاتىغان بۇ دوختۇرنىڭ مېيىت ساندۇقىنى مۇرىسىگە ئېلىپ كۆتۈردى. بۇ قامەتلىك ياشلارنىڭ رەتلىك بىر قەدەم بىلەن شەھەر مەركىزىدىن ئۆتكىنىنى كۆرگەن كىشىلەر بۇلارنى جانلىق قارىغاي ئورمىنىغا ئوخشاتتى. ھەقىقەتەن بۇلارنىڭ ھەربىرى بىر مەزمۇت قارىغايغا ئوخشايتتى.

قەبرىستانلىقتا كەلگەندە كەنتلىك بىر ياش مېيىت ساندۇقىنىڭ يېنىغا كېلىپ سۆز قىلدى:

—بىز يېزىنىڭ يايلاق ۋە ئورمانلىرىدىن سىزنىڭ قەبرە بېشىڭىزغا كەلدۇق. ئەمما دەپنە مۇراسىملىرىدا كۆتۈرۈش ئادەت قىلىنغان گۈلچەمبىرەكلەرنى ئەكەلمىدۇق. سۆيۈملۈك سومىمىزدا سىز قۇرغان باغنىڭ گۈللىرى سۈپىتىدە كەنتلىكلەر بىزنى بۇيەرگە ئەۋەتتى.

ئەي! مىللىتىمىزنىڭ بۈيۈك باغۋىنى، مەڭگۈلۈك ماكانىڭىزدا ئارام ئېلىڭ! بىز سىزنىڭ ياخشى ئىشلىرىڭىزنى ئەبەدىي ئۇنۇتمايمىز. سىز ھەقىقىي بىر خەلق دوختۇرى. يۈزمىڭلىغان دېھقانلارنى داۋالاپ ساقايتتىڭىز. مىللىتىمىزنىڭ تومۇرىدا ساپ ۋە پاكىز قان ماڭدۇردىڭىز. ۋەتىنىمىزگە قەھرىمانلارنى تەقدىم قىلدىڭىز. بىزگە ساغلام ھايات كەچۈرۈشنىڭ، ئىشلەشنىڭ لەززىتىنى تېتىتتىڭىز.

مىللەت سىزنىڭ ھەيكىلىڭىزنى تىكلەشنى ئارزۇ قىلىدۇ. سىز ھەقىقەتەن بۇنىڭغا لايىق. ئەمما سىزنىڭ ئەڭ گۈزەل ھەيكىلىڭىز مانا بىزلەر!.. بىزلەر يېڭى جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى. بىز ئۆزىمىز كەلگۈسى ھاياتىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى بولىمىز. مەيلى ئەر، مەيلى ئايال بولسۇن، ھەممىمىز ۋەتەن ئۈچۈن قانداق قانداق خىزمەت قىلىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان پەن زىيالىيلىرىنىڭ ھەيكەللىرىدۇرمىز.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتسە ئۆتسۇن، ساغلاملىقىغا ئېرىشكەن بۇ مىللەتنىڭ قەلبىدىكى ئەسلىمىلىرىڭىز تېخىمۇ روشەن، تېخىمۇ پارلاق بولىدۇ.

سىز نە سېسار، نە ناپالىئون ئىدىڭىز... ئەزەلدىن باشقىلارغا تەۋە بىر غېرىچ تۇپراقنىمۇ ئىگىللىمىدىڭىز . بىر تامچە قانمۇ ئېقىتمىدىڭىز. ئەمما ۋەتىنىمىزگە يۈز مىڭلىغان يېڭى، ساغلام، قۇۋۋەتلىك ۋە تىرىشچان قوللارنى ئېلىپ كەلدىڭىز.

مىللەتنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئۇلۇغ قەھرىماننىڭ شان - شەرىپى مەڭگۈ يۈكسەلسۇن!!!

ئادىل قاراخانلى (تۈركىيە)




# ئۆيغانغاندىن كېيىن

دىليار ئۇبۇلقاسىمنىڭ «ئۆيغانغاندىن كېيىن» سەرلەۋھىلىك رومانى 2011 - يىللاردىن باشلاپ تورلاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. ھەر جۈمە بىر باب چىقىدىغان بۇ رومان، ئەينى چاغدا مىليون قېتىمدىن ئارتۇق كۆرۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر تور ئەدەبىياتىدا ئەڭ ئالقىشلىق رومان بولۇپ قالغان ئىدى. مەن روماننى ئوقۇشقا باشلىغىنىمدا 2000 - يىللاردا ئىلىم سەپىرگە ئاتلانغان ياشلارنىڭ، مەندەك 1990 - يىللاردا ئوقۇغانلاردىن پەرقلىق تەپەككۇر قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدىم.

بىز ئوقۇغان كىتابلار، باشتىن كەچۈرگەن ۋەقەلەر، ئېرىشكەن ئىمكانلار پەرقلىق ئىدى. بولۇپمۇ 2000 - يىللاردا يېتىشكەن ياشلار تور دەۋرىگە ئۆلگۈرگەنلىكى ئۈچۈن، بولۇپمۇ خىتاي تېخى تورلارنى قانداق تىزگىنلەشنى بىلمىگەن چاغلاردا، دۇنياغا تور ئارقىلىق تۇتاشقانلىقى ئۈچۈن بىزدىن كۆپ بىلەتتى، كۆپ كېزەتتى، كۆپ تەجرىبىلەرگە ساھىب ئىدى.

بىز ئوقۇغان كىتابلاردا قۇسۇرسىز قەھرىمانلار بار ئىدى. ئۇلار نۇقسانسىز بولۇشى كېرەك بولۇپ، ئىنسانىي خۇسۇسىيەتلەردىن خالىي ئىدى. ئۇلار يا كوممۇنىستىك، يا ئىسلامى ۋە ياكى ئىنتېرناتسىيونالىزملىق روھقا ئىگە ئېۋەنسىز ئۆلگىلەر ئىدى. بىز ئۆلگە ئالغان قەھرىمانلىق داستانلىرى 60 - يىللاردا يېتىشىپ چىققان ئۇيغۇر يازغۇچىلارنىڭ رومانلىرى ئىدى. بىزنىڭ قەھرىمانىمىز غايىسىدىكى ئەخلاققا رىئايە قىلىپ، كۆپىنچە ئادەمگە، بولۇپمۇ نۇقسانلىق كىشىلەرگە ماس كەلمەيدىغان دۇنيادا غايىسى ئۈچۈنلا ياشايتتى ۋە شۇنداق ياشاشنى ئۆگىتەتتى. ئۇلارنىڭ بىزگە ئۆگەتكىنى ئۇيغۇرنىڭ غايىۋى مەنزىلى، قەھرىماننىڭ ئازماس نىشانى، دوستلارنىڭ ئۆزگەرمەس ساداقىتى، رەقىبلەرنىڭ ئۆزگەرمەس رەزىللىكى، ئۆچمەس خۇنۈكلۈكى بولاتتى.

بىز دۇنيانى سوتسىيالىستىك - كاپىتالىستىك، ئىنقىلابى - ئەكسىل ئىنقىلابى، ئەزگۈچى - ئېزىلگۈچى، ئىسلامى ياكى كۇفرانى دەپ ئىككى كاتېگورىيىگە ئايرىپ چۈشەندۈرىدىغان مۇھىتتا ئۆسۈپ - يېتىلگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئوقۇغان ئەسەرلىرىمىزدىنمۇ ئاشۇنداق بىر - بىرىگە زىت خاراكتېرلارنى ئىزدەيتتۇق ۋە بىرىدىن ئۆلگە ئالساق، يەنە بىرىدىن نەپرەتلىنەتتۇق. بىز كىتابلاردىكى قەھرىمانلارنى قۇسۇرسىز دەپ قارايتتۇق، ئىنساننىڭ كەمچىلىكى بىلەنمۇ قەھرىمان بولىدىغانلىقىنى رەت قىلاتتۇق. شۇڭا بىز قۇسۇرسىز قەھرىمان بولۇشقا ئىنتىلىپ، قۇسۇرلىرىمىزنى يوشۇرۇش ئۈچۈن رېئاللىقىمىزغا تۇرلۇك بوياقلار بىلەن رەڭ بېرەتتۇق. بىزگە يۇققان بۇ ساختا قەھرىمانلىق، غايىپەرەستلىك ۋە ئىلمىيسىزلىك ئۇيغۇرنىڭ رېئاللىقىنى تونۇيدىغان كۆزىمىزنى يىللارچە پەردىلەپ قويغان ئىدى.

مەن دىليارنىڭ رومانىدىن، قەھرىمانلارنىڭ بىز بۇرۇنقى رومانلاردا كۆپ ئۇچراتمىغان تەرەپلىرى بارلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ رومانىدا قەھرىماننىڭ مۇكەممەل ياساپ چىقىلغان ساختا ئوبرازىنى ئەمەس، چىن ئىنسانىي ئاجىزلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ ياراتقان قەھرىمانى كىشىلەرگە قۇسۇرسىز ياشاشنى ئەمەس،

ئۆزىنىڭ قوشۇرلۇق ئىنسان ئىكەنلىكىنى قەھرىمانلارچە ئېتىراپ قىلىشىنى ئۆگىنەتتى. ھەمدە ئوقۇرمەنلەرگە قوشۇرلاردىن قانداق غالىب كېلىش ھەققىدە سۆرگەن خىياللىرى ۋە قىلغان تەدبىرلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى.

مەن دىليارنىڭ رومانىدىن 2000 - يىللاردىكى ياشلارنىڭ روھىيەت سەپىرىگە ھەمراھ بولدۇم. ئۇلارنىڭ مۇھەببەت، تىجارەت ۋە مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن قانداق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىگە شاھىت بولدۇم. ئۇلار مەندەك 1990 - يىللاردا ئوقۇغان ئۇيغۇر ياشلار دۇچ كەلمىگەن كىرىزىسلارغا ئۇچرىغان، مىللەت رىئاللىقتا يولۇققان نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ پەرقلىق يۈزى بىلەن ئۇچراشقان ئىكەن. ئۇلار دۇنياۋى سەۋىيەدىكى شىركەت قۇرۇشقا تىرىشقان ئىكەن. ئۇلار تور ۋاستىسى ئارقىلىق بىز ئۇچراشمىغان تارىخى ھۆججەتلەر بىلەن ئۇچراشقان ئىكەن. ئۇلار ئۇيغۇردا قوزغالغان دىنىي ئويغىنىشنىڭ پەرقلىق ساھەلىرىدە پەرۋاز قىلغان ئىكەن.

مەن دىليارنىڭ رومانىدىن بەختلىك ھايات ئىزدىگەن ياشلارنىڭ قىيىنچىلىققا قانداق بوغۇلغانلىقىغا، قانداق چۈشكۈنلەشكەنلىكىگە، مۈشكۈلاتلارنى قانداق يېڭىپ چىققانلىقىغا شاھىت بولدۇم. ئۇنىڭ ئۇرۇمچىدىكى خەلقئارالىق شىركەت قۇرۇشقا قاتناشقان كەچمىشى ھەققەت ئىدى. ئۇنىڭ ختاي شەھەرلىرىدە سەرسان بولغانلىرىمۇ، تۇڭگان مولىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغىنىمۇ، ياشلارنىڭ تۇرلۇك پىكىر - ئېقىملىرىغا باشچىلاپ كىرىپ چىققىنىمۇ ماڭا ئايدىڭ بولغاچقا، ئۇنىڭ شۇ كەچمىشلەردىن نېمىلەرنى ھېس قىلغانلىقى ماڭا بىر سىر ئىدى. رومانىدىن بۇ سىرنىڭ يىپ ئۇچلىرى تېپىلغاندەك بولدى.

دىليار بۇ رومانىدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يېقىن ۋە بۈگۈنكى تارىخىنى، بۇ دىياردا ئوينالغان سىياسىي ئويۇنلارنى، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى، دىنى ئەھۋالىنى، بىر كىشىلىك بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىلار، ئۇلۇغۋار غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىلارنىڭ چۈشەنچە، دۇنيا قاراشلىرىنى بىر ياش يىگىتنىڭ مۇھەببىتى، بىر كىشىلىك بەختىنى تېپىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى چۆرىدەپ تۇرۇپ بايان قىلغان.

دىليارنىڭ نەدە، نېمە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ، قانداق كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن. ئۇ يازغان رومانىدىكى جەسۇر يىگىت - قىزلارنىڭ ھاياتلىرى ھازىر قايسى ھالەتتە؟ ئۇنى تېخىمۇ بىلمەيمەن. ئەمما رومانىدا ئۇلار بىر ئىنساندەك ياشاش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان ھەرقانداق ئىشلارنى سىنىغان دېيەلەيمەن. ئۇلارغا شۇ تەجرىبىنىڭ، ئەقلىنىڭ ۋە جاسارەتنىڭ مۇشۇ قاباھەتلىك كۈنلەردە ئۇلارغا ھەمراھ بولۇشىنى تىلەيمەن.

دىليارنىڭ ھاياتىمۇ يېزىلمىغان بىر رومان ئىدى. دىليار شۇ رومانىدىكى جەسۇر ياشلارنىڭ سەرخىلى، شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياشىيالىغانلارنىڭ بىرى، ياشاشنى تالىغانلارنىڭ ئاخىرقىسى ئىدى. دىليار رومانىدىكى «مەن» دېيىلگەن پېرسوناژلاردەك ياشىغان ئىدى. ئۇ «قانۇنى يول» دېگەن نامدا بىر يېڭىلىقنىڭ ئىجادكارى بولغان، ئانا تىل كارۋىنىنىڭ باشلامچىسى بولغان ئىدى.

مەن بىز باشلىغان «ئانا تىل ھەرىكىتى»دە دىليارنىڭ يولباشچى بولغانلىقىنى دائىم تەكىتلەپ كەلدىم. ئەمما شۇنچە تەكىتلىسەممۇ، مەندەك نەزەرىيەچى، پىلانچى ۋە خىيالچى بىرى بۇ ھەرىكەتنىڭ باشچىسى ئاتىلىپ قېلىۋەردىم، بۇنى ھەر قانچە تەكرارلىساممۇ، ھەر قېتىم مۇخبىرلار، يازغۇچىلار ۋە تەتقىقاتچىلارغا ئانا تىل ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى دىليار ئىدى، دەپ ئۇرغۇلىساممۇ يەنە ئاڭلانماي كەلدى. مۇشۇ بېغىشلىما ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرگە ھەققىي باشچىنىڭ كىملىكىنى دەۋالغىنىمغا مەمنۇنمەن. شۇنداقلا دوستۇم دىليارغا سېغىنىشىم، ھۆرمىتىم ۋە ئىپتىخارىمنى بىلدۈرىمەن.

مەزكۇر ئەسەر 2011 - يىلىدىن باشلاپ ۋەتەندە قەلەمگە ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار تىلغا ئېلىنىش، ئاڭلاشنى خالىمايدىغان سۆز - ئىبارىلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال، بۇ سەۋەبتىن قەدىرلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەسەر گەرچە بابلارغا ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاپتور تەرىپىدىن ھەر بابقا ئايرىم ئىسىم قويۇلمىغان. بىزمۇ ئەسەرنىڭ ئەسلىگە سادىق بولۇپ، ئەسەرنى ئۆز پېتى نەشر قىلدۇردۇق.

2019 - يىلى 25 - دېكابىر (نورۋېگىيە)

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

ئارزۇ قىلىش بىلەن مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى




# پەرزەنتلىرىمىزگە سوۋغات: «تۆتقۇلاق» بالىلار ژۇرنىلى

بۇ ژۇرنالدا «تارىم غۇنچىلىرى»نىڭ ھىدى بار؛ چەت ئەللەردە چوڭ بولۇۋاتقان ئۇيغۇر بالىلىرىمىزنىڭ ئۈمىدلىرىمىزگە ئۈمىد قوشقان ئەسەرلىرى بار؛ مەدەنىيىتىمىز، ئەجدادلىرىمىز، ئالىملىرىمىز ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ تاغ - دەريالىرى تونۇشتۇرۇلغان سەھىپىلەر بار... «تۆتقۇلاق» ۋەتەندە ماڭدامدا بىر ئۇچرايدىغان، ھازىر تۇتىيا بولۇپ كەتكەن قىممەتلىك ھەدىيەلىرى بىلەن پەسلىدە بىر كېلىدۇ، كەلگۈسىنىڭ ئۇيغۇر تىللىق يازغۇچى، شائىر، ئالىم... لىرىنى باشلاپ كېلىدۇ.

2019 - يىلى باھاردا ۋۇجۇدقا چىققان «تۆتقۇلاق بالىلار ژۇرنىلى» پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال بولۇپ، «ئايخان مائارىپى»نىڭ مەسئۇللۇقىدا ئىشلىنىپ، ھازىرغىچە جەمئىي تۆت سان ژۇرنال «ئەۋلاد نەشرىياتى» تەرىپىدىن رەسمىي نەشر قىلىندى. بەشىنچى، ئالتىنچى سانلىرى نەشرگە تەييارلانماقتا. ژۇرنالدا بالىلارنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە بالىلار ئەدەبىياتىغا تەۋە ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىش ئارقىلىق، ئېكرانلارغا بەند بولغان ئۇماق ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىنىڭ چۆچەكلەردىكىدەك سېھىرلىك ، تەبىئەتتەك يېقىشلىق بەتلىرىگە تارتىپ كېلىپ، كىچىك ئاپتورلارنىڭ چۈچۈك تىللىرى بىلەن سۆزلىگەن ئۆز يېشى ۋە تۇيغۇلىرىغا خاس دۇنياسىغا باشلاپ كىرىشنى، ۋەتەن سىرتىدا ئانا تىلنى ئۆگىنىۋاتقان بالىلارغا ئۆز ئۆگەنگەنلىرىنى نامايان قىلىدىغان بىر سەھنە يارىتىپ بېرىشنى ۋە ۋەتىنىنى تونۇتۇپ ۋەتەن سۆيگۈسى يېتىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

## ژۇرنال سەھىپىلىرى:

- جىق گەپلىرىم بار مېنىڭ: نەسرىي ئەسەرلەر
- ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى: تەبىئىي پەنگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ۋە ئالىملىرىمىز
- بىزنىڭ ناخشىمىز: شېئىرىي ئەسەرلەر
- ئون بارمىقىم ئون تال گۈل: گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى
- يېرىلىك، تاش: ئەجدادلار، ۋەتەنىنىڭ تاغ - دەريالىرى
- ئويناپدىغان بالىمەن: ئۇيغۇر بالىلار ئويۇنلىرى، تېپىشماقلار
- ئانا تىلىم – باي تىلىم: يېڭى سۆزلەر

بىر تىلنىڭ يوقالماسلىقىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئۆگىنىپ قوللىنىشى، بىز تىلىمىزنى «ئۇيغۇر تىلى يوقالمايدۇ» دەپ جار سېلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى بالىلىرىمىزغا تۈجۈپىلەپ يەتكۈزۈش بىلەن ساقلاپ قالالايمىز. بۇ ژۇرنال دەل مۇشۇ يولدىكى ئىجتىھاتلارنىڭ بىرىدۇر.

خەندان (تۈركىيە)




## «شەپەق» ئوقۇغۇچىلار ژۇرنىلى نەشر قىلىندى

«شەپەق» ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى سانى 2020 - يىلى مايدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، پەسىللىك ئوقۇغۇچىلار ئۇنىۋېرسال ژۇرنىلىدۇر.

قۇياشنىڭ تۇغۇلۇشىنى ئەسلىتىدىغان «شەپەق» سۆزىنى ئۆزىمىزگە ئىسىم تاللاپ قويدۇق. بۇ – يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر گۈللىنىشىنىڭ بىر يورۇش نۇقتىسى بولۇشىنى كۈتكىنىمىزدىندۇر. ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۇيغۇرلۇق كىملىكىمىز بىلەن مۇناسىۋىتىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىش بۇ نىشانىنىڭ ئالدىدا كېلەتتى. بۇگۈنكىدەك ئالاھىدە بىر مۇھىتتا، چەتئەلدە، يات تىلدا ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان بىز ئوقۇغۇچىلار – ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ، مەدەنىيىتىنىڭ كەلگۈسىنى بەلگىلەيمىز. تىلىمىزنى قوغداپ قىلىش، مىللىتىمىزنىڭ بىلىم زاپىسىغا توغرا بولغان ئىلمىي مېتودتىكى كەسپىي بىلىملەرنى قوشۇش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز. مۇھاجىرەتتە دۇچ كېلىۋاتقان نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر– خىتاي مائارىپىنىڭ، جەمئىيىتىنىڭ بىزنى ئۆلچەملىك ئىلمىي مېتودلاردىن يوقسۇن تەربىيەلەپ، خاتا ۋە يېتەرسىز پىكىرلەرنى مېڭىمىزگە قاچىلىۋالغانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ سەۋەب بىلەن ئەڭ باشتىن باشلاپ ھەر بىر كەسپنىڭ ئىلمىي مېتودلىرى، توغرا تەھلىل ئۇسلۇبى ۋە باشلانغۇچ بىلىملىرىنى ئورتاقلىششنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ ژۇرنالنى پىلانلىدۇق ۋە ئۇستازلارنىڭ ياردىمى بىلەن رويابقا چىقتى.

ژۇرنىلىمىز – ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسپىي بىلىملىرىنى ئانا تىلدا ئىپادىلەپ تۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇش ئارقىلىق، بۇ ۋەزىپىگە كۈچ قېتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھەر دەۋردىكى ھەل قىلغۇچ ئىنقىلابلار، ئىسلاھاتلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن. بۈگۈنكى بېشىمىزدىكى بۇ مۇسىبەتمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈچى بىلەن يوقىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل. ئوقۇغۇچىلار توغرا سوئالنى سورىيالايدىغان كىشىلەر. توغرا سوئالنى سورىيالىغان كىشىلەرگە توغرا چارە ھامان تېپىلىدۇ.

ژۇرنىلىمىز: ئىلمىي ماقالىلەر، تەرجىمە ئەسەرلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر، مېنىڭ كەسپىم، تاققا-تۇققا قاتارلىق سەھىپىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، «ئىلمىي ماقالىلەر» سەھىپىسىگە ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆز كەسپىگە ئائىت مەلۇم بىر تېمىنى ئاكادېمىك يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىدا يېزىپ ئەۋەتىشى شەرت قىلىنىدۇ. «تەرجىمە ئەسەرلەر» سەھىپىسىدە بولسا ئوقۇغۇچىلارنىڭ خالىغان تېمىدىن تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرى شەرت قىلىنىدۇ. «ئەدەبىي ئەسەرلەر» سەھىپىسىدە ئۆز ئىجادىيىتىدىن شېئىر، نەسىر، ھېكايە قاتارلىق ژانىرلاردىن ئەسەر قوبۇل قىلىنىدۇ. «مېنىڭ كەسپىم» سەھىپىسىدە، ھەر قايسى كەسپلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى، ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى، كىملەرگە ماس كېلىدىغىنى، كەسىپ بىلەن نېمىلەرنى قىلالايدىغانلىقىنى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەسىپ تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرى شەرت قىلىنىدۇ. كەسىپ تاللىماقچى بولۇۋاتقان ئىنى-سىڭىللىرىمىز ياكى ئىككىنچى كەسىپ ئوقۇشنى ئويلاپ تاللاشتا ئىككىلىنىۋاتقان دوستلىرىمىز ئۈچۈن ئۇچۇر تەمىنلەش ۋە يەنە كەسپلەرگە نىسبەتەن كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ.

«تاققا-تۇققا» سەھىپىمىزگە بولسا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزى ئويلىغان، باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىشنى خالىغان كۆڭۈل سۆزلىرى، قىيىنچىلىقلىرى، ئارتۇقچىلىقلىرى قاتارلىق چەكلىمىسىز تېمىلاردا يازغانلىرىنى ئەۋەتسە بولىدۇ. بۇ سەھىپىدىن كۆزلىگەن نىشانىمىز ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇھاجىرەتتىكى ياشلار ئۈچۈن ئۆز-ئارا پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان بىر سورۇن شەكىللەندۈرۈش.

كېيىنكى سانلاردا باسما نۇسخىسىنى ھەقسىز تارقىتىپ، ئېلېكتىرونلۇق نۇسخىسىنى ئەپ شەكلىدە ھازىرلاش ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېرىشىشىنى قولايلاشتۇرۇشنى پىلانلاۋاتىمىز.

ھەر قايسى كەسپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەسلەپكى مېتود بىلىملىرىنى يېزىشىنى ۋە بۇ ئارقىلىق سېپىمىزغا كۈچ قېتىشىنى سورايمىز!

ھۆرمەت بىلەن «شەپەق» ژۇرنىلى ھەيئىتى

«شەپەق» ژۇرنىلىنىڭ تور ئادرېسلىرى:

Facebook, Twitter, Instagram: @شەپەق ژۇرنىلى

Email: shepequyghur@gmail.com

## ھەر ئىش ئوقۇش دەۋرىدە باشلىنىدۇ

ئوقۇش دەۋرىدە باشلانغان ئىش ئوقۇشتىن كېيىن راۋاج تېپىپ گۈللىنىدۇ. چۈنكى بۇ دەۋر، ئىنسانىنىڭ زېھنى ئوچۇق، تەن سالامەتلىكى جايىدا، ھاياجىنى ئۇرغۇپ تۇرغان، ۋاقتى تامامەن ئۆزىنىڭ ئىلكىدە بىر دەۋردۇر. شۇڭا دۆلەتلەرنىڭ ئاساسى بولغان تەشكىلات-پارتىيەلەرمۇ مەكتەپتە بىخلىنىدۇ. ھاياتىمىزدىكى ئىنقىلاپمۇ مەكتەپتە باشلىنىدۇ. بۇ بىر رىئالىق... ئەمما بىز ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمىزنى پەقەت ئوقۇشقىلا بېغىشلاش، ئوقۇشتىن باشقا ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق. دېگەندەك ھەر خىل باھانە-سەۋەبلەر تۈپەيلى چەتئەلدىكى ئوقۇغۇچىلار قوشۇنىمىز يىللارچە ئۆزىنى تەشكىللىيەلمىدى. نەتىجىدە تالانتىنى جارى قىلدۇرۇشقا، بىلگەنلىرىنى خەلقى بىلەن ئورتاقلىشىشقا پېتىنالمىدى ياكى ئۈرۈنمىدى. 2018-يىلى باشلانغان قاباھەتلىك كۈنلەر بىزنى سەگىتكەنگە قەدەر كۆپچىلىكنىڭ ھالى مانا مۇشۇنداق داۋام قىلغان ئىدى.

مانا ئەمدى قېرىنداشلىرىڭىز سەھنە ھازىرلاپتۇ، بىلگىنىڭىزنى، ئۆگەنگەنلىرىڭىزنى، ئويلىغانلىرىڭىزنى ئۆز تىلىڭىز بىلەن ئىپادىلەپ، تىلىڭىزنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشقا، خەلقىڭىزگە بىلىمىڭىزنى ئۇدۇللۇق يەتكۈزۈپ كەلگۈسىنىڭ ئۇلىنى سېلىشقا، ھازىردىن خەلقىڭىزنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كىرىشكە سەھنە ھازىرلاپتۇ. مانا زۇلمەتلىك تۈندىن كېيىنكى نۇرنىڭ بىشارەتچىسى «شەپەق» سىزنى، بىزنى ھەممىمىزنى كۈتۈۋېتىپتۇ! قول-قولچە قوللايلى، يازايلى، يايايلى! ئوقۇغۇچىلار قەلىمىدىن تۆكۈلگەن گۆھەرلەر بىلەن بۇ شەپەقنى نۇرغا ئايلاندۇرايلى.

-دوكتور ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

## «شەپەق» ژۇرنىلىغا بېغىشلىما

«ئەزىز ئانا ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي مەۋجۇدىيىتىمىزنى زۇلمەت قاپلاپ كەتكەن بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە، مۇھاجىرەتتىكى ئوقۇغۇچى پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئىلمىي تالانت ۋە قابىلىيەتلىرىنى ئانا تىلىدا جارى قىلدۇرۇش يولىدىكى يېڭى قەدىمى «شەپەق» ژۇرنىلى، بىز ئۈچۈن تاڭ شەپىقى بولۇپ قالغۇسى!»

-دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ

# تاھىر ھامۇت ئىزگىلنىڭ ياپونچە تۈنجى تەرجىمە ئەسرى «ئىلاھى مۇراسىم» نەشر قىلىندى

تەرجىمان مۇقەددەس نۇر، تەھرىر ياپونىيە شائىرى سۈگىتانى ئەپەندىم. كومىياكىشىيا نەشرىياتى 2020 - يىلى 5 - ئاي بىرىنچى نەشر بىرىنچى باسما.

توپلامغا تاھىرنىڭ 70 پارچە شېئىرى ياپونچىغا تەرجىمە قىلىپ بېرىلگەن. كىتاب قاتتىق مۇقاۋىلىق جەمى 261 بەتلىك قىلىپ ناھايىتى كۆركەم نەشر قىلىنغان. شۇنداقلا ئۇيغۇر زېمىنىنىڭ قارا تۇپرىقىنىڭ پۇرىقى گۈپۈلدەپ تۇرىدىغان كۈچلۈك ۋە مېھرىبان چوڭقۇر شېئىرلار دەپ بېغىشلىما يېزىلغان. تاھىرنىڭ شېئىرلار توپلىمىنىڭ ياپونچە نەشرى ياپونىيەدىكى ئاتالمىش ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتى ختاي گوڭگا شېئىرىيىتىنىڭ مەسئۇلى دېگەن ئاساسسىز سەپسەتىگە يەنە بىر قېتىم كۈچلۈك زەربە بېرىپ ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سېھرى كۈچىنى ياپونىيەگە نامايان قىلغۇسى!

تۆۋەندە شائىرنىڭ «ئۈرۈمچى» ناملىق شېئىرى ياپونچە تەرجىمىسى بىلەن بىرلىكتە بېرىلدى.


## ئۈرۈمچى

بىر شەھەر،
ئۆلۈك مۇزلار ئىچىدە
ئېلىپ كەتكەن قەدرىنى ئۇنىڭ
ئۇزاق زامانلاردىن قالغان سوغ شامال.
چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن
يۇلتۇزلارنىڭ سۇدىكى ئەكسى؛
يەر تېگىدىن ھور چىققان يەردە
ئېسەدەشنى كۆردۈم كۈندۈزى.

بىر شەھەر —
تەكرار سۆزلەنگەن قالايمىقان بىر ھېكايە،
لېكىن، بۇ ھېكايىنىڭ ئىچىدە مەن يوق.
ھەتتا ئۇزۇن يىل بۇرۇنقى ئاپتاپلىق كۈنى،
مۇھەببەتتىن قورققان پېتى
بۇ شەھەردىن يوقاپ كەتكەن كېسەلمەن بىر قىز،
چۈشەنگىلى زادى ئۇنىماي
«سىزنى سۆيىمەن!» دېگەن ئۇيغۇرچە گەپنى.

بىر شەھەر،
ماڭا ئوخشاش ھارغىنلىق يەتكەن؛
بىر شەھەر،
باھار ۋە كۈزنى تەرك ئەتكەن؛
بىر شەھەر،
تۇمان ئىچىدە يىراقلاپ كەتكەن.

2007 - يىلى مارت، ئۈرۈمچى




◆ウルムチ◆

町は
死せる氷の中
古の凍てつく風が
尊厳を吹き飛ばしていた
水面に映った星影が
ずぶ濡れになった
地面から蒸気が立ち昇っている場所で
真昼の一時　私は啜り泣きを耳にした

町は
繰り返される乱れた物語
主人公になれない私
幾年も前の太陽の光が煌めく夏の日
愛への恐怖を抱いた病んだ娘が
愛しているというウイグル語が分からぬまま
町から立ち去った

町は
疲れ切っていた　私のように
春と秋を拒んだ
霧の中で遠のいていった

مۇقەددەس نۇر (ياپونىيە)




دوپپا بازىرى



ئۇيغۇر پىچاقلىرى



غوُلجا يولى



جامبوُلاق (بوُغدا تيغى باغرىغا جايلاشاقان گوُچوُك ناهيەسى تەۋەسىدە)